


مۇھاجىرەتتىكى

ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن

دەرسلىك

# ئۇيغۇر تىلى

1 ـ قىسىم

تۈركىيە

1 . 2016

## ياشنىسۇن ئۇيغۇر تىلى

(مۇخەممەس)

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

بىل شۇنى، ئۇيغۇر ئۈچۈن پۈتمەس گۆھەر ئۇيغۇر تىلى،
مەڭگۈ پاتماس زەر قۇياش، نۇرلۇق قەمەر ئۇيغۇر تىلى،
بىپايان تىل كۆكىدە چولپان، ئۈكەر ئۇيغۇر تىلى،
مەنىلەرگە باي، تېرەندۇر شۇ قەدەر ئۇيغۇر تىلى،
بولدى تارىختىن بېرى بىزگە پەدەر ئۇيغۇر تىلى.

ئانا تىل ھەردەم قەۋم ـ مىللەت ئۈچۈن روھ تۆۋرۈگى،
ئانا تىل پەن ـ مەرىپەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈگى،
ئانا تىل چوڭ ـ كىچىكنىڭ يۈرىكى، تاغ ـ يۆلىگى،
ئانا تىل ۋاستە ـ قۇرال ئالاقىدە، قەلب ئەينىگى،
بىزنى قۇچتۇرغان جىمى ئىشتا زەپەر ئۇيغۇر تىلى.

پەنگە ئاشىق ـ بىقارار قىلدى مېنى دىلبەر تىلىم،
تارتتى رايىمنى ئۆزىگە ھەر قاچان ئەنبەر تىلىم.
ئەلگە دىل رىشتىمنى چاتتى بال ـ شېكەر، كەۋسەر تىلىم،
بولدى ئەل دۈشمەنلىرىگە تىغ ـ تەبەر، نەشتەر تىلىم،
ھەممىمىزنى قىلدى دائىم بەھرىۋەر ئۇيغۇر تىلى.

ئانا بىلەن كىردى ئېغىزغا، تىل ـ زۇۋانغا مەڭگۈ تەم،
قىلدى تىل ئاقىل، نادانلارغا بېرىپ ئىدراكۇ ـ پەم،
تىل چېچىلغاننى يىغىپ قىلدى ھامان بىر يەرگە جەم
تىل بىمار، ئاجىز ـ ئورۇقىقا ئەم ـ داۋا، ئاچلارغا يەم
خاسىيەتلىك تىل تۇمار، قالقان ـ سىپەر ئۇيغۇر تىلى.

يۈرىگىمگە كەلدى سۆزلەپ مۇشۇ تىلدا جان بوۋام،
مەن ئىجات ئەتتىم مۇشۇ تىلدا، قىلىپ پەرۋاز داۋام،
مۇشۇ تىلدا سايرىدى بۇلبۇل كەبى ھەقدار بالام،
مۇشۇ تىل بەردى چىدام، مەردلىك، ۋاپادارلىق مۇدام،
قان قېرىنداشلارغا رىشتە، جانجىگەر ئۇيغۇر تىلى.

سۇ بىرىپ ياشناتتى بىزنى ئانا تىل ـ ئالتۇن بۇلاق،
ئۆ ـ چىراق، پەرۋانە بىز، ھەرگىزمۇ كەتمەيمىز يىراق،
ئانا تىل يىلتىز، ئورۇق ئالغۇچى بىز ـ نوتا ـ ئۇلاق،
ئانا تىلدا دەرس ئېلىپ، تاپتۇق ئەقىل، سەمرىپ قۇلاق،
بىزگە پۈتمەس كان، خەزىنە شام ـ سەھەر ئۇيغۇر تىلى.

قويدى تاڭ دۇنيانى شۇ تىلدا قىلىپ بۇلبۇل ناۋا،
تاپتى شۇ تىلدا پۈتۈلگەن كۈي ـ غەزەل يۈكسەك باھا،
ھەر تەرەپتىن ياغدى ئالقىش ـ مىڭ ياشا! دېگەن سادا،
مۇشۇ تىل شۆھرەتكە نائىل ئەيلىدى، سالدۇق ساما،
ئېپتىخارغا يۈركىدى ئۇيغۇرنى زەر ئۇيغۇر تىلى.

شاھ مۇقامنى مۇشۇ تىلدا ئاڭلىدى ئەھلى جاھان،
مۇشۇ تىل دىللارنى دىلغا ئۇلىغان رىشتە ھامان،
مۇشۇ تىل بىرلە يۇسۇپ، ھەزرەت ناۋائىي تاپتى شان،
مۇشۇ تىلغا جان بىرىپ مەھمۇد بوۋام تۈزدى دىۋان،
مەڭگۈ ئەنگۈشتەر، يېزىشتا شاھ ئەسەر ئۇيغۇر تىلى.

مۇشۇ تىل بىزگە جاھاندا تەڭدىشى يوق، بىباھا،
مۇشۇ تىل بىرلە بىلىپ يەتتۇق نېمە توغرا، خاتا،
مۇشۇ تىل مەڭگۈ قەدىردان، مېھرى ئاتەش جان ئانا،
مۇشۇ تىلنىڭ شۆھرىتىنى قىل ھىمات، جاننى ئاتا،
پىر بولۇپ بىزگە ئۆگەتتى كەسىپ ـ ھۈنەر ئۇيغۇر تىلى.

ئانا تىل قالغان ئانامنىڭ ئانىسىدىن يادىگار،
ئانا تىلغا يۇغۇرۇلغان چىن غۇرۇر ۋە ئېپتىخار،
ئانا تىلنى ئاڭلىسام جۇتنى سېزەرمەن گۈلباھار،
ئانا تىل بار ـ ئەلمۇ بار، ھېكمەت، مۇھەببەت ... ھەممە بار،
بىزگە ئاش ـ ناندەك زۆرۈردۇر، ھەمسەپەر ئۇيغۇر تىلى.

بولغۇسى قەدرىم پاخال ـ خەس، بولمىسا گەر ئۆز تىلىم،
ئۆز تىلىم بار، ئاي، قۇياشتەك تۇرىدۇ پارلاپ دىلىم،
بارمۇ مەندەك باي جاھاندا، ئۆتتى شاد ھەر ئاي، يىلىم،
ئۆز تىلىمدا بۇ ھايات دەرياسىدىن سۈزدۇم بىلىم،
ماڭا ئۇستاز، رەھنەما چىن ئىچ كۆيەر، ئۇيغۇر تىلى.

خىسلىتى يازغانغا پۈتمەس، تىل ھايات، بىزمۇ ھايات،
مۇشۇ تىل بەركاتىدىن تاپتۇق روناق، ئەل ـ يۇرت ئاۋات،
كۈنسېرى ئۆرلەشكە بولدى مۇشۇ تىل تالماس قانات،
مەن بۇڭا دىل بەرگىنىمچۇن، ئارمىنىم بىخ ياردى شاد،
ئۆتتى مەيلىمنى، بېرىپ دىل، ھۆددىگەر ئۇيغۇر تىلى.

تىزگىنىن چىڭ تۇت ۋاقىت تۇلپارىنىڭ، باش قاشلىما،
بولسا بىل كۆپ تىل، ئەقىل، كۈچ تاپ ھامان، يانپاشلىما،
بۇ قۇرالدىن پايدىلان ياخشى، كېيىن كۆز ياشلىما،
شاھ بولۇپ كەتسەڭمۇ، ئەمما ئۆز تىلىڭنى تاشلىما،
قىلغىنى بىزنى مۇزەپپەر، مۆتىۋەر ئۇيغۇر تىلى.

ھەر كىشى كۆپ زوق ئالار سۆز سۆزلىسە ئۆز تىلىدا،
شۇڭا مەن ئانا تىلىمغا قىلمەن چىن ئىقتىدا،
ئانا تىلسىز گال، كېكەچ مەن، بولمەن جاندىن جۇدا،
چىن يۈرەكتىن ئەيلىدى ئابدۇرېھىم مۇنداق نىدا:
سۆيىدە ئاق، ئۇتىدا كۆي , گۆھەردۇر ئۇيغۇر تىلى!

مۇھاجىرەتتىكى
ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن
دەرسلىك

# ئۇيغۇر تىلى

1 ـ قىسىم

تۈركىيە
1 . 2016

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

# فونېتىكا

# ۋە

# مورفولوگىيە

www.uyghurkitap.com


نەشرگە تەييارلىغۇچى:

ئابدۇلقۇددۇس ھافىز

كومپيۇتېرغا ئالغۇچى:

ماھىرە

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى:

ئابدۇلقۇددۇس ھافىز

باستۇرغۇچى ئورۇن :

دارۇل ئىمان مەكتىۋى ھەيئىتى

باسقۇچى ئورۇن:

بىلگىيار كۆپەيتىش مەركىزى

تۈركىيە

2016 ـ يىلى 1 ـ ئاي

(1 ـ نەشرى)

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باپ ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە قىسقىچە بايان


1 ـ §. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى........................1
2 ـ §. ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەزمۇنى ۋە ۋەزىپىسى..............................1
3 ـ §. ئەدەبىي تىل ۋە دىئالېكت...........................................2


## ئىككىنچى باپ فونېتىكا


1 ـ §. فونېتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە..................................3
2 ـ §. فونېما.................................................................3
3 ـ §. تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى ۋە تاۋۇشلارنىڭ خاراكتېرى....................4
4 ـ §. سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار ھەم ئۇلارنىڭ تۈرلىرى........................4
5 ـ §. بوغۇم توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە.....................................6
1. بوغۇم....................................................................6
2. بوغۇمنىڭ تۈرلىرى.......................................................7
3. بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى ۋە ئايرىش بەلگىسى..............................8
6 ـ §. ئۇرغۇ ۋە ئۇنىڭ رولى...................................................9


## ئۈچىنچى باپ تاۋۇشلار


1 ـ §. تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى...............................................9
2 ـ §. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى.............................10
1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقى....................10
2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقى....................11
3. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى.........................................11
3 ـ §. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى.............................12
4 ـ §. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى..........................................13
5 ـ §. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى..........................13


## تۆتىنچى باپ يېزىق


1 ـ §. يېزىق توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە....................................14
2 ـ §. ئۇيغۇرلار قوللانغان يېزىقلار...........................................15


## بەشىنچى باپ لېكسىكا


1 ـ §. لېكسىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە.....................................16
2 ـ §. لۇغەت فوندى ۋە لۇغەت تەركىۋى........................................16
3 ـ §. سۆز ۋە ئۇنىڭ مەنىسى..................................................17
4 ـ §. بىر مەنىلىك ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر...................................18
5 ـ §. شەكىلداش سۆزلەر......................................................19

www.uyghurkitap.com


6 ـ §. مەنداش سۆزلەر........ 20
7 ـ §. قارىمۇ ـ قارشى مەنىلىك سۆزلەر........ 21
8 ـ §. سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى........ 22
9 ـ §. كونىرىغان سۆزلەر ۋە يېڭى سۆزلەر........ 22
10 ـ §. يېڭى سۆز ياساش ۋە سۆز قوبۇل قىلىش........ 23
11 ـ §. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى........ 23


## ئالتىنچى باپ گرامماتىكا


1 ـ §. گرامماتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە........ 25
2 ـ §. تۈپ سۆز ۋە قوشۇمچە........ 25
3 ـ §. قوشۇمچە ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى........ 26
1. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار........ 26
2. سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار........ 26
4 ـ §. قوشۇمچىلارنىڭ ئىملاسى........ 27
5 ـ §. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى........ 27
1. ئاددىي سۆزلەر........ 28
2. قوشما سۆزلەر........ 28
1) بىرىككەن سۆزلەر........ 29
2) جۈپ سۆزلەر........ 29
3) قىسقارتىلغان سۆزلەر........ 30
6 ـ §. سۆز تۈركۈملىرى........ 30
1. مۇستەقىل سۆزلەر........ 31
2. ياردەمچى سۆزلەر........ 31
3. يېرىم مۇستەقىل سۆزلەر........ 31
7 ـ §. ئىسىم........ 32
1. خاس ۋە تۈردەش ئىسىملار........ 33
2. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك، ئىگىلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى........ 34
1) ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى........ 34
2) كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ۋە مەنىسى........ 34
3) ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى........ 35
4) ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملاردىكى بەزى تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى........ 38
5) ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى........ 39
6) ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى........ 39
7) كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ يېزىلىشى ۋە چۈشۈپ قېلىشى........ 42
3. تۈپ ۋە ياسالما ئىسىملار........ 45
4. ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار........ 45
5. ئىسىملارنىڭ قوشۇمچە مەنە بەرگۈچى قوشۇمچىلىرى........ 47
8 ـ §. سۈپەت........ 48
1. سۈپەت توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە........ 48
2. سۈپەتلەرنىڭ تۈرلىرى........ 49
3. سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار........ 50

4. سۈپەت دەرىجىلىرى........................ 51
5. ئىسىملاشقان سۈپەتلەر........................ 53
9 - §. سان........................ 54
1. سان توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە........................ 54
2. سانلارنىڭ تۈرلىرى........................ 55
3. ئاددىي ۋە قوشما سانلار........................ 56
4. سانلارنىڭ يېزىلىشى........................ 57
10 - §. ئالماش........................ 57
1. ئالماش توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە........................ 57
2. ئالماشلارنىڭ تۈرلىرى........................ 58
1) شەخسلىك (كىشىلىك) ئالماشلار........................ 59
2) كۆرسىتىش ئالماشلىرى........................ 60
3) سوئال ئالماشلىرى........................ 60
4) ئۆزلۈك ئالماش........................ 61
5) ئۆملۈك ئالماشلار........................ 62
6) ئېنىقلاش ئالماشلىرى........................ 62
7) ئېنىقسىز (گۇمان) ئالماشلار........................ 63
8) بولۇشسىز ئالماشلار........................ 63
3. ئالماشلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ۋە يېزىلىشى........................ 64
11 - §. پېئىل........................ 65
1. پېئىل توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە........................ 65
2. تۈپ پېئىللار........................ 66
3. ياسالما پېئىللار ۋە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار........................ 67
4. بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز پېئىللار........................ 68
5. پېئىل زامانلىرى........................ 68
6. پېئىللارنىڭ زامان، شەخس ھەم سانلار بىلەن تۈرلىنىشى........................ 70
7. پېئىللارنىڭ زامان، شەخسلەر بىلەن تۈرلەنگەندە يېزىلىشى........................ 74
8. پېئىللاردىكى بىر زاماننىڭ ئىككىنچى بىر زامان مەنىسىدە قوللىنىلىشى........................ 76
9. پېئىل دەرىجىلىرى........................ 77
10. پېئىل رايى (مەيىللىرى)........................ 80
1) بۇيرۇق رايى........................ 80
2) بۇيرۇق رايىنىڭ يېزىلىشى........................ 83
3) خەۋەر رايى........................ 83
4) شەرت رايى........................ 84
11. پېئىل تۈرلىرى........................ 85
1) پېئىللارنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنىشى........................ 85
2) پېئىللارنىڭ ياسىلىشى ھەم يېزىلىشى........................ 86
3) پېئىللارنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ بۆلۈنىشى........................ 87
4) پېئىللارنىڭ مەنىسىگە قاراپ بۆلۈنىشى........................ 94
12 - §. رەۋىش........................ 99
1. رەۋىش توغرىلىق ئومۇمىي چۈشەنچە........................ 99

2. رەۋىش ھەم سۈپەت.......................................... 100
3. ئاددى، قوشما ۋە ياسالما رەۋىشلەر.......................... 100
4. رەۋىشلەرنىڭ تۈرلىرى...................................... 101
13 ـ §. ياردەمچى سۆزلەر........................................ 102
1. ياردەمچى سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە...................... 102
2. باغلىغۇچىلار.............................................. 103
3. ئۇلانمىلار................................................ 104
4. ئۇلانمىلارنىڭ تۈرلىرى..................................... 104
5. ئۇلانمىلارنىڭ يېزىلىشى.................................... 105
14 ـ §. ئۈندەش ۋە ئىملىق سۆزلەر.................................. 106
1. ئۈندەش سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە........................ 106
2. ئۈندەش سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى.................................. 107
1) ھىس ـ تۇيغۇ ئۈندەشلىرى................................... 107
2) قاراتما ئۈندەشلەر........................................ 107
3. ئۈندەش سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى................................. 107
4. ئىملىق سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە........................ 107
5. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى.................................. 108
1) تەقلىدىي ئىملىقلار....................................... 108
2) چاقىرىق ـ بۇيرۇق ئىملىقلىرى............................... 108
3) تەسۋىرىي ئىملىقلار....................................... 108
4) ئاددىي ۋە جۈپ ئىملىقلار................................... 108
6. ئىملىق سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى................................. 109

ئابزاس ........................................................ 109

**مۇھىم قوشۇمچە:**
**ئوقۇشلۇق**

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخى رولى توغرىسىدا.................. 115

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئارخىپى
www.uyghurkitap.com

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

مەلۇمكى، ئانا ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇھاجىرەتتە ياشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆنسايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئىشلەنمەكتە. بۇ خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈرى ئانا تىل-يېزىغىمىز بويىچە ساۋاتلىق بولۇش-بىلىم ئاشۇرۇش جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ .

ئەلبەتتەكى، بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. چۈنكى، جەنابىي ئاللاھ ئۆز زاتىنىڭ قۇدرەت كامالىنى كۆرسۇتۇش ئۈچۈن ئىنسانلارنى تۈرلۈك مىللەت ۋە ئۇرۇق سۈپىتىدە يارىتىش بىلەن بىللە ھەر مىللەتكە خاس ئانا تىلىنىمۇ ئاتا قىلغان. دېمەككى، ئانا تىل ھەر-بىر مىللەتكە ئاللاھۇ تەئەلا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان مۆجىزىۋىي نىئمەت ۋە رەھمەتتۇر. بۇ ھەقتە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتلىك ھاياتىمىزنىڭ ئۇلۇق دەستۇرى قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ» **(ئى ئىنسانلار ! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت ) بىر ئاتا،بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز-ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋابولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسلەر (يەنى ، كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولىشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ) ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. )** (سۈرە ھۇجۇرات ، 13 ـ ئايەت) «وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّلْعَالِمِينَ» **(ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىغى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇ- خىل بولىشى ئاللاھنىڭ (كەمالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، ئۇنىڭدابىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.**(سۈرە رۇم ، 22 ـ ئايەت) .

شۇنىڭ ئۈچۈن ئانا تىل ھەر-بىر ئىنساننىڭ ئانىسىنىڭ سۈتىدەك پاك ۋە ھالالدۇركى، ئۇنى ئەزىزلەپ، قەدىرلەپ قوللىنىش ــ ئاللاھۇ تەئالانىڭ ھىكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرىشىغا نىسپەتەن كاتتا ساداقەتتۇر ۋە شۇڭا ئەگەر ئىنسان ئانا تىلىدىن مەھرۇم ھالدا ياشىماقچى، ياشاتماقچى بولىدىكەن، بۇ، ئاللاھۇ تەئالانىڭ نەزىرىدە خىيانەت ۋە جىنايەتتىن باشقا نەرسە بولماي قالىدۇ. ئانا تىلنى قوللۇ-نۇش-قوللانماسلىق مانا شۇنداق ناھايىتى نازۇك ۋە مۇھىم مەۋقەگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ھەر-بىر ئىنسان بۇ جەھەتتە قىلچىمۇ دەلىغوللۇق قىلماسلىغى، بەلكى ئانا تىلغا بولغان تونۇشىنى غايەت زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەر- بىر سۆز - ھەرىكىتىدە ئانا تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى مۇكەممەل جارى قىلدۇرغان ھالدا قوللىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ناھايىتىمۇ زۆرۈر.

مەشھۇر تىلشۇناس ئالىم مەھمۇت قەشقەرى، مەشھۇر پەيلاسوف شائىر يۈسۈف خاس ھاجىپ ۋە مەشھۇر قۇرئانشۇناس، تەرجىمەشۇناس دىنىي ئالىم مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم قاتارلىقلار بۇ جەھەتتە كاتتا ئۈلگىمىزدۇر. چۈنكى، مەشھۇر تىلشۇناس ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئالەمشۇمۇل شاھ ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى، مەشھۇر پەيلاسوف شائىر يۈسۈف خاس ھاجىپ ئالەمشۇمۇل شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇ-بىلىك»نى ۋە مەشھۇر قۇرئانشۇناس، تەرجىمەشۇناس دىنىي ئالىم مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتلىك ھايات دەستۇرىمىز «قۇرئانى كەرىم»نىڭ تەرجىمىسىنى ۋە باشقا مەشھۇر ئىلىم ئەرباپلىرىمىز قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا روياپقا چىقىرالىشى دەل ئانا

تىلىمىزنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈندۇر. يەنى ئۇلار «ئېلىپبە» ساۋادىنى چىقىرىش بىلەنلا توختاپ قالماي ، بەلكى ئانا تىل سەۋىيىسىنى ئالاھىدە يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈشكە تىرىشقان. ئاندىن باشقا تىللارنى قەدەممۇ-قەدەم ياخشى ئىگەللىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ئانا تىلىمىزنىڭ پاساھەت - بالاغىتىنى مۇكەممەل رەۋىشتە نامايان قىلىشقا قادىر بولالىغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارنىڭ يازغانلىرى ۋە سۆزلىگەنلىرى ناھايىتىمۇ مەنتىقىلىق، چۈشىنىشلىك ۋە يۈكسەك سەۋىيىلىك بولۇپ، پۈتكۈل دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە كاتتا شان- شۆھرىتى بىلەن تونۇلغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارمۇ پەرزەنتلىرىنى ئەنە شۇ مەشھۇرلىرىمىزنى ئۈلگە قىلغان ھالدا تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى، دېمەك «ئائىلە ئانا تىلى» چەكلىمىسىدە تۇرۇپ قالماسلىقى لازىم، ئەلۋەتتە.

ئەمما، زامانىمىزدىكى ئىلىم ئەرباپلىرىمىز يېزىق، سۆز ۋە ھەتتا گىراماتىكىنى ئۆزگەرتىشتەك قالايمىقانچىلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۇيغۇر ئۇيغۇرنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەيدىغان يامان ئاقىۋەتنى پەيدا قىلماقتا، سۆيۈملۈك ئانا تىل-يېزىغىمىز ئاخىرقى نەپىسىنى ئالماقتا!

بۇنى قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكى ئۈچ نوقتا بويىچە ئىزاھلاپ ئىمەن:

**1) يېزىق جەھەتتە:**

ئايانكى، 1962-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق «تىل-يېزىق كومىتېتى» تەرىپىدىن «يېزىق ئۆزگەرتىش توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار» دېگەن كىتابچە ئېلان قىلىنىپ، مونۇ گۆھەردەك يېزىغىمىزغا «تىلنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ» دېگەن تۆھمەت-ھاقارەتلەر چاپلىنىپ، لاتىن يېزىغى ئاساسىدىكى ئاتالمىش «ئۇيغۇر يېڭى يېزىغى»نى قوللىنىش بۇيرۇغى چۈشۈرۈلدى. 1966-يىلى باشلانغان «بەدنىيەتلەر ئىنقىلاۋى»(بۇ شۇ چاغدىكى ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نى كۆرسىتىدۇ) جەريانىدا بولسا بۇ يېزىغىمىز «4 كونا» قاتارىدا قاتتىق تەنقىتكە ئۇچرىدى، بۇ يېزىقنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان زىيالىلىرىمىز بولسا «ئوڭچى»، «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر» دېيىلىپ شىددەتلىك كۆرەش قىلىندى ھەتتا تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ پاجىئەلىك ھالدا قىناپ ئۆلتۈرۈلدى !...

ئەمما خەلقىمىز يانىلا نارازىلىقىنى تۈرلۈك يول ۋە ۋاستىلار ئىپادىلەپ، ئاتالمىش «ئۇيغۇر يېڭى يېزىغى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى جىددىي ۋە قاتتىق تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن 1982-يىلىغا كەلگەندە ، ھۆكۈمەت قارار چىقىرىپ ، «كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق خەلقى يېڭى يېزىقنى ئىشلىتىپ باقمىدى ھەم ھازىر تېخى شارائىت پىشىپ يېتىلمىدى.» (ۋېيى سۇيىي : «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ 1950- يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» (مەركىزى ئاسىيا ژورنىلى ، 1993- يىل 3- ، 4-سان، ئىنگىلىزچە نەشرىگە قاراڭ) دەپ، ئەنە شۇ ئاتالمىش «ئۇيغۇر يېڭى يېزىغى»نى ئەمەلدىن قالدۇردى.

ئەمما كۆپ ئەپسۇس! زامانىمىزدىكى زىيالىلىرىمىز ئاشۇ «كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق خەلقى يېڭى يېزىقنى ئىشلىتىپ باقمىدى ھەم ھازىر تېخى شارائىت پىشىپ يېتىلمىدى.» دېگەن ئىپادىگە «پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەن ھامان ئۆز يېزىغىڭدىن ئايرىلىسەن!» دېگەن خۇپىيانە غەرەزنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئازىراقمۇ چۈشىنىپ يېتەلمىدى ۋە يەنە ھاماقەتلەرچە لاتىنچىدىن نۇسخا ئېلىش ئاساسىدا ئاتالمىش «ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىغى» دېگەن باشقا بىر خىل ئەبجەش يېزىقنى پەيدا قىلدى. بۇ يېزىق «كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ يېزىلىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش»نىڭ ۋاستىسى، دەپ تونۇشتۇرۇلدى. كېيىنرەك بولسا «ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى» دەپ بېكىتىلدى ۋە ئۆز يېزىغىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىشقا سۇنۇلدى. بۇنىڭ بىلەن يېزىق كۆپ خىللىقى، ئوقۇش قالايمىقانچىلىقى ۋە ئوقۇشماسلىق-چۈشۈنۈشمەسلىك كېلىپ چىقتى. چۈنكى بىر چاغلاردا قوللانغان «ئۇيغۇر يېڭى يېزىق ئېلىپبەسى» دىكى بەزى ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن «ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىغى» ياكى «ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى» دىكى ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشى زادىلا ئوخشاش ئەمەس ئىدى. مەسىلەن تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىغا قاراڭ:

www.uyghurkitap.com

| ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى | ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى | ئۇيغۇر يېزىقى | № | ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى | ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى | ئۇيغۇر يېزىقى | № |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| Q q | Ⱪ ⱪ | ق | 17 | A a | A a | ئا | 1 |
| K k | K k | ك | 18 | Ee | Ə ə | ئە | 2 |
| G g | G g | گ | 19 | Bb | B b | ب | 3 |
| NG ng | NG ng | ڭ | 20 | Pp | P p | پ | 4 |
| L l | L l | ل | 21 | Tt | T t | ت | 5 |
| M m | M m | م | 22 | Jj | J j | ج | 6 |
| N n | N n | ن | 23 | Ch ch | Q q | چ | 7 |
| H h | Ⱨ ⱨ | ھ | 24 | Xx | H h | خ | 8 |
| O o | O o | ئو | 25 | D d | D d | د | 9 |
| U u | U u | ئۇ | 26 | Rr | R r | ر | 10 |
| Ö ö | Ɵ ɵ | ئۆ | 27 | Zz | Z z | ز | 11 |
| Ü ü | Ü ü | ئۈ | 28 | Jj (zh) | Ⱬ ⱬ | ژ | 12 |
| W w | W w | ۋ | 29 | Ss | S s | س | 13 |
| É é | E e | ئې | 30 | Sh sh | X x | ش | 14 |
| İ i | İ i | ئى | 31 | Gh gh | Ƣ ƣ | غ | 15 |
| Y y | Y y | ي | 32 | F f | F f | ف | 16 |

**ئىزاھات:**

1) «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى» ھەرپلىرى تەركىۋىدە Zh zh ، Ch ch ، Sh sh قاتارلىق قوشما ھەرپلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار خەن تىل-يېزىقىدىكى ئىسىم-ناملارنى توغرا يېزىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ، دېيىلگەن.

2) «ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى» تەركىۋىدىكى «Öö, Üü, Ée» لارنى كىرگۈزۈشكە ئىمكان بولمىغاندا، UKY («ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى»)بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ماس ھالدا «Oo, Uu, Ee» لارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ، دېيىلىپ، «Öö, Üü, Ée» لارنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلى تۈۋەندىكى تور بەتتە تەپسىلى بايان قىلىنغان: http://www.ukij.org/teshwiq/uey%20eou.HTM

ئەمما بۇ ئۇسۇل بەكمۇ مۇرەككەپ بولۇپ ، ئادەمنى تەتۈر قىينۇۋېتىدۇ!

3) [zh] ھەرپى بولسا [zhurnal] (ژۇرنال) دىكى < ژ > ھەرپىنىڭ يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تولۇقلىما سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ،دېيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن Jj ھەرپىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى مۇقىم بولمىغان.

بۇلاردىن ئايانكى، «ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى» ياكى «ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى» دېگەنلەردە ھەرپ-لەرنىڭ ئىشلىتىلىشى بەكمۇ مۇرەككەپ ۋە قالايمىقان بولۇپ، قىلچىمۇ ئىلمىيلىك مەۋجۇت ئەمەس!

شۇڭا ئەمدى «Mening balam nahayiti yahxi qong boldi.» دېگەن جۈملىنى «يېڭى يېزىق»تا ساۋاتلىق بولغانلار «مېنىڭ بالام ناخايىتى ياخشى چوڭ بولدى.» دەپ ئوقىسا، «ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى» ياكى «ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى»دا ساۋاتلىق بولغانلار «مېنىڭ بالام ناھايىتى ياھخى قوڭ بولدى.» دەپ ئوقۇيدىغان بولدى....

مانا شۇ ھالدا ئۇيغۇر ئۇيغۇرنىڭ سۆزىنى چۈشۈنۈشتە كىمكەش بولۇپ ۋە گاڭگىراپ قالىدىغان يامان ئاقىۋەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى!

ئەمدى، بۇ دەرت ئاز بولۇپ قالغاندەك، ئۆز يېزىقىمىز ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئۇزىمايلا «يېڭى يېزىق»بىلەن يېزىلغان كىتابلار يوق قىلىۋېتىلىدىغان تەلۋىلەرچە ھەرىكەت پەيدا بولدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ ھەقتە، ئەسئەت سۇلايمان ئەپەندىم «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق كىتاۋىنىڭ « خانلىق كۇتۇپخانىدا ئانا يۇرتنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن مۇڭدىشىش» ناملىق ماۋزۇسى (20 ـ باب، 318 ـ بەت) بىلەن يازغانلىرىدا، شۋېتسىيە خانلىق كۇتۇپخانىسىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق تونۇشتۇرما بېرىپ، بۇ كۇتۇپخانىدىن كىتاپ ئارىيەت ئېلىشنىڭ بەكمۇ مۇشكۇللىگىنى. چۈنكى سىرتقا بېرىلگەندە يوقۇلۇپ كېتىدىغانلىقتەك خەۋپىنىڭ مەۋجۇتلىغىنى بايان قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇرۇمچى ئۇنىۋېرستىتكى كىتاپ ماتېرىيالغا بولغان مەسـ ـئۇلىيەتسىزلىكىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىغىنى. مەسئۇلىيەتسىزلىكلا ئەمەس بۇزغۇنچىلىقنىڭمۇ مەۋجۇتلىغىنى قاتتىق ئېچىنىش بىلەن تىلغا ئېلىپ، «... ھەتتا ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە ئۇنىۋېرستىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى قايتا رەتلەيمىز، دەپ 60 ـ 70 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ۋە قازاق يېڭى يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنغان كىتاپلارنى قەغەز قاتارىدا ساتقانلىغىنىمۇ كۆرگەن ئىدىم ....... » دەپ يازىدۇ.

مانا بۇنىڭغا نىمە دەيمىز؟

شۇ زامانىنىڭ زىيالىلىرى «يېڭى يېزىق» قوللىنىلغان 20 يىل جەريانىدا يازغان كىتاپلار مانا شۇنداق «رەتلەش، شالالاش» نىڭ ئوبيېكتى قىلىنىپ يوقىتىۋېتىلىشى زادى نىمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

كىتاپ دىگەن بىر مىللەتنىڭ تارىخى، مائارىپى، مەدەنىيتى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ....... قاتارلىق نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ساھەلەرگە تاقىلىدىغان ئىجتىمائىي رېئاللىغىنىڭ مەنبئى، مول بىلىم قايىنىمى ئەمەسمۇ؟

مانا ئەمدى «شارايىت پىشىپ يېتىلگەن» ۋەزىيەت شەكىللىنىپ ئاتالمىش «ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغى» («ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى») نى دەرھال ئومۇملاشتۇرۇش بۇيرىغى كەلسە ۋە ئاندىن كۇتۇلمىگەندە يېڭىۋاشتىن «رەتلەش» سىياسىتى چىقىپ ، نۆۋەتتىكى يېزىغىمىز بىلەن يېزىلغان 50 نەچچە يىللىق كىتاۋى بايلىغىمىز بىراقلا يوق قىلىۋېتىلسە قانداق قىلماقچىمىز؟؟؟؟

ئەمدى شۇنىمۇ ئويدانراق ئويلىنىپ كۆرەيلى، مەن يۇقىرىدا «ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغى» «كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ يېزىلىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش»نىڭ ۋاستىسى، دەپ تونۇشتۇ ـ رۇلغانلىغىنى، بۇ نام كېيىن «ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى» دەپ بېكىتىلىپ يېزىغىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىشقا سۇنۇلغانلىغىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم.

ئۇنداقتا دەپ باقايلى، ماۋۇ رۇسلار تىلىمىزدىكى < ئىبراھىم > نى < ئىبراگىم >، نېمىس تىلىـ ـدىكى < ھتلېر > نى < گىتلېر > دەپ يازىدۇ، ئەجەبا ئۇلار : « بىزنىڭ يېزىغىمىزدا باشقىلارنىڭ تىلىدىكى ئىسىم ـ ناملارنى توغرا يازغىلى بولمايدىكەن» دەپ «رۇس لاتىن يېزىغى» ئىجات قىلىپ بېقىپتىمۇ؟ ئىنگلىزلار< ئۇيغۇر > ئاتالغۇسىنى «ۋىگۇي» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ ۋە <uigu>، <uygu>، <uyghu>دەپ يازىدۇ . ئەجابا ئۇلارمۇ «بىزنىڭ يېزىغىمىز باشقىلارنىڭ ئىسىم ـ ناملىرىنى توغرا يېزىشقا يارىمايدىكەن» دەپ «ئىنگلىز ئۇيغۇر يېزىغى»نى پەيدا قىپتىمۇ؟ ماۋۇ خەنلەرمۇ < ئۇيغۇر > نى < ئۇيغۇر > دېيەلمەي ۋە يازالماي < ۋېيۋۇ > دەپ يازىدۇ. ئەجەبا ئۇلارمۇ «بىزنىڭ يېزىغىمىز باشقىلارنىڭ ئىسىم ـ ناملىرىنى توغرا يېزىشقا يارىمايدىكەن» دەپ «خەن ـ ئۇيغۇر يېزىغى» دىگەندەك بىر يېزىقنى ئىجات قىلىپتىمۇ؟

قەتئىي ياق !

ئۇنداق بولسا بىزگە نىمە لاۋزىلىق؟..........

زادى بىز نىمە ئۈچۈن يېزىق ئۆزگەرتىدىكەنمىز؟؟؟

زادى بىز يانىلا بىزگە تېڭىلغان ئاتالمىش« ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى»نى قوللىنىشنى داۋام قىلىمىزمۇ؟

2) سۆز ـ ئاتالغۇ جەھەتتە:

خوش، ئەمدى سۆز ـ ئاتالغۇلىرىمىزغا قارايدىغان بولساق، بۇ كەمگىچە نۇرغۇن تىللاردىن سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلدۇق.

بۇ زادى نىمە ئۈچۈن؟

ئەلبەتتە، دۇنيادا مۇتلەق مۇكەممەل، ساپ تىل مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما ئۆز تىلىدا مەخسەت ـ مۇددىئاسىنى ئىپادىلەشكە يارايدىغان سۆز ـ ئاتالغۇلار بار تۇرۇپ، ئۇنى يوق قىلىش ھېساۋىغا غەيرى تىللاردىن سۆز ـ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ھەرگىزمۇ ئاقىلانىلىق ئەمەس!

بۇ ھەقتە رۇس يازغۇچىسى ئا.م گوركى مۇنداق دەيدۇ: «تىلدىن ئىبارەت بۇ قۇرال قانچىلىك

ئۆتكۈر، ئېنىق ۋە ساپ بولسا، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى شۇنچە زور بولىدۇ.». ئۇيغۇر تىلى بولسا لۇغەت بايلىقىنىڭ موللىقى، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە ئالتۇندەك پاك - ساپلىقى جەھەتتىن ھەر قانداق تىلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ۋە شۇ قىممەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دۇنيا ئالىملىرىنىڭ ئاجايىپ ھاياجان بىلەن مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولغان ئالەمشۇمۇل تىل.

بۇ يەردە شۇنىمۇ دەپ ئۆتىمەنكى، ئۇيغۇر تىلى — ئالەمگە ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان، دۇنيادا تۇنجى قېتىم «ئىمپېرا تۇر» بولۇپ تونۇلغان، دېمەك «بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېراتورلىقى»نى قۇرۇپ، پۈتكۈل ئاسىيا - ياۋروپانى كونترول ئاستىغا ئالغان ۋە قەدىمى يەتكەنلا يەردە ئىنسانىنىڭ باياشاتلىقى، ھۆزۈرى ۋە بەخت - سائادىتىنى ئاساس قىلغان دۆلەت ھاكىمىيىتى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يۇرت سوراپ، ئادىل، ھەققانىي باشقۇرغۇچىلىقنى جارى قىلدۇرغان ھالدا دۇنيانىڭ ھازىرقى ۋە ئۆتمۈشىدىكى ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ ئىنسانىي مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، كاتتا ئىلىم - مەرىپەت ئەھلى بولۇپ تونۇلغان ئۇيغۇردىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مىللەتنىڭ تىلىدۇر!!!

بۇ تارىخىي ھەقىقەتنى پۈتكۈل پۈشتى ئۇيغۇر ئىسىدە مەھكەم تۇتىشى، كاتتا ئىلىم پىشۋا - لىرىنىڭ ئىزى بىلەن ئىلگىرلەشنى ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. بىز غەيرى تىللاردىكى سۆز - ئاتالغۇلارنى ئەينەن قوبۇل قىلمىساقمۇ، ئۇ خىل سۆز - ئاتالغۇلارنى تەپەككۇرىمىزنىڭ ئۆتكۈرلىكى، تىلى - مىزدىكى سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن ئۆز تىل - يېزىقىمىزدا راۋۇرۇس توغرا ئىپا - دىلىيەلەيمىز ۋە ئىپادىلەنگىنىچە توغرا يازالايمىز. مەسىلەن، توڭلاتقۇ (冰箱)، سىنئالغۇ (录像机)، كىرئالغۇ (洗衣机)، كومپيۇتېر ( computer ) دېگەندەك.

ئۇنداق بولسا بىز تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى ساقلامدۇق ياكى ئەبجەش قىلىپ قاراپ ئولتۇرامدۇق؟

3) **گراماتىكا جەھەتتە:**

خوش، ئەمدىكى ئېغىر بىر مەسىلە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىسىدىكى بۇزغۇنچىلۇقتا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| تۈپ سۆزلەملەر | ھازىرقى قائىدە بويىچە تۈرلىنىشى | ئەسلىدىكى قائىدە بويىچە تۈرلىنىشى |
|---|---|---|
| چاتاق | چاتىقىم | چاتىغىم |
| قىزىق | قىزىقى | قىزىغى |
| ئەللىك | ئەللىكى | ئەللىگى |
| ئۆتۈك | ئۆتۈكۈم | ئۆتۈگۈم |
| يىرىك | يىرىكى | يىرىگى |
| غەزەپ | غەزىپىم | غەزىۋىم |
| مەنسەپ | مەنسىپىڭ | مەنسىۋىڭ |

بۇ مىساللاردىكى تۈپ سۆزلەرنىڭ ھازىرقى قائىدە بويىچە تۈرلىنىشى:

1) ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمىي قانۇنىيىتىگە تامامەن خىلاپ بولۇش بىلەن بىرگە تىل - تاۋۇش ئورگانلىرىمىزنىڭ نورمال ۋە راۋان تەلەپپۇز ئىقتىدارىغا بېسىم پەيدا قىلىدۇ.

2) كىشىدە بىرخىل يېقىمسىزلىق، ھۆزۈرسىزلىق ۋە قوپاللىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

3) ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت خەزىنىلىرىدىن پايدىلىنىش ئىمكانى - يىتىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ.

4) ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۇمشاق - يېپىشقاقلىق، سىلىقلىقتەك ئالاھىدىلىگىنى گەۋدىلەندۇرگىلى بول - مايدۇ.

ئەمما تۈپ سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى قائىدە بويىچە تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىدەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە:

1) تىل قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن؛

2) تەلەپپۇز قىلىشقا ناھايىتى ئاسان؛

3) ئاڭلىنىشقا ناھايىتى يېقىملىق بولۇپ، ئاجايىپ ھۆزۈر ئاتا قىلىدۇ؛

4)ئىملا قائىدىسى ئىلمىي ھالدا ئىزچىللىقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن زاماندىشلىرىمىز ۋە كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ كىتاپ ماتېرىياللىرىنى خاتاسىز ۋە ۋاقتىدا ئوقۇپ چۈشىنەلىشىگە پايدىلىق ؛

5) ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ يۇمشاق - يېپىشقاقلىق ئالاھىدىلىكىنى ھەقىقىي نامايان قىلىش، گەۋدىلەندۈرۈشكە پايدىلىق ؛

6) ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ھەقىقىي نامايان قىلىش، گەۋدىلەندۈرۈشكە پايدىلىق ؛

7) بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىل - يېزىقىغا چاپلانغان «تىلنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ»، «جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ» دېگەن لەنىتى تۆھمەت - ھاقارەتلەرنى ئىلمىي يوسۇندا يوق قىلىشقا پايدىلىق.

بىلىش كېرەككى، تىل قانۇنىيىتى مەسىلىسى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكىچە قارايدىغان ۋە خالىغانچە، قىياس بىلەنلا ئۆزگەرتىسە بولىۋېرىدىغان ئەرزىمەس بىر مەسىلە ئەمەس! بەلكى ئۇ ئىنساننىڭ تىل - تاۋۇش ئورگانلىرىنىڭ تەلەپپۇز قولايلىقى ۋە راۋانلىقى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى زىل، نازۇك بىر مەسىلە. چۈنكى، ئىنساننىڭ تاۋۇش چىقىرىش قۇرۇلمىسى «بەرگى» ئۇلاپ يېڭى سورت ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان كۆچەت ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تەكشۈكلىكىنى ساقلىغان ھالدا تاۋۇش چىقىرىش يۆنىلىشى بولىدۇ. شۇڭا ئەگەر بىز تاۋۇش ئورگانلىرىمىزنىڭ چىقىرىشقا تېگىشلىك تاۋۇش ئېلمېنتلىرىنى چىقىرىشقا تېگىشلىك ئورنىدىن چىقىرىشقا توسقۇنلۇق قىلساق، زومۇ - زو قىيىنچىلىققا دۇچ كېلەتتۇق!

— ئۇنىڭ تاۋۇش چىقىرىش يۆنىلىشى بوزغۇنچىلۇققا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىل - تەلەپپۇزغا دائىر مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ ناھايىتى ياخشى ئىلمىي نەتىجىلەر مەيدانغا كەلگەن ۋە مۇناسىپ ھالدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەر بېكىتىلگەن. بۇ ئۈچۈن كىتاۋىمىزنىڭ 12 - ، 13 - بەتلىرىدىكى «ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى» ماۋزۇسى بىلەن بېرىلگەن تەبىرلەرگە قارىساقلا مەسىلە ئۆز - ئۆزىدىن ئايدىڭلىشىدۇ.

دېمەككى، يۇقىرىدىكى مىسالدىكى تۈپ سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى قائىدە بىلەن تۈرلىنىشى ئىلمىي، قانۇنىيەتلىك بولۇپ، تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىدىكى مۇنداق قانۇنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە قېرىنداش تىللاردىن تۈرك تىلىدىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

ç→c : ağaç→ ağacı , havuç→ havucu , kazanç→ kazancı ;

k →ğ : gözlük→ gözlüğü , yatak → yatağı , çocuk → çocuğu ;

p →b : kitap→ kitabı , dolap → dolabı , sahip → sahibi ;

t →d : yurt→ yurdu , vücut → vücudu , art → ardı ;

nk→ng : ahenk→ ahengi , renk → rengi , denk → dengi ;

nç→nc: sevinç→ sevinci ;

ئەگەر بىز تۈركچىدىكى ھەرپ - تاۋۇشلارنىڭ بۇ خىل قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىشىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىكەنمىز، ئۇھالدا تۈركچە بىلگەن بولمايمىز، بەلكىم مەسخىرىگىمۇ قالىمىز(؟)

ئەمدى بۇ يەردە شۇنىمۇ مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى، ئەگەر مەن $5+5 = 9$ ياكى $5 \times 5 = 9$ دېسەم ، ياكى تۇزنىڭ خىمىيىۋى فورمۇلاسى $H_2Cl$ دېسەم، ياكى $I = \frac{R}{V}$ دەپ يېزىپ ، توك كۈچى قارشىلىققا ئوڭ تاناسىپ كۈچلىنىشقا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ، دېسەم < توغرا > دەمسىلەر؟

چۇقۇمكى، ئەسلا توغرا دېمەيسىلەر ۋە شۇڭا ئۇنداق ھېساپ نەتىجىسى ۋە فورمۇلالارنى رەت قىلىسىلەر. چۈنكى، ئاشۇ ھېساپلاش نەتىجىسى ۋە فورمۇلالار ئىلمىي قانۇنىيەتكە خىلاپ، - تە!؟ چۈنكى، $5 + 5 = 10$ ياكى، $5 \times 5 = 25$ . ئوخشاشلا تۇزنىڭ خىمىيىۋى فورمۇلاسى $HCl$ ، توك كۈچى بولسا كۈچلىنىشقا ئوڭ تاناسىپ قارشىلىققا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ فورمۇلاسى: $I = \frac{V}{R}$

ئەجەبا، تەبىئىي پەن بىلىملىرىدە قائىدە - قانۇنىيەتكە شۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىلىپ، توغرىسىنى قوبۇل قىلىمىسا بولمايدىكەنۇ، تىل - تاۋۇشلارنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە ئەھمىيەت بەرمىسىمۇ بولىدىغان

ئىش بارمىكەن؟

زادى ھەممىسى ئوخشاشلا ئىلىم ئەمەسمۇ ۋە شۇڭا تىل - يېزىق ئىلمىگىمۇ قەتئىي ئىجابىي مۇئامىلە قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟

ئەمما يېزىق، سۆز ۋە ئىملا ئۆزگەرتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئىلمىي ئاساسى ياكى مەخسەت - مۇددىئاسى زادى نېمە؟ ياكى بىزنىڭ تىل - يېزىقىمىز ئۇ بىرقانچە ئادەمنىڭ خالىغانچە ئۆزگەرتىسە بولىۋېرىدىغان شەخسىي قورالمۇ؟ ياكى بىزنىڭ تىل - يېزىقىمىز ئۇلارنىڭ خالىغانچە ئۆزگەرتىپ ئوينايدىغان شاخمىتىمۇ؟

ئەسلا ئۇنداق ئەمەس ۋە ئۇنداق بولماسلىقى شەرت!

چۈنكى، ئۇيغۇر تىل - يېزىقى نەچچە مىليون ئۇيغۇرنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ۋە تەرەققىيات ئېھتىياجىنىڭ يەكۈنى قوللىنىمىسى بولۇپ، جانىجان مەنپەئىتىگە بىۋاستە تاقىلىدۇ.

شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، بىزنىڭ گىراممانتىكىمىز 1986 - يىلىنىڭ بېشىغىچە ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللىشىپ، باشقا جەھەتلەردىن تاشقىرى، بىر ھەرپ بىرلا تاۋۇشنىڭ بەلگىسى بولۇشتەك ئېنىقلىق، قۇلايلىق ۋە راۋانلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. بىرلا مىسال، مۇندىن ئىلگىرى < ئو > ھەرپى < ئو > ، < ئۆ > ھەرپ (تاۋۇش)لىرى ئۈچۈن، < ئۇ > ھەرپى < ئۇ > ، < ئۈ > ھەرپ (تاۋۇش) لىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىشتەك مۇجمەللىك تۈزىتىلگەن ۋە شۇ ئاساستا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئالتۇن دەۋرى مەيدانغا كەلگەن ئىدى!

شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە ھەقىقىي كۆيۈمچان بولىدىغان ھەر قانداق ئىلىم ئەھلى يەك دىللىق بىلەن مۇشۇ تىل - يېزىقىمىزنىڭ كەڭ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىشىغا ئەستايىدىللىق بىلەن ئەھمىيەت بېرىشى، بۇ تىل - يېزىقىمىزدا ساۋادى يوقلار سەۋىرچانلىق بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ساۋادىنى چىقىرىش - بىلىم ئاشۇرۇش ئاساسىدا ئۇيغۇر بىلىم - مەرىپەت دۇنياسىغا مەردانە قەدەم تاشلىشى كېرەك!

بىزنىڭ بۇ يېزىقىمىز - گۈلدەك يېزىق، تىلىمىز بۇلبۇلدەك تىل. سۆيۈملۈك 32 ھەرپتىن تۈزۈلگەن مۇشۇ تىل - يېزىقىمىز بىباھا گۆھەر! مۇشۇ تىل - يېزىقىمىز بىلەن 50 نەچچە يىلدىن بۇيان سانسىزلىغان كىتاۋىي بىلىم خەزىنىسىنى بەرپا قىلدۇق! ئۇنى ئەمدى ئەخمىقانە خىياللار بىلەن يېزىق، سۆز ۋە گىراممانتىكا بۇزغۇنچىلىقىغا يول قويۇپ، نابۇت قىلىۋەتسەك ئەۋلادلىرىمىز ۋە تارىخ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز جىنايەتلەرنى سادىر قىلىمىز.

مەن مۇشۇنداق ئويلىنىپ، بىر ئەمەلىي ئىش قىلىش يۈزىسىدىن، نۆۋەتتە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئانا تىل سەۋىيىسىنىڭ توغرا يۆنىلىشتە يۈكسىلىشىگە پايدىسى بولىدىغان دەرسلىكلەرنى تۈزۈشكە بەل باغلىدىم ۋە بۇ دەرسلىكنى تەييارلىدىم.

روشەنكى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسى يۈكسەك مەلۇماتلارنى ھەزىم قىلالىغۇدەك ھالەتتە ئەمەس. شۇڭا، دەرسلىكنىڭ ئىخچام، ئاممىباپ ۋە يېنىكرەك تەييارلىنىشىنى نەزەردە تۇتتۇم ۋە دەرسلىكنىڭ خام ماتېرىيالى ئۈچۈن، نۆۋەتتە يېزىق، سۆز ۋە گىراممانتىكا جەھەتتىن قاتتىق بۇزۇلۇپ كىتىۋاتقان تىل ماتېرىياللىرىدىن ئەمەس، بەلكى 1984 - يىلدىن 1986 - يىلىنىڭ باش مەۋسىمىگە قەدەر تۈزۈلگەن ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكلىرىدىن پايدىلىنىشنى زۆرۈر تېپىپ، ئابدۇسالام توختىنىڭ باش مەسئۇللىقى ۋە مۇتەللىپ ھامۇت، تۇنىياز يۈسۈپ قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئىشتىن سىرتقى ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلۈپ، 1984 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكىنى ئاساس قىلدىم.

چۈنكى، ئاشۇ يىللار ئارىسىدىكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقى خىلمۇ - خىل ئىلمىي كۆرەشلەرنىڭ سەمەرىلىك مېۋىسى، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېساپلىنىشقا لايىقتۇر.

ئەمدى، ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن دەرسلىكنى ئىككى قىسىم بويىچە تەييارلاشنى پىلانلىدىم ۋە بۇ 1 - قىسىم دەرسلىكتە، ئاساسلىق ھالدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا ۋە مورفولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرى تونۇشتۇرۇلدى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قائىدە - قانۇنىيەتلەر تولۇق بايان قىلىندى. ئەمما، «مېغىزنى تاللاش» قا ئەھمىيەت بېرىلىپ ۋەزنى ئېغىر، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، شۇنداقلا

تەكرارلانغان مەسلە ـ مسالالار قسقارتىۋېتىلدى. شۇنداقلا ئەسلى كىتاپتا خاتا كەتكەن مەزمۇنلار تۈزۈ ـ تۈلگەن هالدا قوبۇل قىلىندى.

يۇقىرى سەۋىيىلىك مەلۇماتلار شۇنداقلا يېزىقچىلىق تۈرلىرى، مەسىلەن، نەسرى، نەزمىي ئەسەر ـ لەرنىڭ تۈرلىرى ۋە يېزىلىشى، ئىلمىي ماقالە ۋە باشقا خىل يېزىقچىلىق ساۋادى قاتارلىقلار دەرس ـ لىكنىڭ 2 ـ قىسمىغا قالدۇرۇلدى. مۆھتەرەم ئوقۇغۇچىلىرىمىز بۇ ئىككى قىسىم دەرسلىكنى پىششىق ئۆزلەشتۈرەلىسە ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدە ئالاھىدە يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولىدۇ، ئىنشا ئاللاھ.

ئەمدى شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتىمەنكى، مۆھتەرەم ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ دەرسلىكنىڭ ئا ـ خىرىغا «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي رولى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالە ئالاھىدە قوشۇمچە قىلىندى.

ئايانكى، دەرسلىك تۈزۈش، ناھايىتى قىيىن ۋە مۇرەككەپ بىر ئىش. شۇڭا پىكىر ـ چۈشەن ـ چىلىرىمدە نوقسان تەرەپلەر يوق، دەپ ئېيتالمايمەن. بۇ ئۈچۈن مۆھتەرەم ئۇستازلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنقىدىي تۈزۈتۈش پىكىرلىرىنى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىت قىلىمەن.

ئالاقىلىشىش ئېلخەت ئادرېسىم: ateskalp2@hotmail.com

سۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتىمەنكى، مېنىڭ ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدىكى ئىزدىنىشىم 1980 ـ يىلى «چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ توغرا يېزىلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن» دېگەن ماقالىنىڭ تۈركتىكسى بىلەن باشلانغان بولۇپ، مەن بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان ئىسىم ـ ناملارنىڭ ئۇيغۇرچە يېزى ـ لىشىدا يۈز بەرگەن خاتالىقنىڭ دەل ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەش كۈچىنىڭ جارى قىلىنمىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى هىس قىلىپ، بىزنىڭ تەرجىمانلىرىمىزنىڭ چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى تەرجىمە قىلىش سەۋىيىسىنىڭ نەقەدەر تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئەگەر بۇ مەسىلىگە سەل قارالسا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئېغىر دەرىجىدە يوقۇتۇشقا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئويلۇنۇپ، مەسىلىنى لۇغەت ئارقىلىق هەل قىلماقچى بولدۇم ۋە ئۈچ يىل ئۆگىنىش ـ ئىزدىنىش ئارقىلىق 222 مىللەت تىلىغا ئالاقىدار ئۈچ مىليون كىشى ئىسىم ـ فامىلىسىدىن تەركىپ تاپقان «چەتئەل كىشى ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىش قوللانمىسى» ناملىق بىر لۇغەت ئىشلىدىم. ئەپسۇس نەشرىيات لۇغەت بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ سەۋىيىسىزلىگى نەتىجىسىدە، «تىل تۈرىگە ئايرىپ نەشر قىلىش» باھانىسى بىلەن لۇغەتنىڭ ئاران رۇس ۋە ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىشقا دائىر قىسىملىرى نەشر قىلىندى. ياپون كىشى ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىش قىسمى مېنىڭ تۈركىيىگە كېلىشىم بىلەنلا توختۇتۇپ قويۇلدى.. باشقا تىللاردىكىسى نابۇت قىلىۋېتىلدى...!

مەن مۇشۇ لۇغەتلەرنى ئىشلەش جەريانىدا، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئورغۇن قىممەتلىك، تەسىرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن ناھايىتمۇ چوڭقۇر تونۇشلۇق هاسىل قىلدىم ۋە ئانا تىل مۇھەببىتىم ھەسسىلەپ چوڭقۇرلاشتى.

مۇشۇ كۈنلەردە، خەن تىلى يېزىغىدىكى «چەتئەل تىلشۇناسلىغى» ناملىق ژورنالدىن 1992 ـ يىلى كانادادا «15 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا تىلشۇناسلار قۇرۇلتىيى» چاقىرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇيغۇرتىل ـ يېزىغىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ۋە گۈزەل تىل ـ يېزىق ئىكەنلىكىنى دۇنيا ئالىملىرىغا تونۇتۇش ئۈچۈن، «ئىسىم ـ ناملار تەرجىمىسى ۋە فونېتىكا» ماۋزۇلۇق ماقالە يېزىپ، قۇرۇلتاي ئىلمىي مۇهاكىمە بۆلۈمىگە يوللىدۇم ۋە يىغىن تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئەمما ناھىيە رەهبەرلىگىنىڭ توسقۇنلىقى بىلەن يىغىنغا بارالمىدىم....

ۋاقت ئۆتۈپ يەنە شۇ ژورنالدىن 1995 ـ يىلى شۆتسىيىدە «13 ـ قېتىملىق خەلقئارا فونېتىكاشۇ ـ ناسلار قۇرۇلتىيى» چاقىرىلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇ ماقالىنى ئۇ يەرگە ئەۋەتىپ ئۆلارنىڭمۇ يىغىن تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم ۋە بۇ قېتىم بارالىدىم....

شۇ هالدا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى ساھەسىدىكى ئىزدىنىشلىرىم تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر هالەتتە داۋاملىشىپ، 1982 ـ يىلى يېزىشنى باشلىغان ۋە ئەمدى 35 ـ يىلىغا قەدەم قويغان «قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ؟» ماۋزۇلۇق كىتاۋىمنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك هالدا پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن مول ئىلمىي

دەلىللەرگە ئىگە بولدۇم. بۇ كىتاپ ھازىر 1800 بەت يېزىلىپ جىددىي تەھرىرلىنىش باسقۇچىدا داۋام-لىشىۋاتىدۇ.

شۇتاپتا سىز مۆھتەرەم ئوقۇغۇچىلارغا سۇنماقچى بولغان بۇ دەرسلىك، ئەنە شۇ ئىزدىنىشلىرىمنىڭ بىر مۇئسى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدە يۇقىرى سەۋىيە ۋە كاتتا نەتىجىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئىشەشلىك، قوللىنىشچان ماتېريال بولۇپ قالغۇسى، ئىنشا ئاللاھ!

خەير، جەنابىي ئاللاھ ئەقلىڭلارنى زىيادە ، نەتىجەڭلارنى مول قىلغاي، ئامىن!

ئاخىرىدا، چۈشىنىشىمىزنىڭ چوڭقۇرراق بولىشى ئۈچۈن باشقا ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىمنىڭ تېما-تىك مەزمۇنلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

## 1. كىتاپلار:

1)«خەنزۇچە-رۇسچە-ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما سوۋېت كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى» (1988-يىلى نەشر قىلىندى)؛

2)«خەنزۇچە-ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى»(1992-نەشر قىلىندى) ؛

3) «خەنزۇچە-ياپونچە-ئۇيغۇرچە ياپونىيە كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى» (بۇ لۇغەت مەن تۈركىيىگە چىققانلىغىم سەۋەپلىك نەشىردىن توختىتىۋېتىلدى) ؛

4) «ئونىۋېرسال تۈركچە-ئۇيغۇرچە، ئۇيغۇرچە-تۈركچە قوش يۆنىلىشلىك لۇغەت»(ئىشلىنىش باسقۇچىدا)؛

5)« قۇرئانىي كېرىم مەزمۇن ئاچقۇچى » ( ئىشلىنىۋاتىدۇ)؛

6) « قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ؟؟؟» (1982-يىلى يېزىلىشقا باشلانغان، ھازىر تەھرىرلىك باسقۇچىدا)

7) «ئاللاھۇ تەئالانىڭ مۆجىزىۋىي بىشارەتلىرى»؛

8) «ئانا تىلىم - جان تىلىم»؛

9) «ئۈچ تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە»؛

10)«ئاخىرقى نەپەس» (تۈركچىدىن تەرجىمە)؛

11)«ئىسلامى كىملىگىمىزنى قوغدايلى» (تۈركچىدىن تەرجىمە)؛

12)« چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەرناملىرىنى تەرجىمە قىلىش قوللانمىسى» :

(1) " چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرى تەرجىمىسىنىڭ توغرا بولىشىغا ئەستايىدىللىق بىلەن ئەھمىيەت بېرەيلى"؛

(2) " دۇنيادىكى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ قوللىنىۋاتقان تىللىرى، مىللەت ناملىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئىسىم تەرجىمىسى ئۈچۈن پايدىلىنىلىدىغان تىل جەدۋەللىرى"؛

(3) " ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(4) " رۇسچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(5) " فرانسۇزچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(6) " ئىسپانچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(7) " نېمىسچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(8) " ياپونچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(9) " ئىتالىيانچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(10) " پورتىگالچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(11) " رومانىيانچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(12) "مون-كىخمېرچە-ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر "

(13)" بۇلغارچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(14) " ئەرەپچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(15) " لاتىنچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(16) " گرېكچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(17) " دانچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(18) " كورىيانچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(19) " فارسچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(20) " تۈركچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(21) " ئىبرانىچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(23) "پولەكچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(24) " چېخچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(25) " ۋېنگىرچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(26) " ئالبانچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(27) " سېربىيانچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(28) " فىنچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(29) " شۋېتچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(30) " نورۋېگچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(31) " ئىسلاندچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(32) " ھوللاندچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(33) " موڭغۇلچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(34) " لائوسچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(35) " مالتاچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(36) " بىرمانچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(37) " ھىندونېزىيانچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(38) " تاگالوگچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(39) " مالەيچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(40) " ھىندىچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(41) " ئۇردۇچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(42) " سىنخارۇچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(43) " بېنگالچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(44) " پۇشتۇچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(45) " تامىلچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(46) " فىجىچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(47) " ھۇۋاھىلچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر : "
(48) " ئامھارچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(49) " سومالىچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(50) " ماداغاسقارچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر : " :
(51) " خاۋساچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(52) : " بۇلچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(53) :" تىسۋاناچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر : "
(54) " ۋولفچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(55) " بەنتۇچە - ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " :
(56) " دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ ئارقا ئۇلانمىلىرىنىڭ تەلەپپۇز - تەرجىمە شەكلى " :
(57) چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ؛
(58) چەتئەل يەر ناملىرىنىڭ مەنالىرى ؛

**13)** «تۇرمۇش تەسىراتلىرىدىن تاللانمىلار»(كىتاب ئوقۇش ۋە تۇرمۇش جەريانىدا ھاسىل قىلىنغان چۈشەنچىلىرىم توپلىمى ) ؛

**14)** « ئېلىنغۇسى قانلىق قىساس » ( رومان) ؛

**15)**« مەرىپەت ئىشقىدا ئوتلانغان يۈرەك » ( رومان) ؛

**16)**« سۆيگۈ شارابى » ( پوۋېست ) ؛

## 2. پەن - تېخنىكا ساھەسىدە :

### 2-1: ئىختىرالار :



www.uyghurkitap.com

1) زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلدارلىغىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش سۈيۇقلىغى . بۇ ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېتىبارسىز قارالدى ، مېنىڭ تەجرىبە شارايىتىم ، ئىقتىسادىي ئاساسىم بەكمۇ ناچار بولغاچقا ئەملىيەتكە تەدبىقلىيالمىدىم . ئەمما ، 17 يىلدىن كېيىن بېيجىڭدىكى بىر نەچچە ئالى بىلىم يۇرتلىرىدىكى پروفېسسورلارنىڭ بىرلىشىپ تەتقىق قىلىشى بىلەن دەل مېنىڭ تېخنىكىلىق بېكىتىش يوللىرىم بويىچە ئىشلەنگەن سۈيۇغلۇق « 丰产素 » ( مول ھوسۇل دورىسى ) ، « 叶面宝 » ( يوپۇرماق گۆھىرى ) نامى بىلەن بازارغا سېلىندى . . . .

2) قوناق تېرىش سىيالكىسى . بۇمۇ ئوخشاشلا يۇقارقىدەك ئاقىۋەتكە دۇچ كەلدى ، 7 ـ 8 يىلدىن كېيىن يەنە مېنىڭ پىلان ـ لايىھەمدىكى بوخىل سىيالكا دىيارىمىزنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرىدا پەيدا بولدى . . . . .

3) تىك ئوقلۇق سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىيىسىنىڭ توك چىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تېخنىكىسى. بۇ ناھىيىلىك سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىيىسىدە ئىشلەۋاتقان يىللاردا تەجرىبە ئارقىلىق نەتىجىسى كۆرۈلگەن ئىش بولۇپ ، 21 كىلوۋاتلىق ئىستانسىيىدىن 43 كىلوۋات توك چىقىرىش ئۈسۈلىنى ئىختىرا قىلغان ئىدىم . ئەمما چەكلىمىگە ئۇچرىدى . . . . .

4) سۇ ئورنى ۋە توك بېسىمىنى ئاپتوماتىك تۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى . بۇمۇ سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىيىسىدە ئىشلەۋاتقان يىللاردا ئىختىرا قىلىنغان ۋە تەجرىبە ئارقىلىق نەتىجىسى كۆرۈلگەن ئىش تۇرى ئىدى . ئەمما چەكلىمىگە ئۇچرىدى . . . . .

**2 ـ 2 : ماقالىلار**

1) زىرائەتلەرنى پۇركۈپ سۇغۇرۇپ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئىلمىي ئاساسى ؛
2) كۆممە قوناق تېرىش سىيالكىسى ۋە ئۇنىڭ دېھقانلارنىڭ مېھنەت سىجىللىغىنى يوقۇتۇشتىكى كاتتا ئەھمىيتى توغرىسىدا “ ( ھۆكۈمەتكە دوكىلات ) ؛
3) كۆممە قوناق تېرىش سىيالكىسىنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا ؛
4) تىك ئوقلۇق سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىيىسىنىڭ توك چىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ تېخنىكىلىق تەدبىرى ؛
5) سۇ ئورنىنى ئاپتوماتىك نورماللاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى ؛
6) توك بېسىمىنى ئاپتوماتىك تۇراقلاشتۇرۇپ يوللاش قۇرۇلمىسى ؛
7) كەسىپ ئەھلى ئەمەسلەر ۋە كەشپىيات ( خەنزۇچىدىن تەرجىمە ماقالە ) ؛
8) دۇرا ئىشلىتىشتىكى خاتا چۈشەنچىلەر ( خەنزۇچىدىن تەرجىمە ماقالە ) ؛
9) مەشھۇر فرانسۇز ئالىم ژولىيو كيۇرى توغرىسىدا ؛
11) ئادەم بەدىنىدىكى سانلار ( خەنزۇچىدىن تەرجىمە) ؛

## 3. تىل ـ ئەدەبىيات ساھەسىدە :

**3 ـ 1. ماقالە ـ ئەسەرلەر:**

1) چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرى تەرجىمىسى ۋە فونېتىكا “ ؛
2) چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە يېزىشنىڭ ئىلمىي پىرىنسىپى توغرىسىدا ؛
3) خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى ؛
4) رۇس تىلى تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتەلەمدۇ ؟
5) « ESPERANTO » ھەقىقەتەن دۇنيا تىلى بولالامدۇ ؟؟؟
6) تىل ۋە ئىقتىسادىي قىممەت ( تۈركچە ) ؛
7) ئىنگلىز تىل مۇقەددەس تىلمۇ ؟؟؟
8) تىل توغرىسىدا قىزىقارلىق پاراڭلار ؛
9) تەبرىك ۋە ئۈمىد ؛
10) يېزىق ئۆزگەرتىش قارا قويۇنى چىقارغۇچىلارغا بەس ! ( 1 ـ 2 ـ ) ؛
11) نيۇتوننىڭ مۇشۈكلىرى ؛
12) « ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق مەدەنىيىتى بىر ئىنقىلاپقا مۇھتاج » مۇ؟؟؟ ؛
13) تەھرىرلىك خاتالىغى سەۋەپلىك پەيدا بولىۋاتقان تىل ـ ئىملا بۇزۇقلىغى ؛

14) زېمبابۋېى يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىش ئەھۋالى ( خەنزۇچىدىن تەرجىمە)؛

15) سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلىنى قوغداپ قېلىش بىلەن بىرگە ئىلىم - مەرىپەت ساھەسىدىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھەتتا پۈتكۈل دۇنيا بويىچە قوللۇنۇشقا ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ غايەت زور ئەھمىيىتى بارلىقىنى تونۇتۇش ئۈچۈن يېزىلغان تەشەببۇسنامىلەر:

(1) پۈتكۈل يەرشارى خارەكتېرلىك ئۇيغۇر تىلى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىش زۆرۈرلىكى توغرىسىدا ب د ت نىڭ مائارىپ ، ئىلىم ـ پەن تەشكىلاتىغا؛

(2) ئامېرىكا دۇنيا ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورگىنىغا؛

16) «ئاجايىپ بالا شەرىف» ( تۈركچىدىن تەرجىمە )؛

17) « ئانا تىل قەسرىدە ياڭرايدۇ ئىنسان » ؛

18) « سۆيگۈ گۈلزارىنىڭ شاھانە خۇشناۋابۇلبۇلى » ؛

19) «گۈزەل ياشلىقنىڭ ئۆتلۈق نىداسى» ؛

20) « ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ ئوتلۇق مېلودىيىسى» ؛

21) «تىكىرقاشتىن غالىپ كەلگەن جەسۇرىيۈرەك » ؛

## 3 ـ 2. شېئىرلار

1) « ئاللاھۇ ئەكبەر ؛

2) « ئىمتىھان » ؛

3) « ئانا تىلىم ــ جان تىلىم » ؛

4) « ئانا تىل مارشى» ؛

5) «ۋەتەن سۆيگۈسى» ؛

6) «ئوغلىمەن» ؛

7) « ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي باش كىيىمى دوپپا »؛

8) « ھەر كۈنى ئېيتىمەن ئاشۇ ناخشىنى »( ل . مۇتەللىپكە بېغىشلانغان ، فىلىم شەكلىلىك ) ؛

9) « ئىز » (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە بېغىشلانغان ، فىلىم شەكلىلىك ) ؛

10) « سادىر پەلۋانغا » ؛

11) « ئەقىدە » ؛

12) « دوستۇمغا سوغا »؛

## 4. قىسقا تەرجىمە فىلىملەر:

1) « قەھرىمان چېچەنىستان خەلقى » ( تۈركچىدىن تەرجىمە ) ؛

2) « جەھەننەمگە خوش كەپسىز » ( تۈركچىدىن تەرجىمە ) ؛

**خەير ، ئاللاھقا ئامانەت بولۇڭلار ئەزىزلىرىم !**

ھۆرمەت بىلەن :

ئابدۇلقۇددۇس ھافىز

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باپ
# ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە قىسقىچە بايان

## 1 ـ §. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي تىلى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرخىل قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئىلمىي ئاساستا ئۆگىتىدىغان مۇھىم بىر پەن.

ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار گورۇپپىسىنىڭ غەربىي ھون تارمىقى قارلۇق تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز ـ ئارا ئالاقە قىلىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالى بولۇپ، ئۇ تارىختىن بۇيان پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلىپ كەلدى ۋە ھەتتا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن كاتتا تايانچلىق روللارنى ئويناش بىلەن دۇنيا ئالىملىرىنىڭ ئۆتتەك قىزغىنلىق بىلەن تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش ۋە شانلىق نەتىجىلەرنى قازىنىشىغا ئاجايىپ ئىلھام مەدەتكار بولدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ يۈكسەك مەدھىيىلىك باھالىرىغا مۇيەسسەر بولدى ۋە داۋاملىق مۇيەسسەر بولماقتا. بۇ ھەقتە بۇ كىتاۋىمىزنىڭ ئاخىرىغا «ئوقۇشلۇق» سۈپىتىدە قوشۇپ بېرىلگەن «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي رولى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدا بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى. بۇ يەردە ئاشۇ ماقالىغا بىر قاراپ ئۆتكەيسىلەر.

قىسقىسى، ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، دۇنيا خەلقىنىڭ ئەبەدىل ـ ئەبەتكىچە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئەرزىيدىغان بى باھا گۈزەل تىلدۇر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى ۋە گىراممatىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىرى بىرمۇنچە جەھەتلەردە يەنىلا يېقىنقى ھەتتا قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بىرمۇنچە دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى ئاساسىدا بېيىدى، يەنى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇنلىغان يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراممatىكىلىق قۇرۇلۇشى سىلىقلىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ باردى.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە يۈز ھەتتا نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن يارىتىلدى ۋە بارلىق سىنىپ، تەبىقە كىشىلىرى ئۈچۈن ئورتاق ئالاقە قورالى بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئاساسىي لۇغەت فوندى ۋە گىراممatىكىلىق قۇرۇلۇشىدا تۈپلۈك چوڭ ئۆزگىرىش قىلماي، ئاساسىي خۇسۇسىيىتىنى كۆپ جەھەتتىن ساقلاپ كەلگەن تىل. شۇڭا پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي، ئەدەبىي ئورتاق تىلى ھېساپلىنىدۇ.

ئەلبەتتەكى، ئۇيغۇر تىلىنى ئۇنىڭ گىراممatىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئاساسىدا نۇتۇق تىلىدا توغرا ئىپادىلەشنى، ئەدەبىي تەلەپپۇز بىلەن توغرا سۆزلەشنى ۋە توغرا يېزىشنى ئوبدان ئۆگەنگەندىلا، بۇ تىلدىن ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئەدەبىي تىلنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق ئىگەللىمىگەن كىشى يېزىقتا تىلدىن ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلىنىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇيغۇر تىلى گىراممatىكىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش لازىم.

## 2 ـ §. ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەزمۇنى ۋە ۋەزىپىسى

ئۇيغۇر تىلى ئۈچ تەركىۋىي قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. ئۇلار فونېتىكا، لېكسىكا ۋە مورفولوگىيە ـ

ـدىن ئىبارەت. مانا بۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈپ ـ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر.

**1. فونېتىكا.** تىلىنىڭ تىل تاۋۇشلىرىنى تەكشۈرىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان قىسمىنى فونېتىكا دەپ ئاتايمىز. ھەرقانداق بىر تىلنىڭ تىل تاۋۇشلىرى ئۇنىڭ ماددىي پوستى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى ئۇنىڭ تاۋۇشلىرى سىستېمىسىنى، تۈزۈلۈشىنى، بوغۇم ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىنى، تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ. فونېتىكا ھەققىدە تېگىشلىك بىلىمگە ئىگە بولماي تۇرۇپ توغرا تەلەپپۇز قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىملا ۋە گراماتىكىلىق قائىدىلەر بويىچە ئىش كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس.

**2 . لېكسىكا.** بىرەر مىللەت تىلىدا ئىشلىتىلىدىغان بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى شۇ تىلنىڭ لېكسىكىسى (لۇغەت تەركىۋى) دېيىلىدۇ. تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى لېكسىكىنىڭ تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا سۆز ۋە تاۋۇشلارنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتى، سۆزلەرنىڭ تەرەققىياتى، يەككە سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىش يوللىرى ئۆگىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ئەسلى لۇغەت فوندى ئاساسىدا كۆپلىگەن سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ياساش، ئىجاد قىلىش، تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر تىلىدىن، شۇنىڭدەك ھەرخىل تارىخىي دەۋرلەردە ھەرخىل تىللاردىن بىرمۇنچە يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇزۇن تارىخىي دەۋر ـ لەر جەريانىدا بېيىپ راۋاجلانغان، مول لۇغەت تەركىبىگە ئىگە بولغان باي ئەدەبىي تىللاردىن بىرى ھېساپلىنىدۇ.

**3. گراماتىكا.** بىرەر مىللەت تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى، يەنى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى، تۈرلىنىشى، ئۆزگىرىشى، تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى قاتارلىق قائىدىلىرىنى ۋە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش ھەققىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى ئۆگىتىدۇ. گراماتىكا، مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىستىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۈچ تەركىۋى قىسمى ۋە ئۇلارنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مانا شۇلاردىن ئىبارەت.

# 3 ـ §. ئەدەبىي تىل ۋە دىئالېكت

بىر مىللەتنىڭ ھەممە جايدىكى كىشىلىرىگە ئورتاق بولغان، بەلگىلىك قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلغان تۇ، ئومۇمى خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئەدەبىي تىل جانلىق ئەدەبىي تىل ۋە يازما ئەدەبىي تىلدىن تەركىپ تاپىدۇ. جانلىق ئەدەبىي تىل ئاغزاكى سۆزلەش ئارقىلىق، يازما ئەدەبىي تىل يېزىق ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ.

فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس بولغان ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان رايون خارەكتېرلىق يەرلىك تىل دىئالېكت دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىغى، ئۇزۇن تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى ۋە بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا مەركىزىي دىئالېكت، غەربىي جەنۇبى دىئالېكت، لوپنۇر دىئالېكتى قاتارلىق ئۈچ دىئالېكت بار. لېكىن ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، بولۇپمۇ مەركىزىي دىئالېكت بىلەن غەربىي جەنۇبى دىئالېكت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئانچە چوڭ ئەمەس. ئەگەر ئەدەبىي تىلنى ئۆگىنىش ۋە ئىگەللەش چىڭ تۇتۇلسا، دىئالېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تەدرىجى ھالدا ئازىيىدۇ ۋە يوقىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ خەلقىمىز ئىچىدە ئەدەبىي تىل خېلى دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، دىئالېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئازايماقتا. بۇ ياخشى ئەھۋال. بۇ مەسىلىگە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقىرىش لازىم.

### تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . ئۇيغۇر تىلى قايسى خىل تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەك، دەيمىز؟ بۇ تىل قانداق راۋاجلانغان ۋە بېيىغان؟

2 . ئۇيغۇر تىلى قانداق تەركىۋىي قىسىملاردىن تەشكىل تاپقان؟

3. ئەدەبىي تىل ۋە دىئالېكت دېگەن نېمە؟

# ئىككىنچى باپ فونېتىكا

## 1 ـ §. فونېتىكا ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

فونېتىكا تىلنىڭ تاۋۇشلار سىستېمىسى ۋە تىلدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ھەققىدىكى تەلىمات. ئۇ گرېكچە phonetikos يەنى، تاۋۇش دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان.

فونېتىكا بىرەر تىلنىڭ تاۋۇشلار سىستېمىسى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنى تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئۆزگىرىشىنى، شۇنىڭدەك ئەدەبىي تەلەپپۇز ئۆلچىمىگە ئاساسەن توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى، ئورغۇ ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنى، ئورغۇنى توغرا ئىشلىتىش يوللىرى قاتارلىقـ ـلارنى ئۆگىتىدۇ.

ھەرقانداق تاۋۇش ئېلاستىك جىسىمنىڭ تەۋرىنىشى بىلەن ھاۋادا دولقۇن ھاسىل بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ھاسىل بولىدۇ. تىل تاۋۇشلىرى بولسا ئۆپكىدىن چىققان نەپەسنىڭ تاۋۇش پەردىلىرىنى تىترىتىشى، نۇتۇق ئەزالىرى (ئورگانلىرى)نىڭ پائالىيىتى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ.

تىل تاۋۇشلىرى ـــ تىلنىڭ ماددى پوستى. چۈنكى تىلىمىزدىكى ھەرقانداق سۆز تىل تاۋۇشلىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. تىل تاۋۇشلىرىسىز ھەرقانداق سۆز ۋە گراماتىكىلىق ھادىسىنى ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا تىلنىڭ لېكسىكىسى بىلەن گراماتىكىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش قانچە مۇھىم بولسا، فونېتىكىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشمۇ شۇنچىلىك دەرىجىدە مۇھىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2 ـ § . فونېما

ھەرقانداق بىر تىل ئۆزىگە خاس تاۋۇشلار (فونېما) سىستېمىسىغا يەنى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار سىستېمىسىغا ئىگە.

بىر تىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە گراماتىكىلىق شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاساس بولىدىغان تىل تاۋۇشلىرى فونېما دېيىلىدۇ. مەنە پەرقلەندۈرۈشتە ئاساس بولالمايدىغان تىل تاۋۇشلىرى تاۋۇشلارنىڭ ۋارىيانتى دېيىلىدۇ.

فونېما تىلىمىزدىكى ئەڭ كىچىك تاۋۇش بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ. تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان بەلگە ھەرپ دېيىلىدۇ.

تىل تاۋۇشلىرىنى ئاڭلايمىز ھەم ئېيتىمىز. ھەرپلەرنى بولسا كۆرەلەيمىز، ئوقۇيمىز ۋە يازىمىز. ھەرقانداق مىللەتنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېزىقتىكى ھەرپلىرى تۇراقلاشتۇرۇلغان مۇھىم بىر تەرتىپ بويىچە قاتار تىزىپ كۆرسىتىلىدۇ.

بەلگىلەنگەن مۇھىم تەرتىپ بويىچە يېزىلغان ھەرپلەر تىزىمىسى ئېلىپبە دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر بىر ھەرپتىن، زور كۆپچىلىكى بىرنەچچە ھەرپنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن : «ۋەتەن، ئاتا، ئانا، ئۇ، باغ، ئات، ئاي، گۈل، باھار» دېگەن سۆزلەردىن «ئۇ» دېگەن سۆز بىر ھەرپتىن، قالغانلىرى 2 ، 3 ، 4 ۋە ئۇنىڭدىن ئوشۇق ھەرپنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن.

1 ـ **كۆنۈكمە :** تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قانچە تاۋۇشتىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1 . ئىش قىلساڭ پۇختا قىل، خام قىلما.
2 . ئارتۇق ئۇخلىساڭ، ئاچ قالىسەن.
3 . ھورۇن ئادەم يەرگىمۇ يۈك.
4 . ئېگىز تاغدا قار بولار،
مەرت يىگىتتە ئار بولار.
5 . بۇلبۇل گۈل بار يەردە،
ھۆرمەت دوست بار يەردە.
6 . كىشىگە قىلساڭ يامانلىق،
ئۆزۈڭگە تاپمايسەن ئامانلىق.

# 3 ـ § . تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى ۋە تاۋۇشلارنىڭ خاراكتېرى

**تەبىئەتتىكى ھەرقانداق جىسىم مەلۇم كۈچ تەسىرى بىلەن ھاۋادا دولقۇن ھاسىل قىلىدۇ. مانا شۇنداق دولقۇن تاۋۇش (ئاۋاز) دېيىلىدۇ.**

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ سۆزلەش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىدۇر. بىرەر مىللەت تىلىدا تاۋۇشلارنىڭ ھەرخىل بولۇپ چىقىشى كىشىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ ھەرخىل پائالىيىتى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ.

تىل تاۋۇشلىرى ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىغا ھەرخىل دەرىجىدە تەسىر قىلىشى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ھەرخىل ئۇسۇلدا ماسلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. ھەرقانداق بىر تىلنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىشتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگەللەش زۆرۈر.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تاۋۇشلار سىستېمىسىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ۋە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ. جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ. بەزى تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا، ھاۋا ئېقىمى بوغۇزدىن ئۆتۈپ، ئېغىزدىن چىقىدۇ. بەزى تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا، ھاۋا بۇرۇندىن چىقىدۇ.

تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. لەۋ؛ 2. چىش؛ 3. قاتتىق تاڭلاي؛ 4. يۇمشاق تاڭلاي؛ 5. كىچىك تىل؛ 6. تىل ئۇچى؛ 7. تىل ئۈستى؛ 8. تىل تۈۋى؛ 9. كېكىرتەك (بوغۇز)؛ 10. تاۋۇش پەردىسى؛ 11. قىزىلئۆڭگەچ.

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىكىلىق قانۇنىيىتى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ھەرىكەتلىنىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولۇشى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ماددىلىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلار نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ناھايىتى كۆپ ۋە ھەر خىل تاۋۇشلارنى ئېيتالىسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى سۆزدە مەلۇم بىر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان تىل تاۋۇشى (فونېما) بولۇشۇرمەيدۇ. سۆزدە مەلۇم بىر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان تىل تاۋۇشلىرى تۇراقلىق ھەم بەلگىلىك ساندىلا بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا پەقەت 32 لا تاۋۇش بار. بۇ تاۋۇشلار ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن. پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئورتاق ئىشلىتىشى بىلەن مۇقىملىشىپ بىرلىككە كەلگەن. ئۇ تاۋۇشلارنى ھەرقانداق كىشى ئۆزگەرتىپ ئۆزى بىلگەنچە ئىشلىتەلمەيدۇ. مەسىلەن، «قوي، توي، يول، قول، ئال، ئەل، بارات، پارات» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ 1 ـ تاۋۇشىنى ئۆزگەرتسىلا ئۇ باشقا مەنىدىكى سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا بىرەر سۆزدىكى ھەرقانداق بىر تاۋۇشنى ھەرقانداق كىشى ئۆزى خالىغانچە باشقا تاۋۇشقا ئالماشتۇرالمايدۇ، ئەگەر باشقا ھەرقانداق تاۋۇشنى ئالماشتۇرسا، ئۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

دېمەك تىل تاۋۇشلىرى بىر مىللەتنىڭ بارلىق كىشىلىرى ئۈچۈن ئورتاقلىق خاراكتېرىغا ئىگە بولۇپ، بۇ ئەھۋال تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ۋە ياخشى ئۆگىنىش، ئىملا قائىدىلىرىنى پۇختا ئىگەللەش ۋە توغرا يېزىشتا تىل تاۋۇشلىرىنى ياخشى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى بەك زور.

# 4 ـ § . سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار ھەم ئۇلارنىڭ تۈرلىرى

**1. سوزۇق تاۋۇشلار.** ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا 8 سوزۇق تاۋۇش بار. ئۇلار: ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئې، ئى لاردىن ئىبارەت.

سوزۇق تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى بىر تەكشى جىددىيلىشىدۇ. لېكىن



www.uyghurkitap.com

ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېغىز بوشلۇغىدا ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىماي، ئۇنلۇك سوزۇلۇپ چىقىدۇ.

**ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىماي، ئۇنلۇك، ئەركىن چىقىدىغان ۋە سوزۇلۇپ جاراڭلىق ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلارنى سوزۇق تاۋۇشلار دەيمىز.**

سوزۇق تاۋۇشلار :

1. تىل ھالىتىگە قاراپ 3 كە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار:

1) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى : ئە، ئۆ، ئۈ.

2) تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى : ئا، ئو، ئۇ.

3) ئارا سوزۇق تاۋۇشلار : ئې، ئى.

2. ئېغىز بوشلۇغى ۋە لەۋلەرنىڭ ھەر خىل ھالىتىگە قاراپ 2 گە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار:

1) لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار : ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ.

3) لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار: ئا، ئە، ئې، ئى.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا سوزۇق تاۋۇشنىڭ قاتنىششىسىز بوغۇم ۋە سۆز تۈزۈلمەيدۇ.

**2. ئۈزۈك تاۋۇشلار.** ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا 24 ئۈزۈك تاۋۇش بار. ئۇلار : ب، پ، ت، ن، ل، م، گ، ك، ڭ، ج، چ، خ، غ، ر، ز، ژ، ۋ، د، ھ، ف، ق، ش، س، ي لاردىن ئىبارەت.

ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ ياكى ھىملىشىپ، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ھەر خىل توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرايدۇ ۋە ھاۋانىڭ سىقىلىشى، پارتلىشى ياكى سىيرىلىپ چىقىشى سەۋەبىدىن تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار ھاسىل بولىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېغىز بوشلۇغىدا ھېچبىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىسمۇ، لېكىن ئۈزۈك تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ھەر خىل توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرايدۇ. سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تۈپ پەرقى مانا مۇشۇ يەردە.

**ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇغىدا تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ، شاۋقۇن بىلەن چىقىدىغان تاۋۇشلارنى ئۈزۈك تاۋۇشلار دەيمىز.**

ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىش ئۈچۈن، ئادەتتە بارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاخىرىغا < ئې > سوزۇق تاۋۇشى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1. جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار: ب، د، گ، ج، ل، م، ن، ر، ز، ژ، ۋ، غ، ي،ڭ لاردىن ئىبارەت.

**تەلەپپۇز قىلغاندا ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا تاۋۇش پەردىسىنى تىترىتىپ، شاۋقۇن ھاسىل قىلىپ، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئېيتىلغان تاۋۇشلارنى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار دەيمىز.**

2 . جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار: پ، ت، س، ش، خ، چ، ك، ھ، ف، ق لاردىن ئىبارەت.

**تەلەپپۇز قىلغاندا ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا تاۋۇش پەردىسىنى تىترەتمەي، شاۋقۇن ھاسىل قىلماي، پەس ئاۋاز بىلەن ئېيتىلغاندا تاۋۇشلارنى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار دەيمىز.**

2 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا 1 سىزىق لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا 2 سىزىق سىزىڭلار.

«ئوغۇز خاقان ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىل دەرياسىغا كەلدى. ئېتىل دىگەن چوڭ بىر دەريا ئىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرۈپ: <ئېتىلنىڭ سۈيىدىن قانداق ئۆتىمىز؟> دىدى. قوشۇندا بىر ئوبدان بەگ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېتى ئۇلۇغ ئوردۇ بەگ ئىدى. ئۇ ماھىر، پاراسەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ دەريا ياقىسىدا كۆپلىگەن تال ۋە نۇرغۇن دەرەخلەرنىڭ بارلىقىنى كۆردى - دە، ئاشۇ دەرەخلەرنى... كەستى. ئاشۇ دەرەخلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، دەريادىن ئۆتتى. ئوغۇز خاقان بۇنى كۆرۈپ سۆيۈندى. كۈلى ۋە مۇنداق دىدى؛ <ئاي - ھاي! سەن بۇ يەرگە بەگ بولغىن، قىپچاق دىگەن بەگ سەن بولغىن.> يەنە ئالغا قا- راپ كەتتى...» («ئوغۇز نامە»دىن)

3 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە ئاخىرقى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

يېتىپتۇ پاختىدەك ئاپپاق، ئىگىز چوققىلاردا قار، نىلقا،
ئېتەك ـ باغرىڭكى تەڭداشسىز گۈزەل باغ، لالىزار، نىلقا.
زېمىن ئۈستىدە بار گۈلنىڭ ئېكەن سەر خىللىرى سەندە،
شۇ گۈلدىن بىر قىساي مەنمۇ، ئەزەلدىن گۈل خۇمار، نىلقا.
كۈمۈش سۇ ئۆرۈلۈپ تاشقا ئاقار دەريا يۇ ـ جىلغاڭدىن،
چېچىپ ئەتراپقا مەرۋايىت كۆزۈمنى چاقنىتار نىلقا.
بۇلۇتقا باش تىرەپ تۇرغان يېشىل قارغايۇ ـ شەمشاتلار،
گويا قول بىرلە تىككەندەك تۇرار رەتلىك قاتار، نىلقا.
تېغىڭ شۇنچە بېغىڭغا كىم تاپالايدۇ مۇناسىپ سۆز،
تەبىئەت ساڭلا شۇنداق سېخىمۇ، ئالمىزار نىلقا؟
(غەنىزات غەيبۇرانى)

# 5 ـ § . بوغۇم تونغرىسدا ئومۇمي چۈشەنچە

## 1. بوغۇم

سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن چىقىۋاتقان ھاۋا ئېقىمى بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە ئاجىزلىشىپ، بۆلۈنۈپ چىقىشى نەتىجىسىدە بوغۇم ھاسىل بولىدۇ.

**سۆزدە بىرلا نەپەس بىلەن بۆلۈنۈپ ئېيتىلغان سوزۇق تاۋۇش ياكى سوزۇق، ئۈزۈك تاۋۇشلار بىرىكمىسى بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملار ئومۇمەن سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. لېكىن ئايرىم ھاللاردا بىرلا سوزۇق تاۋۇشمۇ بىر بوغۇم بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ، شۇ، نان، دان، يول، قول، سۆز، كۆز قاتارلىق سۆزلەر بىر بوغۇمدىن، ۋەتەن، ئاتا، ئانا، قەشقەر، خوتەن، ئۆچتۇرپان، يەكەن دېگەن سۆزلەر كۆپ بوغۇمدىن تۈزۈلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ، بىر بوغۇمدا پەقەت بىرلا سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ، سوزۇق تاۋۇشلار بوغۇمنىڭ مەركىزى ھېساپلىنىدۇ.

تىلىمىزدا بىردىن ئۈشۈق لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئومۇمەن بىرىنچى بوغۇمىدا < ئو > كەلسە، كېيىنكى بوغۇملىرىدا < ئۇ >كېلىدۇ. ئەگەر بىرىنچى بوغۇمدا < ئۆ > كەلسە، كېيىنكى بوغۇملىرىدا < ئۈ > كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇزۇق، تورۇق، ئوتۇن، ئۆمۈر، كۆمۈر، تۆمۈر، قوزۇق، بولۇپ، كۆرۈپ ۋە باشقىلار .

4 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا < ئو >، ئىككىنچى بوغۇمىدا < ئۇ > كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، بىرىنچى بوغۇمىدا < ئۆ >، ئىككىنچى بوغۇمىدا < ئۈ > كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1 . ئوغۇت ـ يەرنىڭ يېغى.
2 . قولۇمدىن كەلگىنى كۆڭلۈمگە ياقماس،
كۆڭلۈمگە ياققىنى قولۇمدىن كەلمەس .
3 . ئۆلۈشكە چىدىساڭ مال ئەت،
كۆمۈشكە چىدىساڭ تال ئەت.
4 . ئۇرۇق قويىنىڭ مايىغى چوڭ.
5 . ئۆمۈر ـ ئاققان سۇ.
6 . ئۆلۈمگە يىغلىغىچە،
كېسەلگە سەۋەپ قىل.
7 . ماڭغاننىڭ يولى تۈگەر،
ئولتۇرغاننىڭ كۆڭلى تۈگەر.
8 . توخۇ، توشقان مال ئەمەس،
كاۋا، قاپاق تال ئەمەس.



www.uyghurkitap.com

**5 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرنى بىر قاتارغا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرنى ئىككىنچى قاتارغا، ئارىلاش ۋە ئارا سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرنى ئۈچىنچى قاتارغا يېزىڭلار.

## ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى

مەھمۇت بىننى ھۆسەيىن قەشقەرى 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەردە ياشاپ، ئىجات قىلغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناسى ۋە ئەدىبىياتشۇناسىدۇر. شەرقىي ياۋروپادىن تاكى يىراق شەرقىچە، ياۋروپا ـ ئاسىيانىڭ شىمالى، غەربىي، غەربى جەنۇبى، شەرقى ۋە مەركىزىي ئاسىياغىچە ئورۇنلاشقان بارلىق تۈركى مىللەتلەر بۈگۈندىن 9 ئەسىر ئاۋال ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم بىلەن پەخىرلىنىدۇ. چۈنكى تۈركى تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئوتتۇرا زامان قىسمى توغرىسىدا بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دىن سۆز ئاچماي ئۆتەلمەيدۇ. مەھمۇت قەشقەرى بۈگۈندىن 9 ئەسىر بۇرۇنقى تۈركى خەلقلەرنىڭ تىلىنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، يازما ئەدەبىياتىنى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى شاھ ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنياغا تونۇشتۇرغان.

ئۈلگە:

| 1 ـ قاتار | 2 ـ قاتار | 3 ـ قاتار |
|---|---|---|
| خەلق | ئۇلۇغ | مەھمۇت |
| سۆز | ياۋروپا | ئەسىر |
| پۈتۈن | ئۇيغۇر | بارلىق |

# 2. بوغۇمنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى 6 خىل بولىدۇ. ئۇلار:

1. بىرلا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم. مەسىلەن: ئا ـ تا، ئا ـ نا، ئە ـ زىز، ئو ـ زۇق، ئۇ ـ رۇش، ئۆ ـ دەك، ئۈ ـ زۈك، ئې ـ رىق؛

2. بىر سوزۇق، بىر ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بوغۇم. مەسىلەن: ئات، ئەت، ئەن ـ ۋەر، ئوس ـ مان.

3 . بىر ئۈزۈك، بىر سوزۇق تاۋۇشنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بوغۇم. مەسىلەن: لا ـ زا، با ـ زار، ۋە ـ تەن، زا ـ ھى ـ دە، سا ـ رە.

4 . بىر سوزۇق، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بوغۇم. مەسىلەن: ئەرز، ئېيت، ئارت.

5 . بىر ئۈزۈك، بىر سوزۇق، بىر ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بوغۇم. مەسىلەن: يول، قول، كۆپ، بار، يوق، يامغۇر.

6 . بىر ئۈزۈك، بىر سوزۇق، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بوغۇم. مەسىلەن: شەرت، قەيت، دوست، شارت ـ شۇرت.

تىلىمىزدىكى سۆزلەردە بوغۇملار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورنىغا قاراپ يەنە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1 . ئوچۇق بوغۇم؛ 2 . يېپىق بوغۇم.

**سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بوغۇم ئوچۇق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئاتا، ئانا، بالا، دادا، خۇلاسە، ئۇ، بۇ، شۇ.

**ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بوغۇم يېپىق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: قىز، يۈز، يۇلتۇز، ھۆرمەت، سۈرئەت.

**6 ـ كۆنۈكمە:** بوغۇم تۈزۈلۈشىنىڭ ھەر بىر تۈرى ئۈچۈن 3 تىن سۆز يېزىڭلار.

www.uyghurkitap.com

# 3 . بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى ۋە ئايرىش بەلگىسى

## بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى:

ئادەتتە ماقالا، خەتلەرنى يازغاندا، ياكى مەتبۇئاتتا كىتاپلارنى تىزغاندا، سۆزلەرنىڭ بىر قۇرغا پاتماي قالغان قىسمى ئىككىنچى قۇرغا بوغۇملارغا بۆلۈپ كۆچۈرۈپ يېزىلىدۇ. بۇنىڭدا:

**1) يازغاندا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ قۇر ئاخىرىغا پاتماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈپ يېزىلىدۇ ۋە بوغۇم ئايرىلغان جايغا سىزىقچە ( ـ ) قويۇلىدۇ.**

مەسلەن: تۆتنى زامانىۋىلاشـ ـ ۋەتەنپەرۋەر ـ
ـتۇرۇش لىك
ئەمگەكـ ـ سا ـ
ـچان دىر

**2) قۇر ئاخىرىغا پاتماي قالغان قىسقارتىلغان سۆزلەرنى ئىككى قۇرغا بۆلۈپ كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ.**

مەسلەن: م.ت
س دەك ئەمەس
م.ت.س (ماشىنا ـ تراكتۇر ستانسىيىسى) دەك يېزىلىدۇ.

**3) قۇرنىڭ ئاخىرىغا پاتماي قالغان سان ـ رەقەملەرنى قۇردىن ـ قۇرغا بۆلۈپ كۆچۈرۈپ يېزىشقا بولمايدۇ.**

مەسلەن: 19
86 دېگەندەك ئەمەس، 1986 دېگەندەك يېزىلىدۇ.

**4) خەن تىل ـ يېزىقىدىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەردىكى بىر بوغۇمدا كېلىدىغان قوشما سوزۇق تاۋۇشلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە بىر ياكى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن تەلەپپۇز قىلىپ ئېيتىلىدۇ ۋە شۇنداق ئىپادىلەپ بىر بوغۇم قىلىپ يېزىلىدۇ. بەزى سۆزلەردىكى قوشما سوزۇق تاۋۇش بويىچە يېزىلغان بوغۇملارمۇ بىر بوغۇم ھىساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنداق قوشما سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملارنىمۇ ئىككى بوغۇمغا بۆلۈپ كۆچۈرۈپ يېزىشقا بولمايدۇ. بەلكى تۆۋەندىكىدەك يېزىلىدۇ:**

مەسلەن: ماۋدۇن (Maodun)، داشۆ (daxue)، جۇڭخۇا(Zhonghua)؛

5) قۇر ئاخىرىغا پاتماي قالغان جۈپ سۆزلەرنى قۇردىن ـ قۇرغا بۆلۈپ كۆچۈرگەندە، ئالدىنقى قۇرنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزدىن كېيىن سىزىقچە ( ـ ) قويۇلغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى قۇرنىڭ بېشىغا سىزىقچە قويۇلمايدۇ.

مەسلەن: توغرىسى: خاتاسى:

| توغرىسى | خاتاسى |
|---|---|
| ئاز ـ<br>تولا | ئاز ـ<br>ـ تولا |
| ئالمان ـ<br>تالمان | ئالمان ـ<br>ـ تالمان |
| ئىگىز ـ<br>پەس | ئىگىز ـ<br>ـ پەس |

## ئايرىش بەلگىسى (ئەمزە):

**سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا، ئېنىق ئىپادىلەش ۋە سۆزلەردىكى بوغۇملار چېكىنى ئېنىق ئايرىش يەنى كېيىنكى بوغۇمدا كەلگەن سوزۇق تاۋۇشنى ئالدىنقى بوغۇمدىن ئايرىپ توغرا ئوقۇش ئۈچۈن ئايرىش بەلگىسى (ئەمزە) قويۇلىدۇ.**

مەسىلەن: سۈرئەت، قەلئە، قەتئى، قىتئە، تەبىئەت، ئەنئەنە، رىئايە، شىئەن، گۈلئۈزارىم، مەنئى، شەرئەت، سەنئەت ۋە باشقىلار.

7 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، ئەمزە (ئە) قويۇلغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە نېمە ئۈچۈن ئەمزە قويۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن يىللىق مول مەدەنىيەت تارىخىغا، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىغا ئىگە ئۇلۇغۋار خەلق. 2. بىز ھەرقانداق ئىشنى خەلققە مەسئۇل بولغان ھالدا ئىشلىشىمىز كېرەك. 3. ھەدەم بىئولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

## 6 - §. ئۇرغۇ ۋە ئۇنىڭ رولى

كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى بىر خىل ئاھاڭدا بولۇۋەرمەيدۇ. بەزى تاۋۇشلار كۈچلۈكرەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

**كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردىكى مەلۇم بىر سوزۇق تاۋۇشنىڭ باشقا سوزۇق تاۋۇشلارغا قارىغاندا يۇقۇرىراق ئاۋازدا كۈچلۈك ئېيتىلىشى سۆز ئۇرغۇسى دېيىلىدۇ.**

سۆز ئۇرغۇسى ئادەتتە تاۋۇشنىڭ كۈچلۈك، ئاجىزلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ئۇرغۇسى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كۈچلۈك-ئاجىز ئېيتىلىشىغا قاراپ، ئۇرغۇلۇق بوغۇم، ئۇرغۇسىز بوغۇم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ ۋە سۆزلەردىكى ئۇرغۇ چۈشكەن بوغۇم ئۇرغۇلۇق بوغۇم، ئۇرغۇ چۈشمىگەن بوغۇم ئۇرغۇسىز بوغۇم دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ئۇرغۇسى (ئۇرغۇلۇق بوغۇم)، بولۇپمۇ ئوخشاش سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملاردا كۆپىنچە سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىغا چۈشىدۇ.

مەسىلەن: ئاتا´، دادا´، سەھەر´، شەھەر´، ئۈنۈم´ دېگەندەك.

ئەگەر سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانسا، سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ئۇرغۇ قوشۇمچىلەرگە كۆچىدۇ.

مەسىلەن: ئەمگەكچى، دادامغا، ئانامدا، ۋەتەنگە، لاگېرلاردا دېگەندەك.

**سۆز ئۇرغۇسىنىڭ قايسى بوغۇمغا چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇرغۇلۇق بوغۇم (ئۇرغۇ چۈشكەن بوغۇم) ئۈستىگە ئۇرغۇ بەلگىسى قويۇلىدۇ.**

8 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىللەردىكى ئۇرغۇلۇق بوغۇملارنىڭ ئۈستىگە ئۇرغۇ بەلگىسىنى قويۇڭلار.

1. ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگى - روينىڭ سامان بولماس.
2. دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق،
ئەل سۆيگەنىنىڭ يولى ئوچۇق.
3. ئىش ئۆملۈكتە كۈچ بىرلىكتە.
4. مەرتنى مەيداندا سىنا.
5. ئۆلۈشتىن قورقما،
ئۆلەرمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق.

# ئۈچىنچى باپ تاۋۇشلار

## 1 - §. تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە بىر - بىرىگە تەسىر قىلىش نەتىجىسىدە بىر تاۋۇش ئىككىنچى بىر خىل تاۋۇشقا ئۆزگىرىدۇ ياكى ئوخشاپ قالىدۇ، بەزى تاۋۇشلار چۈشۈپ قالىدۇ.

**تىلىمىزدىكى تاۋۇشلارنىڭ چىقىش ئورنى، چىقىش ئۇسۇلى جەھەتتە ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە كېلىپ، بىر - بىرىگە ماسلىشىشى، بېقىنىشى، تەسىر قىلىشى ۋە سۆز ئۇرغۇسىنىڭ كۆچۈپ تۇرۇشى سەۋەبىدىن بىر تاۋۇشنىڭ ئىككىنچى بىر تاۋۇشقا ئۆزگىرىپ كېتىشى ياكى يېقىنلىشىشى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى دېيىلىدۇ.**

تاۋۇشلاردىكى بۇنداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر كۆپىنچە تۈپ سۆز بىلەن قوشۇمچە ئوتتۇرىسىدا،

بوغۇم ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن قوشۇمچە بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا ھەم بىر سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككىنچى سۆزنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدۇ.

سۆز تەركىۋىدە ئوخشاش ئىككى تاۋۇش بىللە كەلگەندە، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ماسلىشالماي، بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بىرى تامامەن باشقا بىر تاۋۇشقا ئايلىنىدۇ.

| مەسلەن: يېزىقتا : | جانلىق تىلدا: |
| --- | --- |
| يۈز + سىز، | يۈسسىز |
| ئاز سانلىق، | ئاسسانلىق |
| تۈز + سىز، | تۈسسىز. |
| ياغاچ + چى = ياغاچچى | ياغاشچى |
| ئاچقۇچ + چى = ئاچقۇچچى، | ئاشقۇشچى |
| چاچ + لىق = چاچلىق، | چاشلىق |

# 2 ـ § . سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى

**سۆز تەركىۋىدە كەلگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى، لەۋ ھالىتى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ كېلىشىنى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى دېيىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ.

## 1 . سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقى

ئۇيغۇر تىلىدا ‹ ئا، ئو، ئۇ › قاتارلىق تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.

مەسلەن: قال ـ قالغان، قالغاندا، قالغانلار. يولۇاس ـ يولۇاسقا، يولۇاسلار دېگەندەك.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى ئومۇمەن ئالغاندا بىر قەدەر مۇقىم بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇنداق ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىدە ئۆزگىرىش، بۇزۇلۇش يۈز بەرگەن. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ چى، داش، خور، خانا، كەش، زار › دەك بىرمۇنچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە ‹ دىن، تىن، نىڭ، سى، ى › قاتارلىق كېلىش قوشۇمچىلىرى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار تۈپ سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ھەممە سۆزلەرگە ئوخشاشلا ئۇلىنىۋېرىدۇ.

مەسلەن: ئالمىچى، گۈلچى، سىرداش، يولداش، چايخانا، گۈلخانا، ھارۋىكەش، گۈلزار، ئالمزار، سۆزدىن دادامدىن، قىزنىڭ، ۋەتەننىڭ، قەھرىماننىڭ دادىسى، قىزى، يولى ۋە باشقىلار.

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش ‹ ئۆ، ئۈ، ئە › سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن سۆز (بوغۇم)لەرگە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.

مەسلەن: چۆل ـ چۆللەر، چۆلدە، چۆلگە. ۋەتەن ـ ۋەتەنگە، ۋەتەندە. ئۈنۈم ـ ئۈنۈمگە، ئۈنۈمدە، ئۈنۈملۈك. ئىتائەت ـ ئىتائەتلىك، ئىتائەتتە ۋە باشقىلار.

بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى بوغۇملاردا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش ياكى تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش كېلىپ، كېيىنكى بوغۇمدا ئارا سوزۇق تاۋۇش ‹ ى › كېلىدۇ، بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى بوغۇمدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش كەلسە ئۇنىڭغا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ. ئەگەر تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش كەلسە، تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ.

مەسلەن: تەنقىت ـ تەنقىتلەش، تەنقىتكە. ياخشى ـ ياخشىلار، ياخشىدا، ياخشىغا. پەرۋىش ـ پەرۋىشكە، پەرۋىشلەپ. ھازىر ـ ھازىرلاپ، ھازىرغا.

ئارا سوزۇق تاۋۇش ‹ ئي، ئى ›لار بىلەن تۈزۈلگەن بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ



www.uyghurkitap.com

تەركىۋىدە < گ، ك > تاۋۇشلىرى بولسا، ئۇنداق سۆزلەرگە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. < گ ، ك > تاۋۇشلىرى بولمىسا تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.
مەسلەن: گېزىت - گېزىتكە، گېزىتتە. تېكىست - تېكىستلەر، تېكىستكە.ئېتىز - ئېتىزدا، ئېتىزغا. قىز - قىزلار، قىزلاردا.
ئەسكەرتىش: تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەر بۇ قائىدىگە بوي سۇنمايدۇ. مەسلەن، چىش چىشلەپ، بىر - بىرلەپ، بىلىم - بىلىمگە، بىلىملىك، بىلىملەر ۋە باشقىلار.

## 2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقى

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن سۆزلەرگە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.
مەسلەن: 1. سۆز - سۆزۈم، سۆزلۈك، ئورۇن - ئورۇنلۇق. يۇلتۇز - يۇلتۇزلۇق. سۈزۈك - سۈزۈكلۈك.
2. ئاتا - ئاتام، ئاتىلىق. گۈزەل - گۈزەللىك، كەپتەر - كەپتىرىم، كەپتەرلىك.
**9 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قائىدە بويىچە قوشۇمچىلارنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار.
قوغۇن، قول، يول، كۆل، مۇناسىۋەت، ئاتا، ئانا، گۈل، ئۈمىت، قائىدە، يوسۇن، يالپۇز، قومۇش، گۈرۈچ، كۈندۈز، كېچە، ئۈزۈم،
ئۈلگە: قوغۇن - قوغۇنلۇق، قوغۇنۇم.
**10- كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئۇنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقىغا ئاساسەن مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى ئۇلاپ ئايرىم - ئايرىم كۆچۈرۈڭلار.
باھار، ياز، كۈز، قىش، قۇتلۇق، تۆگە، ئەنجۈر، گېزىت، كەبىز، قىڭغىر، سېمىز، ئورۇق، سەممىيەت، كۆلچەك، ئىنسان.
ئۈلگە: يازدا، يازلىق، يازغا؛ سېمىزلار، سېمىزلىك؛ ئەنجۈرگە، ئەنجۈردە، ئەنجۈرلۈك.
**11- كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى تىل ئورنى بويىچە قوشۇمچە ئۇلانغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىق، لەۋ ھالىتى بويىچە قوشۇمچە ئۇلانغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا 2 سىزىق سىزىڭلار.
«..بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۆڭلۈم ئانچە تىنچلانمىدى. بۈگۈن كەچتە ھويلىدا سالقىنلاپ ئولتۇرغىنىمدا، تۇساتتىن ھەر كۈنى يېنىدىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان نىلۇپەر كۆلى ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى، بەلكى بۇ تولۇن ئاي يورۇقىدا باشقىچە تۈس ئالغاندۇ. ئاي بارغانسېرى يۇقۇرى ئۆرلىمەكتە، تامنىڭ كەينىدىكى يولدا ئويناۋاتقان باللارنىڭ شوخ كۈلكىلىرى توختاپ قالغىلىمۇ خېلى بولدى. ئايالىم ئۆيدە ئۇيقۇسىرىغان ھالدا پەس ئاۋازدا ئەللەي ئېيتىۋاتاتتى. مەن ئاستاغىنا ئۇزۇن چاپىنىمنى يېپىنچاقلىدىم - دە، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم...»
**ئۈلگە:** بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۆڭلۈم ئانچە تىنچلانمىدى. بۈگۈن كەچتە ھويلىدا سالقىنلاپ ئولتۇرغىنىمدا.

## 3. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈپ سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، تۈپ سۆزدىكى بەزى سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلىشىپ باشقا بىر خىل سوزۇق تاۋۇشلارغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش قانۇنىيىتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بىر خىل قانۇنىيەت ھېسابلىنىدۇ.
سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دىگەن نېمە؟
**ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈپ سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، قوشۇمچىلار- دىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسىرى بىلەن تۈپ سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىككىنچى بىر خىل سوزۇق تاۋۇشقا ئۆزگىرىپ كېتىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دىيىلىدۇ.**

مەسلەن: ئاتا ـ ئاتىسى، ئانا ـ ئانىسى، ھەدە ـ ھەدىمىز. ئات ـ ئېتى، يەر ـ يېرى، ياش ـ يېشى.ئاشخانا ـ ئاشخانىدا، ئاشخانىغا.ۋەتەن ـ ۋەتىنىم، ۋەتىنىمىز.

يېپىق بىر بوغۇملۇق تۆپ سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، تۆپ سۆزلەردىكى > ئا، ئە < سوزۇق تاۋۇشلىرى > ئې < تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. مەسلەن:

قاش ـ قېشى ،قېشىلىك ،قېشىم.باش ـ بېشىدىن ،بېشىغا ،بېشىدا.بەل ـ بېلى ،بېلىك ،بېلىم.

كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلانغاندا، ئۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى > ئا، ئە < سوزۇق تاۋۇشلىرى > ئى < سوزۇق تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. مەسلەن:

پالتا ـ پالتىسى، پالتىنى، پالتىغا ، ھەرە ـ ھەرىسى، ھەرىگە، ھەرىدە.

ئەسكەرتىش: 1. بىر ياكى كۆپ بۇغۇملۇق سۆزلەردىكى > ئا، ئە < تاۋۇشلىرى > ئې < ياكى > ئى < غا ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارغا قوشۇمچە ئۇلىغاندا بۇرۇنقى ھالىتى ئاساس قىلىنىدۇ.

مەسلەن: بالا ـ بالىسى، بالىسىغا، قولۋاق ـ قولۋىقىغا، ئارا ـ ئارىسى، ئارىسىدا.دۆلەت ـ دۆلىتىگە، كەتمەن ـ كەتمىنىگە، كەتمىنىدە.

2. بەزى بىر ياكى كۆپ بۇغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلەر ئۇلانغاندا، ئۇ سۆزلەردىكى > ئا، ئە < تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمايدۇ.

مەسلەن: ساز ـ سازى، نام ـ نامى، تەم ـ تەمى.دەريا ـ دەرياسى، گۇنا ـ گۇناسى.باھار ـ باھارى؛

12 ـ **كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار ئويلاپ تەركىۋىدە > ئا، ئە < سوزۇق تاۋۇشلىرى كەلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىن 8 نى، ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەردىن 8 نى ئىككى قاتارغا تىزلەپ يېزىڭلار.

ئۈلگە: مال ـ مېلى، مېلىڭ؛ قامچا ـ قامچىسى، قامچىنى؛ ئەل ـ ئېلىم، ئېلى؛گىلەم ـ گىلىمى، گىلىمىڭ.

13 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى > ئا، ئە < تاۋۇشى > ئى < تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، > ئې < تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

«...بۇرۇن بىر يېزىدا بىر باي بولغان ئىكەن. بازارغا ئۆتىدىغان چوڭ يول ئۈستىدە ئۇنىڭ يوغان ھويلىسى، ئىشىك ئالدىدا ناھايىتى چوڭ بىر تۈپ ئۈژمە دەرىخى بار ئىكەن. دەرەخنىڭ سايىسى چۈش ۋاقىتلىرىدا يولغا، ھويلىغا ۋە ھويلىنىڭ كەڭ شادلىق ئايۋانلىرىغا چۈشۈپ تۇرىدىكەن. دىخانلار ۋە يولۇچىلار ئىسسىق كۈنلەردە ھېرىپ ـ ئېچىپ كېلىپ، شۇ ئۈژمە سايىسىدە ھاردۇق ئېلىپ ئۆتمەكچى بولسا، باي چىقىپ:

ـ ـ ماڭ، كەت، باشقا يەرگە بېرىپ سايىداش... ـ دەپ قوغلايدىكەن. شۇ يېزىدا ئەپچىلمەدىگەن بىر يىگىت بولۇپ، ئۇيىگىت باينىڭ ئاشۇنداق پەسلىك ـ پىخسىقلىقىغا غەزەپلىنىپ يۈرىدىكەن. («ئۈژمە سايىسى»دىن)

# 3 ـ § . ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى

مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزۈك تاۋۇشلار جاراڭلىق ھەم جاراڭسىز دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلار جاراڭلىق بولىدۇ. سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا بۇ تاۋۇشلار بەلگىلىك بىر تىل قانۇنىيىتى بويىچە ئۆز ـ ئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ.

**ئۇيغۇر تىلىدىكى جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.**

مەسلەن سۆز ـ سۆزدىن، سۆزگە، سۆزدە، كۆچ ـ كۆچتىن، كۆچكە، كۆچتە، ئات ـ ئاتتىن، ئاتقا، ئاتتا، گىراماتىكا ـ گىراماتىكىدىن، گىراماتىكىغا.

ئەسكەرتىش: جاراڭلىق تاۋۇش بىلەنلا باشلىنىدىغان بەزى قوشۇمچىلار ھەممە سۆزلەرگە ئوخشاشلا ئۇلىنىۋېرىدۇ. مەسلەن: سۆز ـ سۆزلۈك، ئات ـ ئاتلىق، تاغ ـ تاغلىق، بىس ـ بىسلىق.

## 4 ـ § . ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

**«ك، ق، پ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياقلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلەر ئۇلانغاندا، < ك > تاۋۇشى < گ > غا، < ق > تاۋۇشى < غ > غا، < پ > تاۋۇشى < ۋ > غا ئۆزگىرىدۇ.**

مەسىلەن: چېچەك ـ چېچىگى، تىلەك ـ تىلىگى، قۇلاق ـ قۇلىغى، چىراق ـ چىرىغى. كىتاپ ـ كىتىۋى، مەكتەپ ـ مەكتىۋى.

لېكىن ئايرىم سۆزلەر بۇ قائىدىگە بويسۇنمايدۇ. مەسىلەن: ئىشتىياق ـ ئىشتىياقى، ئەخلاق ـ ئەخلاقى. قۇلۇپ ـ قۇلۇپى.

**ئاخىرقى تاۋۇشى < گ >، < غ > بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە، يەنە شۇ تاۋۇشلار بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، < گ > تاۋۇشلىرى < ك > غا، < غ > تاۋۇشلىرى < ق > غا ئايلىنىدۇ.**

مەسىلەن: چىگ + گەن = چىككەن، تەگ + گەن = تەككەن، تۇغ + غان = تۇققان، باغ + غا = باققا؛

**بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى < ب، د > جاراڭلىق تاۋۇشلىرى جانلىق تىلدا تۈپ سۆز ھالىتىدە ئېيتىلغاندا جاراڭسىزلىشىپ < پ، ت > بولۇپ ئېيتىلسىمۇ، ئۇ سۆزلەرگە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، سۆز ئاخىرىدىكى < پ > تاۋۇشى < ب >، < ت > تاۋۇشى < د > يېزىلىدۇ.**

مەسىلەن: كۇلۇپ ـ كۇلۇبى، جەنۇپ ـ جەنۇبى، ئىقتىسات ـ ئىقتىسادى، ئېتىقات ـ ئېتىقادى؛

14 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى < ك > تاۋۇشى < گ >غا ئۆزگەرگەن سۆزلەرنى 1 ـ قاتارغا، < ق > تاۋۇشى < غ > غا ئۆزگەرگەن سۆزلەرنى 2 ـ قاتارغا، < پ > تاۋۇشى < ۋ > غا ئۆزگەرگەن سۆزلەرنى 3 ـ قاتارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1 . . . . شۇ يېزىدا ئەپچىلەم دىگەن بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ يىگىت باينىڭ شۇنداق پەسلىگىگە ـ پىخسىقلىقىغا غەزەپلىنىپ يۈرىدىكەن... «قىش ئوچىغى تار، قوپ ئۆيۈڭگە بار» دىگەندەك، ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن مورا، ئوچاق ئالدىلىرىدا مۇڭداشقۇدەكمۇ ياكى بىرەر دەرتنىڭ سىرىنى ئاچقۇدەكمۇ بولالماپتۇ... 2 . باينىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ موللامغا كىشى يۇگۇرتۇپتۇ. 3 . «ئەقىللىق» باينىڭ ئېسىگە «ئەخمەقلەر»نىڭ يەنە قانداق كارامەتلىرى بارلىغى كەلمەپتۇ. 4 . مېھمانلار بىر ـ بىرلەپ قۇيرۇغىنى تىكىشىپتۇ. باينىڭ گەژگىسى تارتىشىپ ئۆيگە كىرىپ يىقىلىپتۇ («ئۆژمە سايىسى»دىن). 5 . مېنىڭ 6 ياشلىق بالام «ئېلىپبە» كىتىۋىنى دۇدۇقلىماي راۋان ئوقۇيالايدۇ. 7 . بىزنىڭ مەكتىۋىمىز چىرايلىق. 8 . كۆزنىڭ ئاپتىۋىغا قىزىتىنى سال، ئەتىيازنىڭ ئاپتىۋىغا كېلىنىڭنى.

## 5 ـ § . تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تۈرلەنگەندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشىگە قاراپ باقايلى:

پىكىر ـ پىكرىم، پىكرىڭ، پىكرى. ئوغۇل ـ ئوغلۇم، ئوغلۇڭ، ئوغلى، سىڭىل ـ سىڭلىم، سىڭلىڭ، سىڭلىسى.

بۇ مىساللاردىكى تۈپ سۆزلەر ئەسلىدە ئىككى بوغۇملۇق سۆز بولسىمۇ، تۈرلەنگەندىن كېيىن ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالغان.

**دېمەك، يېپىق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان بەزى سۆزلەر ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، ئۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالىدۇ.**

ئادەتتە تەلەپپۇز قىلىنغاندا، بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار چۈشۈپ قالىدۇ، لېكىن يازغاندا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ.

| سۆزلەر | تەلەپپۇزى | يېزىلىشى |
|---|---|---|
| بار | باغىن | بارغىن |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| كۆر | كۆسۈن | كۆرسۈن |
| قەست | قەس | قەستى |

**دىمەك، بەزى سۆزلەر تەلەپپۇز قىلىنغاندا، چۈشۈپ قالىدىغان ئۇزۇك تاۋۇشلار ئۇ سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا پەيدا بولسا، يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يې-زىلىدۇ.**

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلى ھالىتى ۋە تۈرلەنگەندىن كېيىنكى ھالىتىگە قاراپ باقايلى:

پەرۋا - پەرۋايىم، پەرۋايىڭ، ئىملا - ئىملايىم، ئىملايىڭ، گۇنا - گۇنايىم، گۇنايى، سىيا - سىيايىم، سىيايىڭ، دە - دېيىش، دېيىلىدۇ، يۇ - يۇيۇش، يۇيۇلماق؛

دىمەك، ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان بەزى ئىسىملارغا 1 - ، 2 - شەخس ئىگىلىك قو-شۇمچىسى ئۇلانغاندا ۋە پېئىللارغا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، شۇ سۆزلەردىن كېيىن < ي > تاۋۇشى قوشۇلىدۇ.

مەسىلەن: دەريا - دەريايىم، دەريايىڭ، يە - يېيىش، يېيىلمەك

**15 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى بويىچە تېگىشلىك قوشۇمچىلارنى قوشۇپ كۆچۈرۈڭلار.

باشلا، دۇتار، تەمبۇر، ھايات، قەشقەر، غۇلجا، خوتەن، ئاقسۇ، يۈرەك، چىلەك، بۇلاق، ئۆتۈك، ئىنقىلاپ، كىتاپ، ئاپتاپ، ئەخلاق، ئىتتىپاق، قۇلاق، قوناق.

ئۈلگە: ھاياتتىن، خوتەندە، يۈرىگى، قۇلىغى، سىيايىم.

# ئۆتىنچى باپ . يېزىق

## 1 - § . يېزىق توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

مەلۇمكى، تىل ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە ئالاقە قورالى بولالىسىمۇ، ۋاستىلىك ئالاقە قورالى بولالمايدۇ. بۇ ۋەزىپىنى تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىقتا ئىپادىلەپ بېرىدىغان شەرتلىك بەلگىلەر، يەنى يېزىقلا ئاتقۇرالايدۇ. ئەگەر يېزىق بولمىغان بولسا، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي مەدەنىي مىراسلارنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا تىل بىلەن يېزىق ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەتلىك، بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. تارىخىي نۇقتىدىن، ۋاستىلىك مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يېزىقنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ.

ئۇنداق بولسا يېزىق دېگەن نېمە؟

**يېزىق — تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىقتا ئىپادىلەپ بېرىدىغان بەلگىلىك تەرتىپتىكى شەرتلىك بەلگىلەر سىستېمىسىدۇر.**

مەلۇمكى، ئاغزاكى تىلدا بىز سۆزلەرنى تاۋۇشلار بىرىكمىسى ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز. يېزىقتا بولسا ئۇ سۆزلەرنى ھەرپلەر بىرىكمىسى ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز.

مەيلى تىل بولسۇن ياكى يېزىق بولسۇن، ئىجتىمائىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن ۋە ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. لېكىن تۇرمۇش ئېھتىياجى ۋە بەزى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىر خىل يېزىق سىستېمىسى ئىككىنچى بىر خىل يېزىق سىستېمىسىغا ئۆزگەرتىلىشى مۇمكىن. يېزىق مەيلى قايسى خىل سىستېمىدا بولسۇن، ئۇ تىل قۇرۇلۇشىغا ماسلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا شۇ تىلنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادىلىنىدۇ.

يېزىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى تىل تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىملار، يازغۇچىلار ۋە باشقا ئەرباپلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئىجادىي ئەمگەكلىرى ۋە خىلمۇ - خىل ئىختىرا - لىرى يېزىق بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، دەۋردىن - دەۋر - گە، ھەتتا بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە پەقەت يېزىق ئارقىلىقلا تارقىلىپ كەلمەكتە. ئىنسانىيەت تە - رەققىياتى بويىچە ئېرىشكەن ئاساسلىرى تۈرلۈك كىتاب - قوللانمىلار ئارقىلىق يەنى يېزىق ۋاستىسى

ئارقىلىق ئۆگىنىلمەكتە ۋە مىراس بولۇپ كەلمەكتە.

شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىق ئۆزگەرتىش ـــ ماھىيەتتە مىللەتنى قىممەتلىك تارىخىي بىلىم - مەرىپەت خەزىنىلىرىدىن مەھرۇم قىلىدىغان بالايى - ئاپەت!

بىز ئۆز تىل - يېزىغىمىزنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ۋە جانلىق ئۆگىنىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇنداق بالايى - ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك، ئەلبەتتە!

## 2 - § . ئۇيغۇرلار قوللانغان يېزىقلار

ئۇيغۇرلار ئۇزۇن يىللىق باي مەدەنىيەت ۋە تىل - يېزىق تارىخىغا ئىگە قەدىمىي مىللەت.ھازىرغىچە مەلۇم بولغان بەزى تارىخىي يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار 200 مىڭ يىللىق يېزىق تارىخىغا ئىگە بولۇپ، ھەرخىل دىنىي ئېتىقات، ئىجتىمائىي بىرلىك سەۋەبىدىن 30 نەچچە خىل يېزىق قوللانغان، يەنى ھەر - بىر خىل يېزىقنىڭ كەينىدە ئۆزگە خاس سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ياكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش بار. ئەجداتلىرىمىز مانا مۇشۇ ھەرخىل يېزىقلار ئارقىلىق ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋر ۋە دىنىي مۇھىتتىكى ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن ئەدەبىيات، دىن، تارىخ، ئىقتىسات، تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە ، ئىلمىنۇجۇم، تىلشۇناسلىق ۋە باشقا ساھەلەردىكى يازما يادىكارلىقلارنى خاتىرىلىگەن.

ئۇيغۇرلار قوللانغان يېزىقلاردىن نىسپەتەن ئۇزۇنراق قوللىنىلغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1. تۈرك - رونىك يېزىغى، يەنى ئورخۇن يېنسەي يېزىغى.** بۇ ئۇيغۇرلار تۇنجى قېتىم ئۇزۇن مۇددەت قوللانغان يېزىق بولۇپ، گېرمان (رونىك) يېزىغىغا ئوخشاپ كەتكەنلىگى ۋە ئۇنى تۈركىي خەلقلەر قوللانغانلىغى ئۈچۈن تۈرك - رونىك يېزىغى دەپ ئاتالغان. ئۇ يېزىق بىلەن يېزىلغان بەزى يادىكارلىقلار (تاش ئابىدىلەر) ئورخۇن - يېنسەي دەريالىرى بويىدىن تېپىلغانلىغى ئۈچۈن، شۇ يەر نامى بىلەن ئور - خون - يېنسەي يېزىغى دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈندىن 1600 يىل ئىلگىرى يېزىلغان بەزى تار - ىخىي يادىكارلىقلىرى مانا شۇ يېزىق بىلەن يېزىلغان.

**2. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغى.** بۇ، ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ۋاقىت قوللانغان 2 - يېزىق. «ئو - غۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇغ»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەر مانا شۇ يېزىقتا يېزىلغان. ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى 8 - ئەسىردىن 17 - ئەسىرگىچە ئىشلەتكەن. بۇ يېزىقنى باشقا تۈركىي قەبىلىلەرمۇ قوللانغان. بۇ يېزىقنى موڭغۇللارمۇ ئۆزگەرتىپ قوللانغان.

**3. ئەرەب يېزىغى ئاساسىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يېزىغى.** بۇ يېزىق ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە، ئەرەب يېزىغىنى ئىجادىي ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا قوللىنىشقا باشلىغان يېزىق بولۇپ، 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ تەدرىجى ھالدا تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېزىق سىستېمىسى ھالىتىگە كەلگەن.

**4. لاتىن يېزىغى (يېڭى يېزىق). بۇ يېزىق** خەن تىل - يېزىغىنىڭ لاتىنچە نۇسخىسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن يېزىق بولۇپ، 1960 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە دەرسلىكلەردە، گېزىت - ژورناللاردا ۋە باشقا مەتبۇئاتلاردا ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلدى. 1982 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۆزىمىزنىڭ يېزىغى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

### تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . يېزىق دىگەن نىمە؟ تىل بىلەن يېزىقنىڭ قانداق زىچ مۇناسىۋىتى بار؟
2 . نىمە ئۈچۈن يېزىقنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ دەيمىز؟
1. ئۇيغۇرلار قوللانغان يېزىقلار قايسىلار؟

# بەشىنچى باپ لېكسىكا

## 1 ـ §. لېكسىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

لېكسىكا گرېكچە lexis (لېكسىس) دىگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ سۆز دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لېكسىكولوگىيە دىگەن سۆزمۇ گرېك تىلىدىن ئېلىنغان. ئۇ lexis _ سۆز ۋە logos _ تەلىمات دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دىمەك لېكسىكولوگىيە ـ سۆز ھەققىدىكى تەلىمات دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ تىلنىڭ لۇغەت بايلىقى، لۇغەت تەركىۋى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى، تەرەققىياتى، سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە باشقا جەھەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى لۇغەت تەركىۋىنىڭ مېغىزى بولۇپ، ئۇ سۆز بايلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بەكمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرەر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى يەنى لېكسىكىسى قانچىلىك باي ۋە خىلمۇ ـ خىل بولسا، ئۇ تىل شۇنچە باي ۋە تەرەققى قىلغان تىل ھىساپلىنىدۇ.

لۇغەت تەركىۋىسىز ھەمدە ئۇنىڭغا مۇنتىزىم ۋە مەنىلىك تۈس بەرگۈچى گىراماتىكىسىز مۇكەمـ ـمەل بىر تىلنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر تىلىمۇ ئەنە شۇ لۇغەت تەركىۋى بىلەن گىراماتىكىنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى لۇغەت تەركىۋىنىڭ نېگىزى سۈپىتىدە ئەسىرلەر بويى ساقلىنىپ كەلگەن ۋە ساقلانغۇسى. ئۇ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىنمۇ ئۆز ئاساسىنى كۆپ جەھەتتىن ساقلاپ كەلمەكتە. ئەمما دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى كېڭىيىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ، گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشمۇ تەدرىجى ھالدا سىلىقلىشىدۇ ۋە تەكەممۇللىشىدۇ.

## 2 ـ § . لۇغەت فوندى ۋە لۇغەت تەركىۋى

ھەرقانداق بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى ۋە ئومۇمىي لۇغەت تەركىۋىدىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ. ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى ئومۇمىي لۇغەت تەركىۋىنىڭ يادروسى، ئەڭ مۇھىم قىسمى. ئەمما ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى نوقۇل توپ سۆزلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇۋەرمەيدۇ.

ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى بىر دەۋرنىڭلا مەھسۇلاتى بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇ بىرقانچە دەۋرلەر جەريانىدا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى تىلنىڭ ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سۆز بايلىقى دائىرىسىدە تىلنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە مۇۋاپىق سۆز ياساش، سۆزلەرگە يېڭى ۋە قوشۇمچە مەنە بېرىش، سۆز مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنى يېڭى ۋە باشقا مەنىدە قوللىنىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىگە لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تۇراقلىق، ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئەڭ چۈشىنىشلىك بولغان، ئەڭ ئومۇمىي، ئەڭ مۇھىم سۆزلەر كىرىدۇ. بۇ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر.

مەسىلەن: ئاتا، ئانا، داداد، بالا، نان، سۇ، گۆش، تاغ، دەريا، ماڭ، كەت، كەل، ئاق، قارا، بۇغداي، ئات، كالا، چىرايلىق، يىغلىماق، بىر، ئىككى، كونا، يېڭى ۋە باشقىلار.

ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى لۇغەت فوندى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر مىللەت تىلىدا يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ياساشقا ئاساس بولىدۇ.

مەسىلەن:ئىش ـ ئىشچى، ئىشچان، ئىشلە، ئىشخانا، ئىشسىز. يول ـ يولچى، يولداش، يوللۇق، يولسىز، يوللاش. سۆز ـ سۆزلۈك، سۆزمەن، سۆزسىز. قوغۇن ـ قوغۇنچى، قوغۇنلۇق.

ئومۇمىي لۇغەت تەركىۋىگە بىرەر مىللەت تىلىدا قوللىنىلىدىغان بارلىق سۆزلەر كىرىدۇ. ئومۇمىي لۇغەت تەركىۋى ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى ئۇ بىرەر مىللەت تىلىدا ھەرقايسى كەسىپ، ھەرقايسى ساھە، ئىجتىمائى، تەبىئى پەن قاتارلىق بارلىق جەھەتتە قوللىنىلىدىغان ھەممە

سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئومۇمى لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەردىكىدەك تۇراقلىق، ئۆزگەرمەس خاراكتېرغا ئىگە بولمايدۇ، ئۇنىڭ تەركىۋىدە دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، داۋاملىق ئۆز-گىرىش بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ يېڭى - يېڭى سۆز- ئاتالغۇلار بىلەن ئۆز تەركىۋىنى كېڭەيتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئومۇمى لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەر بەك كۆپ ۋە بىرقەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ، ئۇنى چۈشىنىش بىرقەدەر تەسرەك بولىدۇ.

مەسىلەن: ھېسسىيات، پەلسەپە، تەپەككۇر، سىمۋول، ئېلېمېنت، فوسفور، خلور، خىمىيەت، ماتېماتىكا، ئەقلىي خۇلاسە، نۇقتىئىنەزەر، كەسىر، ئەجىبا، ۋاھالەنكى، ئىنتىزار دېگەندەك.

گەرچە، ئومۇمى لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدىغان بۇنداق سۆزلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەلۇم كەسىپ، مەلۇم ساھە دائىرىسىدىلا قوللىنىلىدۇ، ئادەتتىكى خەلق تۇرمۇشىدا بەك ئاز قوللىنىلىدۇ. خەلقنىڭ مەدىنى، مائارىپ سەۋىيىسىنىڭ يۇقۇرى كۆتىرىلىشىگە ۋە تۇرمۇشتا قوللىنىلىش زۆرۈرىيىتىگە قاراپ، بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئاستا - ئاستا ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

### تەكرارلاش سوئاللىرى

1. لېكسىكا دېگەن نىمە؟ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.
2. نىمە ئۈچۈن لۇغەت تەركىۋى ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى ۋە ئومۇمى لۇغەت تەركىۋىدىن تەركىپ تاپىدۇ،دەيمىز؟
3. ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى بىلەن ئومۇمى لۇغەت تەركىۋىنىڭ پەرقى نىمە؟

## 3 - §. سۆز ۋە ئۇنىڭ مەنىسى

ئادەتتە بىرەر نەرسە (ماددى بارلىق) ياكى ھادىسە كىشىلەر مېڭىسىدە ئەكس ئېتىدۇ ۋە ئۇ تىلدا مەلۇم شەكىل بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. كىشىلەر مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن، مەلۇم شەكىل بىلەن ئىپادە قىلىنغان ئاشۇ نەرسە، ھادىسە ۋە ياكى ۋەقە چۈشەنچە دېيىلىدۇ. چۈشەنچىنىڭ تىلدىكى ئىپادىسى سۆزدۇر. سۆز تىلدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىق رول ئوينايدىغان ۋە جۈملىدە ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى سۆز بولمىسا ھەرقانداق بىر چۈشەنچىنى ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. سۆزنىڭ قاتنىششىسىز ھەرقانداق جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن بىر بوغۇم ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردىن تەركىپ تاپقان. كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر بىرنەچچە بوغۇمنىڭ تەبىئى ۋە قانۇنىيەتلىك بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. تەبىئى ۋە قانۇنىيەتلىك بىرىكىپ، بىرەر چۈشەنچىنى ئىپادىلىمىگەن بوغۇملار يىغىندىسى ھەر-گىزمۇ سۆز بولالمايدۇ.

ئومۇمەن سۆزلەر لېكسىكىلىق (مەنتىقى) ۋە گىرامماتىكىلىق دەپ ئىككى مەنىگە ئىگە بولىدۇ.

**بىرەر سۆزنىڭ مەلۇم نەرسە، ھادىسە، ئادەم ۋە باشقا جەھەتتىكى مەنىنى (مەنتىقي ئۇقۇمنى) بىلدۈرۈشى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى دېيىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، كىتاپ، دەپتەر، بۇغداي، قوناق، قوغۇن، تاۋۇز، دوخاۋا، ئۈزۈم، ئالما، قەشقەر، نوتەن، غۇلجا، بوران، شۇئرغان، ئىنقىلاپ قاتارلىق سۆزلەرنى ئالساق، بۇلارنىڭ ھەر- بىرسى ئۆز ئالدىغا مەلۇم بىر مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. شۇڭا بۇ سۆزلەرنىڭ بۇنداق يەككە ھالدا تۇرۇپ ئاڭلاتقان مەنىسى لېكسىكىلىق مەنە ھېساپلىنىدۇ.

**بىرەر سۆزنىڭ (ياكى سۆزلەرنىڭ) قانداق سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ۋە جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان خىلمۇ- خىل گىرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىشى سۆز-نىڭ گىرامماتىكىلىق مەنىسى دېيىلىدۇ.**

www.uyghurkitap.com

مەسلەن: 1. ئوقۇتقۇچىلار (ئىسىم، باش كېلىشتە كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن) تىرىشىپ (رەۋىشداش، ھالەت) ئۆگەنمەكتە (ھازىرقى زامان پېئىلى، خەۋەر) .

2 . مەن كۆك سىيا ئالدىم. مەن (ئالماش، ئىگە) كۆك (سۈپەت، ئېنىقلىغۇچى)، سىيا (ئىسىم، قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان تولدۇرغۇچى)، ئالدىم (ئۆتكەن زامان پېئىلى، 1 ـ شەخس،خەۋەر).

مانا بۇ ئىككى جۈملىدىكى سۆزلەر جۈملە ئىچىدە خىلمۇ ـ خىل گرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەردە كېلىپ، ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرۇپ كەلگەن. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ سۆزلەرنىڭ بۇ جايدا ئاڭلاتقان مەنىسى گرامماتىكىلىق مەنە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرلا ھەم لېكسىكىلىق مەنە، ھەم گرامماتىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدۇ. ئۇلار ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، پېئىل ۋە رەۋىشلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. مەسلەن:

1) ئادەم، يۇلتۇز، ئات، كالا، يىگىت، قىز، باھار.

2) كۆك، قىزىل، يېشىل، كۈل رەڭ، قارا، ئاق، سېرىق.

3) بەش، ئون، يۈز، مىڭ، قىرىق، بەش يۈز، توقسان.

4) مەن، سەن، ئۇ، ئۆزلەرى، مۇنداق، ھېچكىم.

5) كەت، كەل، ئوقۇ، ياز، ئىشلە، ياشا، ئوينا.

6) ئاستا، چاپسان، بۈگۈن، ئەتە، ھازىر، تۈگۈن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەر ئومۇمەن ئالغاندا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ، لېكىن جۈملىدە مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن بىللە كېلىپ گرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ.

مەسلەن: 1 . مەن سىنىڭ بىلەن بىللە بارىمەن. 2 . مۇئەللىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىدى. 3 . ئەگەر سەن تىرىشىپ ئۆگەنمىسەڭ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيسەن. 4. بىزنىڭ سىنىپتا مۇھەممەت، ئابدۇرېھىم، ئايشەم ۋە گۈلسۈملەر ئەلا ئوقۇيدۇ ۋە باشقىلار.

16 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىردىكى ھەم لېكسىكىلىق ھەم گرامماتىكىلىق مەنە بىلدۈرۈپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىق سىزىڭلار.

ئەسىرلەر ئىنتىزار بولدۇق،
ئىلىم ئارزۇسىدا ياندۇق؛
ئوقۇيلى ئەمدى ئارمانسىز،
يېتىشتۇق ياخشى ئىمكانغا.

ئىلىمسىزلىك نادانلىقتۇر،
نادانلىق ئەڭ يامانلىقتۇر.
«ئىلىمسىز ھەم ھايات مەن» دەپ،
شۈكۈر قىلماڭ تىرىك جانغا.

ئىلىم ـ بىلىم ئەجەپ ئەۋزەل،
ئىلىم ئۆچمەيدىغان مەشئەل.
ئۆگەنگىسىز ياخشى دوست ـ ھەمرا،
جاھاندا بارمۇ ئىنسانغا؟

ئىلىمگە ئىشقىمىز يانسۇن،
ئىلىمگە باغرىمىز قانسۇن.
ئىلىمدىن كۈچ تېپىپ ئەلنى،
يېتەكلەيلى گۈلىستانغا.

17 ـ **كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار ئويلاپ ئۈچ ئاددى جۈملە تۈزۈڭلار ۋە ئۇ ئاددى جۈملىلەر تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن قانداق گرامماتىكىلىق مەنە بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلار.

**ئۈلگە:** بىز بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئالدۇق. بۇ جۈملە 5 سۆزدىن تەركىپ تاپقان ئاددى جۈملە بولۇپ، بۇ جۈملە تەركىبىدىكى «بىز» ئىگە، «بۇغدايدىن» تولدۇرغۇچى، «مول» ئېنىقلىغۇچى، ھوسۇل (چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى) ئالدۇق (خەۋەر) .

# 4 ـ §. بىر مەنىلىك ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

**بىرلا مەنىدە قوللىنىلىدىغان سۆزلەر بىر مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئادەتتە خاس ئىسىملار، پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ۋە يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆز ـ ئاتالغۇلار بىر مەنىلىك سۆزلەر ئىچىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، ئەدەبىيات، فىزىكا، ئەخمەتجان، گۈلناز؛

**بىر ئاساسىي مەنىنى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر مۇنچە مەنىلەرنى بىلدۈرگەن سۆزلەرنى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ قانداق مەنىدە قوللىنىلغانلىقىنى يەككە ھالدا بىلىش قىيىنراق بولسىمۇ،لېكىن كونتېكىستكە قاراپ ئۇ سۆزنىڭ قانداق مەنىدە قوللىنىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ.

مەسىلەن: «باش» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى «كاللا»نى بىلدۈرىدۇ. لېكىن بۇ سۆز تۈرلۈك سۆز بىرىكمىلىرى تەركىۋىدە كەلگەندە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خىلمۇ ـ خىل مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. كۆرىدىغان بولساق، «ئىشنىڭ بېشى» دېسەك بۇ يەردە ئىشنىڭ باشلىنىشى ياكى بېشىنى، «باش ۋەزىپە» دېسەك، بۇ يەردە مۇھىم ۋەزىپە، ئاساسلىق ۋەزىپە دېگەن مەنىنى؛ «باش كۆتەرمەك» دېسەك بۇ يەردە قوزغالماق. ھەركەت قىلماق، قەد كۆتەرمەك دېگەن مەنىنى؛ «باشپانا بولماق» دېسەك، ھىمايە قىلماق، ھىمايىسى ئاستىغا ئالماق، قوغىماق دېگەن نەمنى؛ «باش بولماق» دېسەك، رەھبەرلىك قىلماق، ئىدارە قىلماق دېگەن مەنىنى؛ «باش ئەگمەك» دېگەندە، بوي سۇنماق، تەسلىم بولماق، تىز پۈكمەك دېگەن مەنىلەرنى؛ «باشباشتاق» دېگەندە ئۆز بېشىمچىلىق قىلماق، ئۆزى بىلگىنىنى قىلماق، ئۆزى خالىغىنىچە ئىش قىلماق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «ئۇچۇرمەك» سۆزىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى ئۇچۇرۇش (شامنى پۈلەپ ئۇچۇرۇش، ئوتنى سۇ قويۇپ ئۇچۇرۇش)تىن ئىبارەت. مانا شۇ ئاساستا ئۇنىڭدىن كۆپ مەنىلىك سۆزلەر كېلىپ چىققان، يەنى ئۇچۇرۇش سۆزىدىن يوقاتماق ـ دوسكىدىكى خەتنى ئۇچۇرمەك، ئۇجۇقۇش، توختاش ـ ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆچتى؛ سىزىۋەتمەك ـ يېزىلغان خەتنى قېرىنداش بىلەن سىزىپ ئۇچۇرمەك دېگەندەك سۆز (سۆز بىرىكمىلىرى) ياسالغان.

ئومۇمەن ئالغاندا ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى ئاساسىي مەنىسى بولۇپ، شۇ ئاساستا باشقا خىلمۇ ـ خىل مەنىلىرى بارلىققا كەلگەن.

**18 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ بىر مەنىلىك سۆزدىن بەشنى، كۆپ مەنىلىك سۆزدىن 5 نى تاللاپ يېزىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ نىمە ئۈچۈن بىر مەنىلىك ياكى كۆپ مەنىلىك سۆز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلار.

«... كىرەك يوق، دىدىم مەن. قانداقلا بولسۇن قان مۇشۇ يەرگە ئاقتى. مۇشۇ يەرنىڭ تۇپىسىغا سىڭدى. ھە بولدى، بۇ قانلىق تۇپراق. بۇ تۇپراققا سەپداشلىرىمىزنىڭ قېنى سىڭگەن. بۇ بىر ئاچچىق ساۋاق ئەمەسمۇ؟ قان بىلەن سۇغىرىلغان، قان بىلەن ئۇزۇقلانغان بۇ يەردە كەلگۈسىدە قاندىن ئۈنگەن گۈللەرنىڭ ئېچىلغانلىقىنى، قاننىڭ مۇسىنى كۆرىمىز.

مەن بۇ تۇپراققا بارلىق دىققىتىم بىلەن تىكىلىپ قارىدىم. كۆزۈمگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتكەندەك بولدى....»

# 5 ـ §. شەكىلداش سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە شەكىلداش سۆزلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. شەكىلداش سۆزلەر ئاساسەن بىر خىل ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ ۋە بىر خىل شەكىلدە يېزىلىدۇ.

**شۇڭا ئېيتىلىشى ۋە يېزىلىش شەكلى بىر خىل، لېكىن مەنىلىرى خىلمۇ ـ خىل بولغان سۆزلەر شەكىلداش (ئومونىم) سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: «ئات» سۆزىنى ئالساق، ئۇ بىرىنچىدىن، بىرەر ئىسىمنى بىلدۈرىدۇ، ئىككىنچىدىن، ھايۋاناتنىڭ بىر تۈرىنى بىلدۈرىدۇ، ئۈچىنچىدىن، 2 ـ شەخستە كەلگەن بۇيرۇق پېئىلنى بىلدۈرىدۇ.

شەكىلداش سۆزلەر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

**19 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى تۆيۇقلاردىكى شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ئاستىغا **سىزىڭلار.**

1 . ئالمىنى سۇندى نىگارىم ـ ئال! ـ دىدى.
ئالما بىرلە بۇ كۆڭۈلنى ئال! ـ دىدى.

سوردىم مەن ئالمىسىنىڭ رەڭگىنى،
نە سورارسەن؟ ئالما رەڭگى ئال ـ دېدى.
(ئەلشىر ناۋايى)

2. قولۇڭدىن كەلگەنچە قازان ياخشى ئات،
ياخشىلىق قىل، بالام، يامانلىقنى ئات.
نەسىھەتىم ئۇنتۇما ھىچ پەرزەنتىم.
يالغۇز يۈرسە چاڭ چىقارماس ياخشى ئات.

## 6 ـ §. مەنداش سۆزلەر

**ئېيتىلىشى ۋە يېزىقتىكى شەكلى خىلمۇ ـ خىل بولسىمۇ، لېكىن مەنتىقى جەھەتتىكى مەنىلىرى ئۆز-ئارا يېقىن كېلىدىغان ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەر مەنداش سۆزلەر (سىنونىملار) دېيىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدا «بەخت، سائادەت، تەلەي»؛ «قايغۇ، ھەسرەت، مۇڭ، نادامەت»؛ «كۆپ، تولا، نۇرغۇن، جىق»؛ «زامان، دەۋر»؛ «ئادەم، ئىنسان، كىشى»؛ «تۈر، خىل» قاتارلىق كۆپلىگەن سۆزلەر بار. مەلۇمكى مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئېيتىلىشى ۋە يېزىقتىكى شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن مەنىسى ئۆز-ئارا يېقىن ياكى ئوخشاپ كېتىدۇ.

گەرچە مەنداش سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى بىر-بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تۇرمۇشتا، يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا قوللانغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، يەنى بەزى ھاللاردا بىر مەنداش سۆزنىڭ ئورنىغا 2 ـ بىر خىل مەنداش سۆزنى ئىشلەتكىلى بولسىمۇ، بەزى ھاللاردا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

مەسىلەن: «بەخت، تەلەي، سائادەت» سۆزلىرى مەنداش سۆزلەردۇر، ئەگەر بىز «ئۇنىڭ بەختى بار بالا ئىكەن، ئۇنىڭ بەختى ئوڭدىن كەلدى» دېگەن جۈملىلەرنى ئالساق، بۇ جۈملە تەركىبىدىكى «بەخت» سۆزى ئورنىغا «تەلەي» سۆزىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. لېكىن «سائادەت» سۆزىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. خىلى بىر قىسىم مەنداش سۆزلەرنى بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

مەنداش سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى خىلمۇ ـ خىل بولىدۇ. ئۇلار ئاساسەن :

1. يەككە سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: قەلب، كۆڭۈل، دىل، يۈرەك؛ قايغۇ، غەم؛ باتۇر، پالۋان، جەسۇر، قەھرىمان؛ ياخشى، ئوبدان؛ دوست، ھەمرا ۋە باشقىلار.
بۇنداق سۆزلەر ئاددى مەنداش سۆزلەر دېيىلىدۇ.

2. سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: قاق سەھەر، تاڭ سەھەر؛ ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەندە يېرىم كېچىدە؛ كۆڭلى خاتىرجەم بولالماي، كۆڭلىنىڭ ئارامى بولماي ۋە باشقىلار.
بۇنداق سۆزلەر بىرىككەن ياكى قوشما مەنداش سۆزلەر دېيىلىدۇ.

3. بەزى مەنداش سۆزلەر قوش شەكىلدە كېلىدۇ ۋە شۇنداق ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: بەخت ـ سائادەت، ئەل ـ ئائىلە، ساق ـ سالامەت، ئار ـ نومۇس، بالا ـ چاقا، قەدىر ـ قىممەت، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە باشقىلار.
بۇنداق سۆزلەر جۈپ مەنداش سۆزلەر دېيىلىدۇ.

**20 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى مەنداش سۆزلىرى بولغان بەش سۆزنى تاللاڭلار ۋە ئۇنىڭ ئاخىرىغا مەنداش بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەرنى ئۆزەڭلار ئويلاپ تېپىپ يېزىڭلار.

كۆرەش، كۆرەش دەپ دائىما تىرىشىپ تۇرساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.
ھەر قەدەمدە كونا تۇرمۇش بىلەن قېرىشىپ تۇرساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.
يوقسۇل، مىسكىنلەر ئەمدى تارتمىسا مۇشەققەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

ئاھ. . . نەئەيلەي قىسلدىمغۇ دىمسە پەقەت.
ئازاتلىقتىن شولارغا ياغسا مېھىر - شەپقەت،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.
ئېلىمىزدە ئىلىم - مەرىپەت تېپىشىپ تۇرسا،
دولقۇنلاپ ئۆزىمىزدىن ئېشىپ تۇرسا،
خائىنلارنىڭ يوللىرى كېسىلىپ تۇرسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.
(ل. مۇتەللىپ)
ئۈلگە: يوقسۇل، كەمبەغەل، نامرات.

# 7 - §. قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سۆزلەر

**نەرسە ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىرى ھەققىدىكى قارىمۇ - قارشى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەر قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سۆزلەر دېيىلىدۇ.**

قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سۆزلەر قارىمۇ - قارشى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئېگىز - پەس، يۇقىرى - تۆۋەن، ئوغۇل - قىز، چوڭ - كىچىك، ياخشى - يامان، ئۇيان - بۇيان، ئېغىر - يېنىك، ئاق - قارا، ھەق - ناھەق ۋە باشقىلار.

قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سۆزلەر بىر - بىرىگە زىت بولغان چۈشەنچىلەر بىرلىكىنى ئىپادە قىلىش بىلەن بىرلىكتە تىلدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سۆزلەر ئۆزىنىڭ مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋە مۇھىم تىپلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ياش جەھەتتىن چوڭ - كىچىكلىك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ياش - قېرى، ھەدە - سىڭىل، ئاكا - ئۇكا، ئاكا - سىڭىل.

2. قانداق جىنسقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئەر - ئايال، ئاتا - ئانا، ئوغۇل - قىز، ئاكا - سىڭىل.

3. مىقدار ئۆلچەمنى، شۇنىڭدەك بىرەر نەرسە، ھالەت ياكى ئىش - ھەركەتنىڭ سان جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئاز - كۆپ، ئورۇق - سېمىز، چوڭ - كىچىك، ئارتۇق - كەم، ئۇزۇن - قىسقا، ئىنچىكە - توم.

4. ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ياخشى - يامان، ئاچچىق - تاتلىق، راست - يالغان.

5. ئىش - ھەركەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: كېلىش - كېتىش، ئېلىش - بېرىش، باردى - كەلدى، بىلىنەر - بىلىنمەس، كۆرۈپ - كۆرمەي.

**21 - كۆنۈكمە:** قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ھەر - بىر تىپىغا ئىككىدىن مىسال يېزىپ چىقىڭلار.

**22 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملە ۋە ماقال - تەمسىللەردىكى قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1 . ۋەتىنىمىزنىڭ قەھرىمان ئوغۇل - قىزلىرى ئېلىمىزنىڭ شان - شەرىپىنى قەتئىي قوغدايدۇ.

2 . بوۋا، سىز بەك جاپا تارتىپ قاپسىز، بۇنىڭدىن كېيىن ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىڭىزغا مەن جەزمەن ياردەم قىلىمەن.

3 . بار تاۋۇغىم - يان تاۋۇغىم، بارمىساڭ - كەلمىسەڭ ئارىدا يۇرۇپ سون تاۋۇغىم (ماقال) .

4 . بارماقنىڭ كەلمىگى بار، ئالماقنىڭ بەرمىگى.

5 . بىز ئاكا - ئىنى، ھەدە - سىڭىللار ئاتا - ئانىمىزنى ۋە بىر - بىرىمىزنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيمىز.

6 . تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال.

www.uyghurkitap.com

7 . ئۇ ئۇياقتا كەتتى، مەن بۇياقتا.
8 . ئاز سۆزلە، كۆپ ئاڭلا، ئاز يە، كۆپ چاينا.
9 . ياخشىدىن ئات قاپتۇ، ياماندىن دات.
10 . ياشلىق _ يالقۇن، قېرىلىق _ كۆل.
11 . يېقىننى ئاراز، ئامراقنى يىراق قىلىدىغان غەيۋەت.
12 . ياخشىنىڭ گېپى ماي بولىدۇ، ياماننىڭ گېپى لاي.

## 8 ـ §. سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى

**تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئاساسىي مەنىسىنى سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى دەيمىز. ئاساسىي مەنىسىدىن باشقا مەنىلەرنى بىلدۈرۈشنى سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىسى دەيمىز.**

مەسىلەن، «تۈلكە» ئەسلىدە بىر خىل ياۋايى ھايۋاننىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ «تۈلكە» سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى. ئەگەر «ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ، چۈنكى «ئۇ بىر تۈلكە ئادەم» دىسەك، بۇ جۈملىدىكى «تۈلكە» ھىلىگەر، ئالدامچى، يالغانچى دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ «تۈلكە» سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغانلىقى.

يەنە، باش (ئادەمنىڭ بېشى ـ ئەسلى مەنىسى) ، باش (يىلنىڭ بېشى ـ كۆچمە مەنىسى)؛ كۆز (ئادەمنىڭ كۆزى ـ ئەسلى مەنىسى) ، كۆز (ئىشنىڭ كۆزى ـ كۆچمە مەنىسى)، يول (كىشىلەر ماڭىدىغان يول ـ ئەسلى مەنىسى) ، يول (ئىشنىڭ يولى ـ كۆچمە مەنىسى) .

سۆزلەر كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئاۋالقى مەنىلىرى دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئەسلىدىكى مەنە دائىرىسى كېڭىيىدۇ. سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى زور. ئۇ بىزنىڭ سۆزىمىزنى تەسىرلىك، ئوبرازلىق، جانلىق قىلىشتا چوڭ رول ئوينايدۇ، ئۇ تىلىمىزنىڭ لۇغەت بايلىقىنى كېڭەيتىشتىمۇ تېگىشلىك ئىجابى رول ئوينايدۇ. بۇنداق سۆزلەر ئادەتتە ئادەم ۋە نەرسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېر، خۇسۇسىيەت، بەلگىلىرىنى تەسۋىرىي، ئوبرازلىق ئىپادىلەش جەھەتـ ـلەردە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق سۆزلەر كۆپىنچە بەدىئى ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ شېئىرىي ئەسەرـ لەردە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

23 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئەسلى مەنىسىدە كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، كۆچمە مەنىدە كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. ل. مۇتەللىپ ئۆرۈمچى ـ ئاقسۇ يولىدا بىرنەچچە كۈن ماڭدى. ئۇ ئىنقىلاپ يولىدا جەڭگىۋار، ئوتلۇق شېئىرلارنى يازدى، خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىقى يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى. 2 . ئىلى باغلىرىدا خىلمۇ ـ خىل مىۋىلەر بار. بىز ياش ئەۋلادلار ئىنقىلاپ مىۋىلىرىنى قوغدايمىز. 3 . مېنىڭ ئانام بەكمۇ مېھرىۋان. گەپىنىڭ ئانىسى ماقال.

## 9 ـ §. كونىرىغان سۆزلەر ۋە يېڭى سۆزلەر

جەمىيەت تەرەققى قىلىدۇ، جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىرمۇنچە يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك زاماننىڭ ئۆتۈشى، ئىلىم ـ پەننىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىدا خىلمۇ ـ خىل يېڭىلىقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بىرلىكتە بىرمۇنچە كونا شەيئى، ھادىسە، چۈشەنچە ۋە ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان بىرمۇنچە سۆزلەر جەمىيەتكە ئېھتىياجسىز ۋە ئۇنى خەلق ئىشلەتمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە ئۇنداق سۆز ـ ئاتالغۇلار ئاستا ـ ئاستا ئىستىمالدىن قالغان تارىخىي سۆز ـ ئاتالغۇلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

**دىمەك، مەنىسى كونىراپ، جەمىيەتتە ئىشلىتىلىش ئېھتىياجىدىن قالغان سۆزلەر كونىرىغان سۆزلەر (ئارخائىزىملار) دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: مىڭ بېشى، يۈز بېشى، ئون بېشى، غوجام،خان، پادىشا، ئامبال،شاڭيو قاتارلىقلار.
يۇقۇرىدىكى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە، جەمىيەت تەرەققىياتىغا، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ

يېڭى - يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار پەيدا بولىدۇ ۋە بۇنداق سۆزلەر تىلىمىزدا ئىشلىتىلىشتىن قېپ قالغان كونىرىغان سۆزلەردىن زور دەرىجىدە كۆپ بولىدۇ.

مەسىلەن: سۇنئىي ھەمرا، كاتيۇشا، راكېتا، ھۆكۈمەتسىزلىك، رادىيو، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، ماتېرىيالىزىم، لازېرنۇر، ماتېماتىكا ئانالىزى، خىمىيە، بىئولوگىيە، مەنىۋى بۇلغىنىش، كوللېكتىپ، فوسفور ۋە باشقىلار.

**دېمەك، جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تىلىمىزدا يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆزلەر يېڭى سۆزلەر (نېئولوگىزىملار) دېيىلىدۇ.**

بۇنداق يېڭى سۆزلەر ئىككى خىل يول بىلەن كۆپىيىدۇ، يەنى بىرىنچىدىن، ئۆز تىلىمىز ئاساسىدا سۆز ياساش؛ ئىككىنچىدىن، باشقا تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش يولى بىلەن كۆپىيىدۇ.

مەسىلەن: 1. ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، ئالەم كېمىسى، ئۇچار تەخسە، ئۇمتۇۋارلىق، چىشلىق چاق.

2. دراما، كومپوزىتسىيە، سىمفونىيە، كىنو، تىياتىر، پارتىيە، ئىنتېرناتسىئونال؛

مەيلى تىلىمىزدا ئىشلىتىلىشتىن قالغان كونىرىغان سۆزلەر بولسۇن ۋە مەيلى يېڭىدىن پەيدا بولغان يېڭى سۆزلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدۇ.

# 10 - §. يېڭى سۆز ياساش ۋە سۆز قوبۇل قىلىش

ئۇيغۇر تىلى تۈركى تىللار، ھەتتا دۇنياۋى تىللار ئىچىدە ئەڭ باي تىللارنىڭ بىرى. شۇنداقتىمۇ ئۇ جەمىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا پەيدا بولغان يېڭى شەيئىلەر، يېڭى چۈشەنچە ۋە باشقا خىلمۇ - خىل يېڭىلىقلارنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئارقىلىق ئۆز لۇغەت تەركىۋىنى تېخىمۇ بېيىتىپ بارماقتا. بۇ سۆزلەر ئەلۋەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ياسىلىدۇ. بۇنداق يېڭى سۆزلەر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن، شەيئى، ھادىسە ياكى ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنىغا ماس كېلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەنىسى دەل، ئېنىق، تۈزۈلۈشى ئىخچام بولۇشى لازىم. مەسىلەن:

چايدان، سۇدان، كىنوخانا، تەجرىبىخانا، ئۈنئالغۇ، قونالغۇ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، قارانچۇق، قۇم قەغەز، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، مەدەنىيەت بايراقدارى، پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى ۋە باشقىلار.

مانا بۇ يۇقىرىدىكىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچكى سۆز ياساش قانۇنىيىتى بويىچە ھەر خىل دەۋرلەردە يېڭىدىن ياسالغان سۆزلەرنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلى ئۆزىنىڭ ئىچكى سۆز ياساش قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن يېڭى سۆزلەرنى ياساش، ئېھتىياج قىلىش ھېساۋىغا راۋاجلىنىدۇ ۋە باشقا مىللەتلەردىن يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش ھېساۋىغا ئۆزىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى بېيىتىپ بارىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر تىلىمۇ تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە باشقا مىللەت تىللىرىدىن كۆپلىگەن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ لۇغەت بايلىقىنى بارغانسېرى ئاشۇردى.

شۇڭلاشقا ئۇيغۇر تىلىنى تېخىمۇ بېيىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، ئۆز تىلىمىزنى ئاساس قىلىپ، تىلىمىزنىڭ ئىچكى سۆز ياساش قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن يېڭى شەيئى، يېڭى چۈشەنچە ۋە باشقا يېڭىلىقلارنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان سۆز - ئاتالغۇلارنى ياساش لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئۆز تىلىمىزدا مەنىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان ياكى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان سۆز - ئاتالغۇلارنى باشقا مىللەتلەر تىلىدىكى سۆز - ئاتالغۇلاردىن قوبۇل قىلىش لازىم. چۈنكى جەمىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ۋە بارلىققا كېلىۋاتقان ھەممە يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ئۇقۇم - چۈشەنچىلەرنى توغرا، ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بىرەرمۇ مىللىي تىل يوق.

# 11 - §. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزنىڭ تىل قانۇنىيەتلىرى بويىچە بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مۇرەككەپ بىر چۈشەنچىنى ئىپادىلىگۈچى تىل بىرلىكى سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.**

هەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تىلى ئاددىي سۆزلەردىن قوشما سۆزلەرگە، ئاددىي چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشتىن ئاستا-ئاستا مۇرەككەپ چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشكە قاراپ راۋاجلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كېيىنرەك بارلىققا كەلگەن. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى تىل تەرەققىياتىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ يېڭى سۆزلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

مەسىلەن: 1. ئۇ يېڭىنىڭ سانائەت ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ. 2. قاش دەرياسى تاغ سۇلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر سۆز بىرىكمىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى ئىككى سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن، بەزىلىرى ئۈچ سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان.

سۆز بىرىكمىسى دېگەن بۇ سۆز ئادەتتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ ئۆز-ئارا لېكسىكلىق-گرامماتىكلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشى ئاساسىدا ھاسىل بولغان مۇرەككەپ بىر چۈشەنچىنى ئىپادىلىگۈچى تىل بىرلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مۇرەككەپ بىر چۈشەنچىنىڭ ئىپادىسى بولغان بۇنداق بىرىكمىلەر خۇددى يەككە سۆزلەرگە ئوخشاشلا تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتە بىر سۆز بىرىكمىسى جۈملىنىڭ بىرلا بۆلىكى بولۇپ كېلىپ، بىرلا سوئالغا جاۋاب بولىدۇ. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىنى يەككە ئىشلەتكەندە ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەنىلەرنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدە كەلگەندە ھەممە سۆز بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى مۇقىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

مەسىلەن: ئالما قېقى، سۇلفات كىسلاتاسى، فىزىكا ئالىمى، سۇ تۇرۇبىسى، دېخانچىلىق سايمانلىرى، سۇ ئامبىرى، تەقسىمات پرىنسىپى، يۈك - تاق ساقلاش ئۆيى ۋە باشقىلار.

**24 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ياسالغان يېڭى سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. مەن «غۇنچەم» دىرامىسىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. 2. بىز «جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابنى سېتىۋالدۇق. 3 . مەن ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە قاتارلىق تەبىئىي پەن دەرسلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن. 4 . ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتۈش ۋە ئەمەلدىكى باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىلىم - پەننى ياخشى ئىگىلەپ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. 5 . بىزنىڭ ئۆيدە تېلېۋىزور، ئاياق ماشىنىسى ۋە ئۈنئالغۇلار بار.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گىرامماتىكىلىق مەنىسى دېگەن نېمە؟
2 . بىر مەنىلىك ۋە كۆپ مەنىلىك سۆز دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.
3 . شەكىلداش ۋە مەنىداش سۆز دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈڭلار.
4 . قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سۆزلەر دېگەن نېمە؟ ئۇ مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىڭلار.
5 . سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى دېگەن نېمە؟
6 . كونىرىغان سۆزلەر ۋە يېڭى سۆزلەر دېگەن نېمە؟ چۈشەندۈرۈڭلار.
7. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.

# ئالتىنچى باپ گرامماتىكا

## 1 ـ §. گرامماتىكا ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

گرامماتىكا ـ تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى. ئۇ ـ سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە جۈملىدە بىرىكىشى توغرىسىدىكى قائىدىلەر توپلىمى. گرامماتىكا ئەسلىدە گرېك تىلىدىكى **grammatike** دىگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا تىلنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى بىلىم دىگەن مەننى بىلدۈرىدۇ. كونكىرىتراق قىلىپ ئېيتقاندا، گرامماتىكا تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى، تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى، ئۆزگىرىشلىرى، تۈرلىنىشلىرى ۋە بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ جۈمللەرنى ھاسىل قىلىشى قاتارلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى ئۆگىتىدۇ.

گرامماتىكا ئۆزىنىڭ تەتقىق قىلىش ئوبېكتى ھەم ۋەزىپىسىگە قاراپ، مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

**1.مورفولوگىيە ـ** گرېكچە«**morfo**» (مورفو) «شەكىل» دىگەن مەننى،«logiye»ئىلىم ياكى پەن دىگەن مەننى بىلدۈرىدۇ. دىمەك ئۇ «شەكىل ھەققىدىكى پەن» دىگەن بولىدۇ.

**سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى، ئۆزگىرىشى، تۈرلىنىشى ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى ئۆگىتىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان پەن مورفولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: «سۆزلە» دىگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ ياسالما پېئىل بولۇپ، بۇ سۆزنى ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىغا قاراپ، جۈملە تەركىۋىدە «سۆزلىدى، سۆزلىدىڭ، سۆزلىدىم، سۆزلىسە، سۆزلىگەن، سۆزلەڭ» ۋە باشقا شەكىللەردە قوللىنىشقا بولىدۇ. يۇقۇرىدىكىلەر «سۆزلە» دىگەن ياسالما پېئىل ھەر خىل مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشلەردە كېلىپ، ھەر خىل گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

**2 . سىنتاكسىس** گرېكچە < سۆز > دېگەنلىك بولۇپ، «تۈزۈم» دىگەن مەننى، يەنى «جۈمللەرنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى ئىلىم» دىگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرىنى، جۈملىدە سۆزلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا قوشۇلۇپ جۈملە ھاسىل قىلىش قائىدىلىرىنى، سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش قائىدە ـ قانۇنىيەتـ ـلىرىنى، جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنە قۇرۇلۇش جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ھەم جۈملە تۈرلىرىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۆگىتىدىغان پەن سىنتاكسىس دەپ ئاتىلىدۇ.**

گرامماتىكا ئىلمى يەنە سىنتاكسىس ئىلمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھالدا تىنىش بەلگىلىرى ھەققىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ. شۇڭا تىنىش بەلگىلىرىنى تەتقىق قىـ ـلىشمۇ گرامماتىكىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى ھىساپلىنىدۇ.

## 2 ـ §. تۈپ سۆز ۋە قوشۇمچە

**سۆزنىڭ تۈپ ئاساسىي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ۋە مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە بولـ ـمايدىغان قىسمىنى تۈپ سۆز (سۆز يىلتىزى) دەيمىز.**

مەسىلەن : ئىش، بىل، قول دېگەندەك.

**سۆزلەرگە قوشۇلۇپ يېڭى مەنىلىك سۆزلەرنى ياسايدىغان، سۆزلەرنى تۈرلەيدىغان، جۈملە ۋە سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان، ئۆزى يەككە تۇرغاندا مەنە ئاڭلاتـ ـمايدىغان تاۋۇش ياكى تاۋۇشلار بىرىكمىسى قوشۇمچە دىيىلىدۇ.**

مەسىلەن: گىلەم + چى + لىك = گىلەمچىلىك، ساۋات + لىق = ساۋاتلىق، سۈپۈر + گە + چىلىك = سۈپۈرگىچىلىك، ۋەتەن + پەرۋەر + لىك = ۋەتەنپەرۋەرلىك . . .قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**25 ـ كۆنۈكمە :** تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەردىن ئون سۆزنى تاللاپ، ئۇلارغا قانداق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلغانلىقىنى كۆرسىتىڭلار.

1 . بىلىملىك كىشى ئۇزار، بىلىمسىز كىشى توزار.
2 . بىلىمسىز ئادەم ـ مېۋىسىز دەرەخ.
3 . نادانلىق قاراڭغۇلۇقتىن يامان.
4 . ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكىرەر، يامغۇر بىلەن يەر.
5 . ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.
6 . كۆڭلۈك ئىشنى سەھەردىن باشلا. يىللىق ئىشنى باھاردىن (باشلا)
7 . غەيرەتلىك ئەردىن تاغ قېچىپ قۇتۇلالماس.
8 . قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، غەيرەت قىلغان ئادەمگە.
9 . تەن ساقلىق ـ زور بايلىق.
10 . بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق.

ئۈلگە: 1 . نادانلىق ـ نا + دان + لىق = نادانلىق

2 . ئىشلىمىگەننىڭ ـ ئىش + لە + مە + گەن + نىڭ = ئىشلىمىگەننىڭ

**26 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى تۈپ سۆزلەرگە مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى قوشۇپ سۆز ياساڭلار.

يول، سۆز، ئىش، قوي، قول، دۇتار، ئوقۇ، كەل، گۈل، باغ، ئۈچ، تۈگمەن، قوغۇن.

ئۈلگە: قوغۇن ـ قوغۇنچى، قوغۇنلۇق، قوغۇنچىلىق.

# 3 ـ §. قوشۇمچە ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار ناھايىتى كۆپ. بۇ قوشۇمچىلارنى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ئىككىلا تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇلار: 1 . سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار؛ 2 . سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردىن ئىبارەت.

## 1 . سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

**تۈپ سۆزگە ئۇلىنىپ، يېڭى مەنىلىك سۆز ھاسىل قىلىدىغان قوشۇمچىلارنى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دەيمىز.**

مەسىلەن: 1 . چى ـ ئىشچى، يولچى، سولچى، باشچى.
2 . چان ـ ئىشچان، تىرىشچان، ئەمگەكچان.
3 . لا ـ لە ـ سۆزلە، باشلا، تاشلا، كۆزلە.
4 . داش ـ يولداش، ساۋاقداش، سىرداش.
5 . پەرۋەر ـ ۋەتەنپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر.

ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئادەتتە يۇقۇرقىدەك سۆزنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدۇ، ئاز ساندىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار سۆزنىڭ باش تەرىپىگىمۇ قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: 1. بى ـ بىگۇنا، بىھىساپ، بىپايان. 2. نا ـ نامەلۇم، نائىنساپ، ناتوغرا، نائەھلى. 3.بە ـ بەھوزۇر، بەقۇۋۋەت.

## 2. سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار

**جۈملىدىكى سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدىغان قوشۇمچىلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار دېيىلىدۇ.**

مەسىلەن: مەن ۋەتىنىمنى قىزغىن سۆيىمەن، دىسەك، بۇ جۈملىدىكى مەن ۋەتەن قىزغىن سۆي دىگەن سۆزلەر ھەرگىز بىر ـ بىرىگە باغلانمايدۇ. ئەمما بۇ سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كەلگەن «ىم، نى، ىمەن» قاتارلىق قوشۇمچىلار بۇ جۈملە تەركىۋىدىكى سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، بۇ جۈملىدە ئاڭلىتىلغان ئوي ـ پىكىرنى ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئىپادىلەشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

دېمەك، تۆرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى سۆز ياساش ئەمەس، بەلكى سۆزلەرنى بىر- بىرىگە باغلاپ تۆرلەش ئارقىلىق پىكىرنى روشەن ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

**27 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەردىكى قوشۇمچىلارنى تۈپ سۆزلەردىن سىزىقچە ئارقىلىق ئاجـ ـرىتىپ يېزىڭلار.

ئەلاچى، قوغۇنچىلىق، مەمۇرچىلىق، ئوقۇتقۇچىلار، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق؛

ئۈلگە : دېخان ـ چىلىق

**28 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى رۇبائىلاردىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلانغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، سۆز تۆرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلانغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

مېنىڭلا راست دېيىش خەتەر شۇ قەدەر،
شۇنداق دەپ بولىدۇ ئادەم زومىگەر.
شەكسىزكى ھەممىنى مۇشتلىغانلارنىڭ،
ماكچىيار تۇمشۇغى ھەممىدىن بەتتەر.

كىمكى مەستانە بولسا شۆھرەتكە،
بولىدۇ مۇھتاج ئۇ خوشامەتكە.
ساختا شۆھرەتتىن ئالتۇن تاپقانلار،
ئايلىنار ئاخىرى ئۆزى ئەخلەتكە.
(تېيىپجان ئېلىيوپ)

# 4 ـ §. قوشۇمچىلارنىڭ ئىملاسى

**ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. لېكىن قوشۇمچىلار ئومۇمەن تۈپ سۆزلەرگە قوشۇپ يېزىلىدۇ.**

مەسىلەن: قوغۇنچى، تۆگمەنچى، يوللۇق، ۋەتەنپەرۋەر دېگەن تۈپ سۆزلەرگە < چى >، < لۇق >، < پەرۋەر > دېگەن قوشۇمچىلار قوشۇپ يېزىلغان.

لېكىن بەزى سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرى تۈپ سۆزلەرگە قوشۇلماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن، نامەلۇم، نائىنىق، نائەھلى، بەقۇۋۋەت، بەھوزۇر.

**سۆزلەرگە ھەم سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە، ھەم سۆز تۆرلىگۈچى قوشۇمچە ئۇلاشقا توغرا كەلگەندە، ئاۋۋال سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە، ئاندىن كېيىن سۆز تۆرلىگۈچى قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ.**

مەسىلەن: ئوقۇ + غۇچى + لار + نىڭ = ئوقۇغۇچىلارنىڭ، سۆز + لەش + ى = سۆزلىشى

**قوش تىرناق ۋە يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلارنىڭ سىرتىغا يېزىلىدۇ.**

مەسىلەن: يالقۇن ماڭا: «مەن ل. مۇتەللىپ ھەققىدە <ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى> دە ئېلان قىلىنغان ماقالىنى ئوقۇپ چىقتىم» دېدى.

**سان ـ رەقەملەرگە ئۇلىنىپ كەلگەن قوشۇمچىلەر ئايرىم ھالدا يېزىلىدۇ.**

مەسىلەن: 1 . مەن 7 ـ سىنىپتا ئوقۇيمەن. 2 . مۇھەممەت 1970 ـ يىلى تۇغۇلغان. 3 . ئۇ ئۈرۈمچى 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 4 . مەن بۇ كىتاپنىڭ 7 ـ بابىغىچە ئوقۇپ بولدۇم.

**رىم رەقەملىرىدىن كېيىن، «نچى، ئىنچى» يېزىلمايدۇ ياكى سىزىقچە (ـ) قويۇلمايدۇ. لېكىن ئوقۇغاندا «نچى، ئىنچى» قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.**

مەسىلەن: ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى XI ئەسىردە ياشىغان ۋە ئىجات قىلغان. مەشھۇر شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى XIXئەسىردە ياشىغان ۋە ئىجات قىلغان.

# 5 ـ §. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈزۈلىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر ئۆزىنىڭ تۈزۈلىشى جەھەتتىن تۈپ ۋە ياسالما بولىدۇ. يەنى مورفو- لوگىيىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولمايدىغان سۆزلەر ۋە ھەر خىل سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ يار-

www.uyghurkitap.com

دىمى بىلەن ھاسىل بولغان سۆزلەردىن ئىبارەت بولىدۇ.

سۆزلەرگە مورفولوگىيىلىك جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ تۈپ (تومۇر) سۆز ۋە قوشۇمچىلارغا ئايرىلىدۇ. تۈپ سۆز سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ ۋە مۇستەقىل ھالدا قوللىنىلىدۇ. قوشۇمچىلار بولسا تۈپ سۆزگە قوشۇلۇپ، ھەر خىل مەنە بىلدۈرىدىغان يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. لېكىن قوشۇمچىلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم قوللىنىلمايدۇ ۋە مەنە بىلدۈرەلمەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى سۆزلەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ياسىلىشىغا قاراپ تۈپ ۋە ياسالما سۆزلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

2) تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سانىغا قاراپ بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر دەپ يەنە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

3) بىر ياكى كۆپ سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ، ئاددى سۆزلەر ۋە قوشما سۆزلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

# 1. ئاددى سۆزلەر

**پەقەت بىر تۈپ سۆزدىن ياكى بىر تۈپ سۆزنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈزۈلگەن سۆزلەرنى ئاددى سۆزلەر دەيمىز.**

مەسىلەن: 1. ئالما، قەن، تۇز، دېڭىز، ئوكيان، قوغۇن، تاۋۇز، بوغداي، بار، باش، ياش، كۆز.2. ئالمىلىق، تۇزلۇق، دېڭىزچى، بوغدايلىق، بارما، باشلا، ياشلىق، كۆزلەك ۋە باشقىلار .

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ 1 ـ سى بىرلا تۈپ سۆزدىن تۈزۈلگەن، 2 ـ سى بولسا شۇ تۈپ سۆزلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئاددى سۆزلەر تەركىۋىگە كىرىدۇ.

ئاددى سۆزلەرنى تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆز دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ.

**ھېچقانداق بۆلەكلەرگە ئايرىغىلى بولمايدىغان، بىرلا باش مەنىلىك بۆلەكتىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنى تۈپ (تومۇر) سۆزلەر دەيمىز.**

مەسىلەن: ئاي، كۈن، يۇلتۇز، ئات، ئىش، باش، قول، پۇت، نان، قوناق، تېرىق، ئېرىق، ئاق، قارا، قىزىل، كۆك، كەل، كەت، ماڭ، ئاستا، چاپسان ۋە باشقىلار.

**باش مەنىلىك بۆلەككە(تۈپ سۆزگە) ھەر خىل سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەرنى ياسالما سۆزلەر دەيمىز.**

مەسىلەن: ئىش + چى = ئىشچى، ياغاچ + چى = ياغاچچى، ئوتۇن + چى = ئوتۇنچى، بوش + لۇق = بوشلۇق، چاي + دان = چايدان ، كۆل + دان = كۆلدان، يول + داش = يولداش ؛

**29 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى ياسالما سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق سىزىڭلار .

«...نىلقا ناھىيىسىگە قاچان يېتىپ بارىمىز؟ دەپ شۇنچە ئىنتىزار بولدۇم. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ يالقۇنلۇق شائىرىمىز لۇتپۇللانىڭ يۇرتى... ئاخىرى يېتىپ كەلدۇق. نىلقىدا قونغان تۈنجى كېچىدە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. كۆز ئالدىمدا شائىرنىڭ ئۇلۇغۋار ئوبرازى تۇراتتى. تەسەۋۋۇر كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن: ئەنە ئۇ... تەمكىن تۇرىدۇ. كۆزلىرى ھىلھەم بۇرۇنقىدەك؛ ئۇمىت بىلەن چاقناپ، چىرايىدا بىر خىل جەسۇرلۇق، مەردانىلىك جۇش ئۇرىدۇ... ئۇ نىلقا دەرياسىنىڭ بويىدا گايى دەريانىڭ كۆپۈكلىنىپ مەۋج ئۇرۇشىغا كۆز تىكىپ، گايى دەريانىڭ ھەيۋەتلىك شاۋقۇنلىرىغا قۇلاق سېلىپ، گايى بۇ جانجان ۋەتەننىڭ لالىزار قوچىقىغا خىيالچان تەلمۈرۈپ سۈكۈتتە تۇرىدۇ. ..»

# 2. قوشما سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما سۆزلەر ئىككىدىن ئارتۇق تۈپ سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئىلى دەرياسى، پامىر تېغى، ئاشتاختا، بەش يۇلتۇز، قاچا ـ قۇچا، ئىلگىرى ـ كېيىن ۋە باشقىلار.

**دېمەك، ئىككىدىن ئارتۇق تۈپ سۆزنىڭ بەلگىلىك تەرتىپ ۋە بەلگىلىك ئۇسۇلدا قوشۇ ـ لۇشىدىن تۈزۈلۈپ بىر پۈتۈن مەنە ئاڭلاتقان سۆزلەرنى قوشما سۆز دەيمىز.**

قوشما سۆز تەركىۋىدىكى مۇستەقىل مەنە بىلدۈرىدىغان تۈپ سۆزلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا باغلىنىشى، تۈزۈلۈش شەكلى ۋە مەنە ئىپادىلىشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۇ يەنە 3 كە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: 1) بىرىككەن سۆزلەر، 2) جۈپ سۆزلەر 3) قىسقارتىلغان سۆزلەردىن ئىبارەت.

## 1) بىرىككەن سۆزلەر

**ئىككىدىن ئارتۇق تۈپ سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، باشقا بىر يېڭى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى بىرىككەن سۆزلەر دەيمىز.**

مەسىلەن: ئاش + تاختا = ئاشتاختا؛ تاش + پاقا = تاشپاقا؛ ئاق + سۇ = ئاقسۇ؛ ئاش + كۆك = ئاشكۆكى

بىرىككەن سۆز تەركىۋىدىكى ھەر ئىككى سۆز ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل تۇرغان ۋاقتىدىكى ئەسلى مەنىسىنى يوقىتىپ تامامەن يېڭى بىر مەنە ئاڭلىتىدۇ ۋە جۈملىدە خۇددى بىر سۆزدەك ۋەزىپە ئۆتەيدۇ ۋە جۈملىنىڭ بىرلا بۆلىگى بولۇپ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا بىرىككەن سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىككەن سۆزلەر كۆپىنچە ئىسىملارنىڭ ئۆز ـ ئارا بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسىملارغا باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئۆز ـ ئارا بىرىكىشىدىنمۇ تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن: لەيلىقازاق، تاشكۆۋرۈك، قامچىگۈل، قولقاپ، قۇمبېرىق، تۇرسۇنتاي، تاشكۆمۈر، ئۇچتۇرپان، قىزىلگۈل، بەشكېرەم، قارغۇياپىلاق، ئىشلەپچىقىرىش، گۈلدۇرماما، ھەركىم ۋە باشقىلار .

**30 ـ كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار ئويلاپ بىرىككەن سۆزلەردىن 10 نى تېپىپ دەپتىرىڭلارغا يېزىڭلار. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 5 سۆز ئىسىم بىلەن ئىسىمنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولسۇن.

## 2) جۈپ سۆزلەر

**ئىككى تۈپ سۆزنىڭ مەلۇم تەرتىپتە قاتارلىشىپ كېلىپ تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىشىدىن تۈزۈلۈپ، يېڭى، كەڭ ۋە ئومۇمى مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى جۈپ سۆز دەيمىز.**

جۈپ سۆزلەر ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ.

جۈپ سۆزلەر ئۆزىگە خاس تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1) جۈپ سۆز ئىككى مەنىداش سۆزدىن تۈزۈلۈپ، ھەر ئىككى سۆزگە ئورتاق بولغان بىر ئومۇمى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: چىنە ـ قاچا، خوشال ـ خورام، بەخت ـ سائادەت، مال ـ مۈلۈك ، ئاش ـ نان، قۇرت ـ قوڭغۇز.

2) بەزى جۈپ سۆزلەر مەلۇم ئۇقۇمنىڭ دەل ئېنىق مەنىسىنى بىلدۈرمەي، بەلكى مۆلچەر تەخمىنى مەنىلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئەتە ـ ئۆگۈن، يەتتە ـ سەككىز، ئون ـ ئونبەش، قىرىق ـ ئەللىك ۋە باشقىلار.

3) بەزى جۈپ سۆزلەر بىر تۈپ سۆزنىڭ تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلۈپ كۆچەيتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: توپ ـ توپ، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك، ئوقۇپ ـ ئوقۇپ، سۆزلەپ ـ سۆزلەپ.

4) زىت مەنىلىك ئىككى سۆزدىن تۈزۈلۈپ قارىمۇ ـ قارشى ئوي ـ پىكىرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ياخشى ـ يامان، ئىگىز ـ پەس، قىش ـ ياز، ياش ـ قېرى، ئۇزۇن ـ قىسقا.

**31 ـ كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار ئويلاپ 6 جۈملە تۈزۈڭلار. ئۇ جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدە جۈپ سۆز ـ لەرنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى بولسۇن.

ئۈلگە: 1 . بىز دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاسرايمىز.

2 . دادام ئۈرۈمچىدىن 4 ـ 5 كۈندە كېلىپ قالار.

3 . سەيپۇللا بەكمۇ تىرىشچان بالا، ئۇ ئوقۇپ ـ ئوقۇپ ھارمايدۇ.

**32 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى مىساللاردىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇڭلار.

1 . ئېخ لۇتپۇللا، سېنىڭ يالقۇنلۇق سۆزلىرىڭ ھازىرمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرماقتا.

سىنىڭ ئارزۇ ئۈمىتلىرىڭ ئەمەلگە ئاشقان بوگۈنكى كۈندە سېنى قانداقمۇ ئەسلىمەي تۇرالايمەن.
(ئەزىزۇپ قاسىم)

2 . بولدۇقلىغان بولاقلاردا ئوينار بېلىق،
«شىر شىر» قىلىپ ئاققان سۇلار دەر: «ئېرىق قاز!...»
«غۇر غۇر» ئۇچۇپ يۈزنى سۆيۈپ كەلدى شامال،
جۇدۇن چاپقۇن بىلەن كەتتى جۇت قوپۇن تاز...
(ئەرشىدىن تاتلىق)

## 3) قىسقارتىلغان سۆزلەر

بىر قانچە توپ سۆزنىڭ قىسقارتىلىپ بىر سۆز شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە جۈملىنىڭ بىرلا بۆلىگى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان قىسمى قىسقارتىلغان سۆز دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: م ت ز (ماشىنا تراكتور زاۋۇدى)، ج خ ئىدارىسى (جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى)

توپ سۆزلەر ھەر خىل شەكىلدە ئىخچاملىنىپ، قىسقارتىلغان سۆزلەر ياسىلىدۇ. قىسقارتىلغان سۆزلەر ئومۇمەن تۆۋەندىكى شەكىللەردە بولىدۇ.

1. قىسقارتىلغان سۆز تەركىبىدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ 1 ـ ھەرپىنى ئېلىش يولى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ب د ت (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى)، ئا ق ش (ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى)

2. كىشىلەرنىڭ ئىسىم پەمىلىسى بولۇپ كەلگەن سۆزلەردىن قىسقارتىلغان سۆزلەر ياسالغاندا بىرىنچى سۆزنىڭ ياكى بىرىنچى، ئىككىنچى سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى، ئاخىرقى سۆز تولۇق ئېلىنىدۇ.

مەسىلەن: ئا.ئۆتكۈر (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، ل . مۇتەللىپ (لۇتپۇللا مۇتەللىپ)

بۇنداق قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ قىسقارتىپ ئېلىنغان بىرىنچى ھەرپى ياكى بىرىنچى، ئىككىنچى ھەرپىدىن كېيىن چېكىت قويۇپ يېزىلىدۇ.

3 . سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىنى ئېلىش يولى بىلەن قىسقارتىلغان سۆزلەر ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: پارتكوم (پارتىيە كومىتېتى)، رايكوم (رايونلۇق كومىتېت)

# 6 ـ §.سۆز تۈركۈملىرى

**تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى، ئاتالاتقان مەنىسى، جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئوخشاشلىقى، يېقىنلىقى ۋە ئورتاقلىقىغا قاراپ تۈرلەرگە ئاجرىتىلىشىنى سۆز تۈركۈمى دەيمىز.** مەسىلەن:

1. باغ، ئالما، ئادەم، مەلىكە، مۇكەررەم، دەريا، كۆل، دېڭىز، ۋەتەن (ئىسىم).
2 . كۆك، قىزىل، سېرىق، ئاق، قارا، يېشىل، تاتلىق، ئاچچىق (سۈپەت) .
3 . بەش، ئون، يۈز، مىڭ، مىليون (سان) .
4 . مەن، سەن، ئۇلار، شۇنداق ،كىم، نىمە (ئالماش).
5 . كەت، كەل، ماڭ، كۈل، ياشا، ئۆرلە، يۈگۈر (پېئىل) .
6 . ئاستا، چاپسان، تېز، ئەتە، ئۆگۈن (رەۋىش) .
7 . بىلەن، ئۈچۈن، ئارقىلىق، ھەققىدە، خۇسۇسىدا، يولدا . .. (سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى).
8. ۋە، ھەم، بىلەن، يا، ياكى ، خا، نە (باغلىغۇچىلار) .
9 . مۇ، چۇ، ھە، زە ... (ئۈلانمىلار) .
10 . تاراق ـ تۇرۇق، شىر ـ شىر، شار ـ شۇر، گاز ـ گۇژ (ئىملىقلار).
11 . ئاھ، ئۇھ، ئېخ، ۋاي ـ ۋۇي، ئايھاي، ۋايجان (ئۈندەش سۆزلەر) .

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر ئۆزىنىڭ بەلگىلىك مۇھىم گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى، ئاتالاتقان مەنىسى، جۈملىدىكى خىلمۇ ـ خىل رولى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى

ئوخشاشلىغى، يېقىنلىغى ۋە ئورتاقلىغىغا قاراپ، 11 سۆز تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، پېئىل، رەۋىش، سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى، باغلىغۇچىلار، ئۇلانمىلار، ئۈندەشلەر ۋە ئىملىقلاردىن ئىبارەت. بۇ سۆز تۈركۈملىرى يەنە ئۆز-ئارا ئومۇمى ئورتاقلىق خۇسۇسىيىتىگە، يېقىنلىق ۋە ئوخشاشلىغىغا قاراپ، 3 چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار مۇستەقىل سۆزلەر، ياردەمچى سۆزلەر ۋە يېرىم مۇستەقىل سۆزلەردىن ئىبارەت.




# 1. مۇستەقىل سۆزلەر

**ئادەم، نەرسىلەرنى ۋە ئۇنىڭ سانىنى، ۋەقە ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرىنى، بەلگىلەرنى، ئىش - ھەركەت، ھالەت ۋە باشقىلارنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىگى بولۇپ كېلەلەيدىغان سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: 1 . تاغ، دەريا، كۆل، ۋەتەن، ئىشچى، دېخان، تىيانشان، مەكتەپ، كەلدى، كەتتى، ئىشلە، ئوقۇ، قىزىل، سېرىق.2 . ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرى ئىنتايىن گۈزەل، بىز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىمىز. بىز تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىلىم - پەننى ئىگەللەيمىز.

يۇقۇرىدىكى جۈملىلەردىكى مۇستەقىل سۆزلەر جۈملىنىڭ بۆلىگى بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئايرىم - ئايرىم سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلەلەيدۇ.

# 2. ياردەمچى سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەر ئۆز ئالدىغا تولۇق مەنە ئاڭلاتماي، پەقەت جۈملىدىكى سۆزلەرنى بىر-بىرى بىلەن باغلاپ، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ياكى ئۇلارغا ئايرىم قوشۇمچە مەنە بېرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: مەن دادام بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە باردىم. مەن مەكتەپكە ئوقۇش ئۈچۈن كەلدىم. مەن ئىدارىگە ئەتىگەن كېلىپ مەنسۇرنى كۈتتۈم، لېكىن ئۇ كەلمىدى. بۈگۈن كەچتە كىنوغا كىرەيلى ياكى تىياتىر كۆرەيلى.

يۇقۇرىدىكى جۈملىلەردىكى «بىلەن، ئۈچۈن، ۋە، ياكى» دىگەن سۆزلەر يەككە ھالدا بىرەر ئېنىق مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. تىلىمىزدا يەككە ھالدا قوللىنىلمايدۇ، پەقەت باشقا سۆزلەر بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلىشى ئارقىلىقلا قوشۇمچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**دىمەك، ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەنە بىلدۈرمەيدىغان، يەككە ھالدا قوللىنىلمايدىغان، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەر دىيىلىدۇ.**

ياردەمچى سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەرنى ياكى جۈملىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن: مەن بازاردىن كىتاپ، دەپتەر ۋە سىيا ئالدىم. بىز ئوقۇيمىز ھەم ئىشلەيمىز. بۇ-گۈنكى يىغىنغا مەن قاتناشتىم، لېكىن مەھەممەت قاتنىشالماي قالدى.

# 3. يېرىم مۇستەقىل سۆزلەر

**ھەم مۇستەقىل سۆزلۈك، ھەم ياردەمچى سۆزلۈك خاراكتېرىغا ۋە گراماتىكىلىق خۇسۇ-سىيەتلەرگە ئىگە بولغان سۆزلەرنى يېرىم مۇستەقىل سۆزلەر دەيمىز.**

www.uyghurkitap.com

تىلىمىزدىكى ئۈندەش ۋە ئىملىق سۆزلەر يېرىم مۇستەقىل سۆزلەر تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

مەسىلەن: 1 . ئاھ، ئۇھ، ئىخ، پاھ، ۋاي - ۋۇي، ئەستاغپۇرۇللا، ۋايجان. 2 . ئاھ خۇدايىم، بۇ كېسەل ئازاۋىدىنمۇ قۇتقۇزارسەن! (تىلەك) 2) ئوھھوي، ئىككى يىلدىلا چوڭ يىگىت بولۇپ كېتىپسەنغۇ، بالام! (ھەيرانلىق) 3) ۋايجان! ئەمدى قانداق قىلارمەن! (قورقۇش ھېسسىياتى) 4) ئۇھ، پۇتلىرىم ئەجەپمۇ ئاغرىپ كەتتىغۇ! (ھېرىش)

مانا بۇلار ئۈندەش سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قوللىنىلىشىنى كۆرستىدۇ.

يەنە مەسىلەن:

1. تاراق - تۇرۇق (تولا تاراق - تۇرۇق قىلماڭلار) .
2. ۋاراڭ - چۇرۇڭ (ئوقۇغۇچىلار سىنىپتا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ سۆزلەشمەكتە ئىدى).
3. غاچۇر - غۇچۇر (ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىدىن چىشلىرى غاچۇر- غۇچۇر بولۇپ كەتتى).
4. گاژ - گۇژ (كۈن بەك ئىسسىق بولۇپ، چىۋىنلار ئۆي ئىچىدە گاژ- گۇژ قىلىشىپ يۈرەتتى).

مانا بۇلار ئىملىق سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق قوللىنىلىدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ.

يېرىم مۇستەقىل سۆزلەر جۈملىنىڭ بۆلىگى بولۇپ كېلەلمەيدۇ، سۆز ياساشقا ئاساس بولالمايدۇ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تولۇق لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرەلمەيدۇ، بۇ جەھەتتىن ئۇ ياردەمچى سۆزلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ، يەنى ياردەمچى سۆزلۈك خاراكتېرغا ئىگە.

يېرىم مۇستەقىل سۆزلەر بەزىدە ئىسىم ئورنىدا كېلىپ قىسمەن ھالدا بولسىمۇ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ ۋە جۈملىدە ياردەمچى سۆزلەرگە نىسبەتەن، ئېنىقراق مەنە بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇ مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىگە، بولۇپمۇ ئىسىملارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

مەسىلەن: ئاھ - ئاھىم، ئاھىڭ، ئاھى (ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ 1 - ، 2 - ، 3 - شەخس-لىرىدە تۈرلەنگەن). ئاھنى، ئاھقا، ئاھتىن (كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن). تاراق - تۇرۇق - تاراق - تۇرۇقۇڭ، تاراق - تۇرۇقى (ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن). تاراق - تۇرۇقنى، تاراق - تۇرۇقتىن، تاراق - تۇرۇققا (كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن) .

33 - **كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار ئويلىنىپ 6 جۈملە تۈزۈڭلار. ئۇ جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدە ھەم مۇستەقىل سۆزلەر، ھەم ياردەمچى سۆزلەر، ھەم يېرىم مۇستەقىل سۆزلەر بولسۇن.

### تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى قانداق بولىدۇ؟ سۆزلەپ بېقىڭلار.
2 . ئاددىي ۋە ياسالما سۆزلەر دېگەن نېمە؟ مىساللىرى بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار.
3 . قوشما سۆزلەر دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بېقىڭلار.
4 . سۆز تۈركۈمى دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدا قانچە سۆز تۈركۈمى بار؟ ئۇلار قايسىلار؟ 5 . مۇستەقىل سۆزلەر، ياردەمچى سۆزلەر ۋە يېرىم مۇستەقىل سۆزلەر دېگەن نېمە؟ ئۇلارنىڭ پەرقى نېمە؟

# 7 - § . ئىسىم

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ، ۋەقە ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز-لەرنى ئىسىم دەيمىز.**

ئىسىملار ئادەتتە «كىم؟ نېمە؟ كىملەر؟ نېمىلەر؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. ئادەملەرنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا «كىم؟ كىملەر؟» نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا «نېمە؟ نېمىلەر؟» دېگەن سوئاللار قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: كىم؟ (مۇئەللىم)، كىملەر؟ (ئوقۇغۇچىلار)، نېمە؟ (كىتاب)، نېمىلەر؟ (كىتاپلار) .

ئىسىملارنىڭ كونكرېت مەنىسى خىلمۇ - خىل بولۇپ كېلىدۇ.

1 . ئىسىملار ئادەم ۋە باشقا جانلىق مەۋجۇداتلارنى بىلدۈرىدۇ:

مەسىلەن: ئەخمەتجان قاسىمى، سادىر پالۋان، نۇزۇگۇم، مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس

هاجىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، زۇنۇن قادىرى دېيىلگەن ئىسىملار ئادەملەرنى بىلدۈرىدۇ. قوي، كالا، قالغاچ، كەپتەر، بۇلبۇل، غاز، ئۆدەك، قوڭغۇز، چېكەتكە دېيىلگەن ئىسىملار تۈرلۈك ھايۋانات، قۇش ۋە قۇرت-قوڭغۇز قاتارلىق جانلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

2. ھەرخىل جانسىز نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: تراكتۇر، قەغەز، قەلەم، ئۈزۈم، شاپتۇل، پارتا، ئورۇندۇق، پىچاق، مەش، يۇلتۇز، ئاي، گىلەم، رادىيو ۋە باشقىلار.

3. ھەرخىل ۋەقە، تەبىئەت ھادىسىلىرى، جۇغراپىيىۋى، تارىخىي ئاتالغۇلار، ئىلىم - پەن ئاتالغۇلىرى قاتارلىقلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ .مەسىلەن: ئىنقىلاپ، قوزغىلاڭ، ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى، قار، يامغۇر، ئامېرىكا، تاغ، دېڭىز، گېئومېترىيە، تارىخ، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقىلار.

**34 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ «كىم؟ كىملەر؟» دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەرنى بىر تەرەپكە، «نېمە؟ نېمىلەر؟» دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەرنى بىر تەرەپكە چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1 . مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تىلشۇناس ئالىمى، ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرغان. 2. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ قەھرىمانى رىزۋانگۈل گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى شىددەتلىك جەڭ مەيدانىدا جەڭچى سەپداشلىرىنى قۇتقۇزۇش يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان. 3 . بىز ھەسەل ھەرىسى باقتۇق. 4 . مەن ھايۋاناتلار باغچىسىدا يولۋاس، شىر، ئېيىق، تۆلكىلەرنى كۆردۇم. 5 . بىزنىڭ ئۆيدە رادىيو، ۋەلسىپىت، ئىشكاپ ۋە تېلېۋىزورلار بار. 6 . ۋەتىنىمىز ئازاتلىقى يولىدا قۇربان بولغان قەھرىمانلار خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. 7 . باھار كەلدى، دەل دەرەخلەر ياشاردى، گۈللەر ئېچىلدى. 8 . ئۇلار بۈگۈن كەلدى. 9 . قىزلار كەشتە تىكىشكە ئۇستا .

ئۈلگە :

مەھمۇت قەشقەرى (كىم؟) ئەسەر (نېمە؟)قەھرىمانلار (كىملەر؟) گۈللەر (نېملەر؟)

**35 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئىسىملارنى تۈرلەرگە ئايرىپ جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن كاتەكچىلەرگە تولدۇرۇپ چىقىڭلار ۋە تونۇشتۇرۇڭلار.

ئۈرۈمچى، قەشقەر، جۇڭگو، روسىيە، ئامېرىكا، لېنىن، ماركس، ئېنگېلس، ماۋزېدۇڭ، ستالىن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى، جۇڭگو ئىنقىلاۋى، دەريا، ئۇستەڭ، دەرەخ، گۈل، پۈشكىن، دۇتار، قەلەم، لۇتپۇللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نان، قاغا، ياشلىق، كىتاب، قىز، يىگىت، بىبىجان، شىخەي، ئالگېبرا، تۇز كىسلاتاسى، چاڭجياڭ دەرياسى، ئىلى دەرياسى، ئالما، شاپتۇل، نەشپۈت .

| ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ناملىرى | ھەر خىل جانسىز نەرسىلەرنىڭ ناملىرى | ھەر خىل ۋەقە،تەبىئەت ھادىسلىرى، جۇغراپىيىۋى، تارىخىي ئاتالغۇلار ۋە ئىلىم - پەن ئاتالغۇلىرىنىڭ نامى |
|---|---|---|
| | | |

## 1. خاس ۋە تۈردەش ئىسىملار

ئىسىملار ئۆزلىرىنىڭ مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن خاس ئىسىم ۋە تۈردەش ئىسىم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، «ئادەم» دېگەن سۆز بىلەن «لۇتپۇللا» دېگەن ئىككى سۆزنى ئالساق، «ئادەم» دېگەن سۆز دۇنيادىكى بىرلا تۈرگە كىرىدىغان، ئاڭ پىكرىگە ئىگە بولغان بىر خىل جانلىقلارنىڭ ئومۇمى نامىنى، «لۇتپۇللا» دېگەن كۆرمىڭلىغان ئادەملەر ئىچىدىكى مەخسۇس بىرلا ئادەمنى بىلدۈرىدۇ.

**دېمەك، يالغۇز بىرلا ئادەم ياكى نەرسىگە مەخسۇس بېرىلگەن نامنى بىلدۈرگەن ئىسىملارنى خاس ئىسىم دەيمىز.**

www.uyghurkitap.com

مەسلەن: تاشكەنت، ئۈرۈمچى، بەختىيار، خۇرشىدە، ئارباغاتاي تېغى، ئىمىل دەرياسى.

**بىر خىل جانلىق ياكى جانسىز نەرسىلەرگە ئورتاق بولغان ئومۇمى نامنى بىلدۈرگەن ئىسىملارنى تۈردەش ئىسىم دەيمىز.**

مەسلەن: دېڭىز، شەھەر، ئادەم، تاغ، ئوكيان، كۆل، ھايۋان، قۇش، بېلىق ۋە باشقىلار.

# 2. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك، ئىگىلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى

ئىسىم ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرى ئىچىدە بىر قەدەر چوڭ سۆز تۈركۈمىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ سان، تەۋەلىك، كېلىش كاتېگورىيىلىرى بىلەن كېلىدۇ. ئىسىم ئەنە شۇ كاتېگورىيىسىگە قاراپ، كۆپلۈك، ئىگىلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىدۇ.

## 1) ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار بىرلىك ۋە كۆپلۈكساندا كېلىدۇ. بىرلىكساندا كەلگەن ئىسىملار ئومۇمەن ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بىرلا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن، قۇددۇس، يۇسۇپ، پاتەم، رۇقىيە، ئالما، نەشپۈت ۋە باشقىلار.

كۆپلۈك ساندا كەلگەن ئىسىملار ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ بىردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار، لەر»دىن ئىبارەت. ئومۇمەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە «لار»، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە «لەر» قوشۇمچىسى ئۇلىنىش ئارقىلىق كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملار ياسىلىدۇ.

مەسلەن، 1 . ئانىلار، بالىلار، ئىنسانلار، تاغلار، باغلار، ئالىملار. 2 . كۆللەر، گۈللەر، مەكتەپلەر، چېچەكلەر، سۆزلەر .

## 2) كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ۋە مەنىسى

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىچە ئۇلىنىدۇ.

(1) بىرەر نەرسە ياكى ئادەمنىڭ بىردىن ئارتۇق ساندا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ.مەسلەن: بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا بەكمۇ كۆيۈنىدۇ. مەكتەپ بېغىدا رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلدى.

(2) جۈملىدە تەڭداش بۆلەك بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكىگە ئۇلىنىپ، ھەر- بىر تەڭداش بۆلەكنىڭ كۆپلۈك ساندا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: بىزنىڭ باغدا ئالما، ئۆرۈك، نەشپۈت، شاپتۇل ۋە ئەنۇلالار بار. بىز ئېتىزىمىزغا بۇغداي، قوناق، كۆكتات ۋە قىچىلارنى تېرىدۇق.

ئەسكەرتىش: ئەگەر جۈملىنىڭ بىر خىل بۆلەكلىرى خاس ئىسىملار بولسا، ئاخىرقى خاس ئىسىمغا ئۇلانغان كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئومۇمەن ئالغاندا ھەممە بىر خىل بۆلەكلەر ئۈچۈن ئورتاق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: بۈگۈن مەن ساۋاقداشلىرىم ئەركىن، ئەنۋەر، ياسىن، سۇلتانلار بىلەن بىرلىكتە دەرس تەييارلىدىم.

(3) كىشىلەرنىڭ ئىسىم، پەملىلىرىگە كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۇلانسا، ئۇ شۇ ئىسىم، پەملە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئائىلە ئەزالىرىنى ياكى يېقىن شەخسلەر تۈپىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: 1. مەن مەخسۇتلارنىڭ تويىغا باردىم. 2 . يالقۇنلارنىڭ گۇرۇپپىسى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولدى.

(4) ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان ساناق سان كەلسە، ئۇنداق ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۇلانمىسىمۇ كۆپلۈك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.مەسلەن: 1 . بىزنىڭ سىنىپتا 40 بالا ئوقۇيدۇ. 2 . مەن 10 دەپتەر، 3 قېرىنداش سېتىۋالدىم.

**36 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ، كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇ ئىسىملارغا قانداق مەنە بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

## خىيالچان تىلەك

تېگىرقىمايمەن دوستلار، تىلەيمەن ئالى تىلەكلەرنى،
چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۇرگەن بۇ بىلەكلەرنى.
مەرت باغۋەن غازاڭ قىلمايدۇ ۋاقىتسىز باغنى،
تەربىيىسىز سولدۇرۇپ گۈل - چېچەكلەرنى.
خىيالىم خۇددى تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر سەبى بالا،
ئېمىش ئۈچۈن قەدىردان ئانىدىكى قوش ئەمچەكلەرنى.
لەززەتلىك خىيال ئارىسىدا بېقىپ ئاسمانلارغا،
تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆرىمەن روشەن بۇرجەكلەرنى،
جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ ئىچۈك تولغانماس،
ئاشىغى كۈتۈپ تۇرسا ئېچىپ يورۇق رۇجەكلەرنى...
ئىمىشقا يازماي تىلەك ئارىلاش مۇگلۇق لىرىكىلارنى،
سۆيگۈ - ئىشقى ئۆرتەپ كۆيدۈرسە يۈرەكلەرنى.
ئەزەلدىنلا خىيالچان.... مۇڭلۇق بىر يىگىت ئىدىم،
تىڭشىغاچقا مومام ئاغزىدىن ساماۋى چۆچەكلەرنى.
سۆيگۈ دېڭىزى چوڭقۇرلۇغىدا مەن بىر قايىنام تۇرسام
ئۇسسۇزلىغىم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كۆلچەكلەرنى

(ل. مۇتەللىپ)

# 3) ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ قايسى شەخسكە ۋە نىمىگە قاراشلىق ئىكەنلىگىنى بىلدۇرۇپ كېلىـ ـدىغان قوشۇمچىلار ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئاكا - مېنىڭ ئاكام، بىزنىڭ ئاكىمىز، كۆڭۈل - سېنىڭ كۆڭلۈڭ، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلار، دەپتەر - ئۇنىڭ دەپتىرى، ئۇلارنىڭ دەپتىرى

ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملار بىرلىك ۋە كۆپلۈك ساندا كېلىپ، «مېنىڭ، بىزنىڭ، سېنىڭ، سىلەرنىڭ، ئۇنىڭ، ئۇلارنىڭ» قاتارلىق 3 شەخس ئالماشلىرى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

بىرلىك ساندا كېلىشى:

1 - شەخس (سۆزلىگۈچى) مېنىڭ ۋەتىنىم
2 - شەخس (تىڭشىغۇچى) سېنىڭ ۋەتىنىڭ، (سىزنىڭ ۋەتىنىڭىز)
3 - شەخس (ئۆزگە) ئۇنىڭ ۋەتىنى

كۆپلۈك ساندا كېلىشى:

1 - شەخس (سۆزلىگۈچى) بىزنىڭ ۋەتىنىمىز
2 - شەخس (تىڭشىغۇچى) سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلار
3 - شەخس (ئۆزگە) ئۇلارنىڭ ۋەتىنى

**37 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ئۇلارنىڭ قايسى سان، قايسى شەخستە كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

.... مەن دائىم مۇنداق ئويلايتتىم: سۆگەت - تاللارنىڭ بوستان شاخلىرى جىلۋە قىلىپ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. شاپتۇل چېچەكلىرى كۆزنىڭ يېغىنى يىگۈدەك رەڭدار ئېچىلىپ ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئۇلار كىشىلەرگە پەقەت سىرتقى گۈزەللىك تەسىراتىنىلا بېرىپ كۈچ بەخش ئېتەلمەيدۇ. قارىغاي ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ بۇران - چاپقۇن، ئىزغىرىن سوغۇقلاردىمۇ پۈكۈلمەس، سولماس

خىسلىتىنى نامايان قىلىپ قىش ـ ياز ئوخشاشلا ياپ ـ يېشىل تۇرالايدۇ. مەن ھەر قېتىم قارىغاينى ئەسلە ـ گىنىمدە، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇھەممەد ئېلى تەۋپىق ئەپەندى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق قەھرى ـ رىمانلىرىمىزنىڭ قىيىنچىلىق ۋە ھەتتا ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان جاسارەتلىك خىسلىتى يادىمغا كېلىدۇ. . . .

## ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى

1 . لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن ۋە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىچە ئۇلىنىدۇ:

| شەخس | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | ىم | ىمىز |
| 2 ـ شەخس | ىڭ | ىڭلار |
| 2 ـ شەخس سىپايى تۈرى | ىڭىز | ـ |
| 3 ـ شەخس | ى | ى |

مەسىلەن: مېنىڭ قىز + ىم، بىزنىڭ قىز + ىمىز
سېنىڭ قىز + ىڭ، سىلەرنىڭ قىز + ىڭلار
سىزنىڭ قىز + ىڭىز، سىلەرنىڭ قىز + ىڭلار
ئۇنىڭ قىز + ى ، ئۇلارنىڭ قىز + ى

2 . لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن ۋە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىچە ئۇلىنىدۇ.

| شەخس | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | م | مىز |
| 2 ـ شەخس | ڭ | ڭلار |
| 2 ـ شەخس سىپايى تۈرى | ـ ڭىز | ڭلار |
| 3 ـ شەخس | سى | سى |

مەسىلەن:
مېنىڭ ئانا + م، بىزنىڭ ئانا + مىز
سېنىڭ ئانا + ڭ، سىلەرنىڭ ئانا + ڭلار
سىزنىڭ ئانى + ڭىز، سىلەرنىڭ ئانا + ڭلار
ئۇنىڭ ئانا + سى، ئۇلارنىڭ ئانا + سى

ئەسلەتمە: تىلىمىزدىكى 3 ـ شەخسنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىرلىك ۋە كۆپلۈك سان ئۈچۈن ئوخشاش بولىدۇ.

مەسىلەن، ئۇنىڭ بېغى، ئۇلارنىڭ بېغى، ئۇنىڭ ھەدىسى، ئۇلارنىڭ ھەدىسى، ئۇنىڭ سۆزى، ئۇلارنىڭ سۆزى، ئۇنىڭ بوۋىسى، ئۇلارنىڭ بوۋىسى.

3. تەركىبىدە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارغا ياكى ئاخىرقى بوغۇمدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىچە ئۇلىنىدۇ.

| شەخس | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | ۇم، ۈم | ىمىز |
| 2 ـ شەخس | ۇڭ، ۈڭ | ۇڭلار، ۈڭلار |
| 2 ـ شەخس سىپايى تۈرى | ڭىز، | ىڭىز ڭىز، ىڭىز |
| 3 ـ شەخس | ى | ى |

مەسىلەن:
مېنىڭ يول + ۇم  بىزنىڭ يول+ ىمىز
سېنىڭ يول + ۇڭ  سىلەرنىڭ يول + ۇڭلار

ئۇنىڭ يول + ى ئۇلارنىڭ يول + ى

مېنىڭ تاۋۇز + ۇم بىزنىڭ تاۋۇز + ىمىز

سېنىڭ تاۋۇز + ۇڭ سىلەرنىڭ تاۋۇز + ۇڭلار

ئۇنىڭ تاۋۇز + ى ئۇلارنىڭ تاۋۇز + ى

ئەسلەتمە: سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بەزى ئىسىملار ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلەنگەندە بۇ قوشۇمچىلەرنىڭ ئالدىغا «ي» ھەرپى قوشۇپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: سۇ - سۈيۈم، سۈيۈڭ، سۈيى، گۇنا - گۇنايىم، گۇنايىڭ، گۇنايى

## ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىش جەدۋىلى

| شەخسلەرنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك سانى | شەخسلەر | ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا | سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا |
|---|---|---|---|
| بىرلىك سان | 1 . سۆزلىگۈچى<br>2 . تىڭشىغۇچى<br>2. سىپايى تۈرى<br>3 . ئۆزگە | ... + ىم<br>... + ۇم، ... ۈم<br>... +ىڭ، ۇڭ، ۈڭ<br>... + ىڭىز<br>... + ى | ...+ م<br>... + ڭ<br>... + ڭىز<br>... + سى |
| كۆپلۈك سان | 1 . سۆزلىگۈچى<br>2 . تىڭشىغۇچى<br>2. سىپايى تۈرى<br>3 . ئۆزگە | ... + ىمىز<br>... + ىڭلار<br>. + ۇڭلار، ...+ ۈڭلار<br>...+ ۇڭلار، ...+ ۈڭلار<br>...+ ى | ... + مىز<br>... + ڭلار |

**38 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان بىرلىك ساندىكى ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

ئىنقىلاۋىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز ئۆيىدە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولدى. كېيىن غۇلجا شەھەرلىك تاتار باشلانغۇچ مەكتىۋىدە ئوقۇدى ۋە ئائىلىسىدىكى ۋاقتىدىلا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەۋەسكارى بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا زور ئىشتىياق باغلىدى. ئۇ خەلق قوشاقلىرىنى، خەلق بېيىتلىرىنى، تەمسىللىرىنى، خەلق چۆچەكلىرىنى ناھايىتى چوڭ قىزىقىش بىلەن ئاڭلىدى ۋە توپلىدى. ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى رۇس گىمنازىيىسىگە كىرىپ 1938 - يىلىغا قەدەر ئوقۇپ، رۇس تىلىنى پىششىق ئۆگەندى ھەم رۇس كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇدى ۋە كۆپ يادلىدى. بۇلار شائىرنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتە ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن زور ئاساس ھازىرلاپ بەردى.

**39 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى گەپلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. نۇرغۇن چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا يېزىلماي قالدۇرۇلغان ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى يېزىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قايسى شەخس قوشۇمچىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاڭلار.

1 . دادامنىڭ باللىق چاغ... بەكمۇ جاپالىق ئۆتكەن ئىكەن. 2 . بىزنىڭ باللىق چاغ... ئىنتايىن بەختلىك ئۆتمەكتە. 3 . بىزنىڭ تۇرمۇش ... كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولماقتا. 4 . ئوقۇغۇچىلار قائىدە... گە قەتئىي بوي سۇنىمىز. 5 . سېنىڭ دادا... قايسى زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. 6 . ۋەتەن بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئانا ....

## 4) ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملاردىكى بەزى تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئىسىملاردىكى بەزى تاۋۇشلار ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ تەسىرىدە باشقا تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلىشىپ كېلىدۇ.

(1) < ق > ، < ك > تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياقلاشقان كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا ،< ق > تاۋۇشى < غ > بىلەن ،< ك > تاۋۇشى < گ > بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

مەسىلەن: قۇلاق ـ قۇلىقى ، كۆينەك ـ كۆينىكى ، قوناق ـ قونىقى ، چېچەك ـ چېچىكى ،ياخشىلىق ـ ياخشىلىقى ، لەگلەك ـ لەگلىكى ، ئامانلىق ـ ئامانلىقى ، سالامەتلىك ـ سالامەتلىكى ؛

ئەسلەتمە: تۇراقلىق ئۇرغۇلۇق بوغۇم بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن < ق >، < ك > تاۋۇشلىرى < غ >، < گ > تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن: ھوقۇق ـ ھوقۇقى، ئىشتىياق ـ ئىشتىياقى، ئىتتىپاق ـ ئىتتىپاقى، ئىدراك ـ ئىدراكى (ئىدراكى خۇلاسە)

(2) ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان، تەركىبىدە < ئا، ئە > سوزۇق تاۋۇشلىرى بولغان بىر بۇغۇملۇق ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلسە، < ئا، ئە > سوزۇق تاۋۇشلىرى < ئې > تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن: ئات ـ ئېتى، تەن ـ تېنى، قان ـ قېنى، ئەل ـ ئېلى، نان ـ نېنى، تەر ـ تېرى ساپ ـ سېپى، بەت ـ بېتى دېگەندەك.

ئەسلەتمە: 1) ئەگەر بۇنداق سۆزلەر تۇراقلىق ئۇرغۇلۇق سۆز بولسا، < ئا >،< ئە > تاۋۇشلىرى «ئې» بىلەن نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن: پەم ـ پەمى (پەمى بار ئادەم)، تەم ـ تەمى (تاماقنىڭ تەمى)، سان ـ سانى، ساز ـ سازى، قار ـ قارى (تاغنىڭ قارى) ۋە باشقىلار.

(3) بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش قاتار كەلسە، < ئا، ئە > تاۋۇشلىرى < ئې > بىلەن نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن: شەرت ـ شەرتى، پەيت ـ پەيتى، شەرق ـ شەرقى، پەرق ـ پەرقى دېگەندەك ؛

(4) كۆپ بۇغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىدىكى < ئا، ئە > تاۋۇشلىرى ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا ، < ئى > تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.مەسىلەن: ئاتا ـ ئاتىسى، ئاشخانا ـ ئاشخانىسى ، ۋەتەن ـ ۋەتىنى، ئەنئەنە ـ ئەنئەنىسى، ئاتلار ـ ئاتلىرى، كۆللەر ـ كۆللىرى ، قۇشلار ـ قۇشلىرى، كالىلار ـ كالىلىرى دېگەندەك.

ئەسلەتمە: ئەگەر بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بۇغۇمى ئۇرغۇلۇق بوغۇم بولسا ياكى ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، ئۇنىڭغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا < ئا، ئە > تاۋۇشلىرى < ئې > تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن: بالا ـ بالاسى (بالا ـ قازا)، ماتا ـ ماتاسى، قازا ـ قازاسى، دەريا ـ دەرياسى، سىيا ـ سىياسى، ئىلاھ ـ ئىلاھى ۋەقە ـ ۋەقەسى، جۈمە ـ جۈمەسى ئىستىھكام ـ ئىستىھكامى، ئىستىلا ـ ئىستىلاسى، ئاۋانگارت ـ ئاۋانگارتى.

(5) < پ > تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان كۆپ بۇغۇملۇق ئىسىملار ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندە < پ > تاۋۇشى < ۋ > تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن: مەكتەپ ـ مەكتىۋى، تەلەپ ـ تەلىۋى، كىتاپ ـ كىتىۋى، خىتاپ ـ خىتاۋى دېگەندەك ؛

**40ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدا ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ قانداق نۆۋەتلەشكەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار ۋە < ئا، ئە > تاۋۇشلىرىنىڭ < ئې > بىلەن نۆۋەتلەشكەنلىكىگە بەش مىسال تېپىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

### «مەن تېخى ئىشلەپ بولالمىدىم»

مىلادىدىن بۇرۇنقى 212 ـ يىلى رىم قوشۇنلىرى سىراكۇزىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئارخىمېد تۇرۇشلۇق شەھەرنى قورشىۋالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ 75 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ ئەمما يەنىلا ماتېماتىكىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلاتتى. رىم چېرىكلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرگەندە، ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، يەرگە سىزىلغان گېئومېترىيىلىك شەكىللەرگە كۆز ئۈزمەي قاراۋاتاتتى. رىم چېرىكلىرى كانىيى يىرتىلغىچە

ۋاقىرىشىپ ئۇنى چۆچۈتۈۋېتىدۇ. ئارخىمېد غەزەپلىنىپ: «ھەي! سەنلەر مېنىڭ رەسىملىرىمنى دەسسىۋې- ـتىشتىڭ، نېرى تۇرۇش!» دەيدۇ. ئەمما ئەلپازىدىن قانخورلۇق يېغىپ تۇرغان چېرىكلەر ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي قىلىچلىرىنى ئۇنىڭ بېشىغا تەڭلەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇ يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ۋەقەنى سېزىپ تۇرسىمۇ، ئەمما رەڭگىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ سەمىمىلىك بىلەن: «مېنى بىردەمدىن كېيىن ئۆلتۈرۈڭلار، مېنىڭ ماۋۇ گېئومېتىرىك تېئورېمىنى ئىسپاتلىشىمغا يەنە ئازراق ۋاقىت بېرىڭلار. ئەۋلادلارغا ئىسپاتلىنىپ بولمىغان بىر تېئورېمىنى قالدۇرۇپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ!»دەيدۇ. ئەمما بىلىمسىز ۋە رەھىمسىز رىم چېرىكلىرى بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ كاللىسىغا بىر قىلىچ ئۇرۇش بىلەنلا ئۇنى چېپىپ تاشلايدۇ. ئارخىمېد ئاخىرقى تىنىقى توختاش ئالدىدا بارلىق كۈچىنى يىغىپ: «مەن تېخى ئىشلەپ بولالمىغان ئىدىم!» دەپ قاتتىق بىر ۋاقىرايدۇ ـ دە، قان ئىچىگە يىقىلىدۇ.

53 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى ئوقۇڭلار، تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەرگە مۇۋاپىق ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇڭلار ۋە «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشىگە دىققەت قىلىڭلار.

1 . يالغۇز ئاتنىڭ (چاڭ...) چىقماس، (چاڭ...) چىقسىمۇ (داڭ...) چىقماس.

2 . ئادەم بالىسىنىڭ (باھا...) بىلىم بىلەن.

3 . (بىلەك...) كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، (بىلىم ...) كۈچلۈك مىڭنى يېڭەر.

4 . ئىشلىگەننىڭ (يۈز...) يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ (يۈز...) چورۇق.

5 . ئادەمنىڭ (تەم...) سۆز بىلەن، ئاشنىڭ (تەم...) تۇز بىلەن.

6 . يامانغا يولۇقساڭ (بالا ...) يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ (قارا...).

## 5) ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى

**جۈملە تەركىۋىدىكى سۆزلەرنى تۈرلەش ۋە بىر - بىرىگە باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ھەمدە جۈملىدىن ئاڭلىشىلغان ئوي - پىكرنى روشەنلەشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىدىغان قوشۇمچىلەر كېلىش قوشۇمچىسى دىيىلىدۇ.**

مەسىلەن: «بىزنىڭ مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا دەرسنى ياخشى چۈشەندۈرىدۇ» دىگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە ئۇلانغان «نىڭ، غا، نى» قاتارلىقلار كېلىش قوشۇمچىلىرى بولۇپ، ئۇ سۆزلەرنى باشقا سۆزلەر بىلەن زىچ باغلاش رولىنى ئاتقۇرۇش بىلەن بىللە بۇ جۈملىدىن ئاڭلىشىلىدىغان ئوي - پىكرنى روشەن ئىپادىلەش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان.

كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىملارنىڭ ياكى ئىسىملاشقان سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ جۈملىنىڭ باشقا بۆلىگى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ ئىسىملار جۈملىدە تۈرلۈك كېلىشلەردە كېلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا كېلىش قوشۇمچىلىرى بىۋاستە تۈپ سۆزگە ئۇلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسىملارغا ئۇلانغان كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىدىن كېيىنمۇ ئۇلىنىدۇ.

كېلىش قوشۇمچىلىرى جۈملىدە سۆزلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرى ۋە باغلىنىشىنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، لېكىن ئۇ سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ئۆزگەر- تەلمەيدۇ.

## 6) ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى

**ئىسىملارنىڭ ياكى ئىسىملاشقان سۆزلەرنىڭ ھەرخىل كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن ھەر خىل سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشنى ئىسىم- ـلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى دەيمىز.**

مەسىلەن: 1. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت يۈرەك ئىنقىلاۋىي شائىرى. 2. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىغا پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكى يۇقۇرى باھا بەردى. 3. بىز لۇتپۇللا مۇتەللىپتىن ئۆگىنىمىز. 4. لۇتپۇللا مۇتەللىپكە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. 5. لۇتپۇللا مۇتەللىپنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز.

www.uyghurkitap.com

يۇقۇرىقى جۈملىلەردە «لۇتپۇللا مۇتەللىپ» دىگەن ئىسىم ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بىلەن زىچ سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىشلەر مەنىسىگە قاراپ جۈملىدە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ ۋە ئۆزلىرىگە خاس سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىشلەر ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**(1) باش كېلىش**

باش كېلىش قوشۇمچىسىز ئىپادىلىنىدۇ. يەنى باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ئەسلى ھالىتىدە (تۈپ ياكى ياسالما ئىسىم ھالىتىدە) ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن جۈملىدە كۆپلۈك قوشۇمچىسى ياكى ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارمۇ باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ھىساپلىنىدۇ.

باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ئومۇمەن ئىگە ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىدۇ ۋە «كىم؟ كىملەر؟ نىمە؟ نىملەر؟ (نىمىسى؟) دىگەندەك سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ.

مەسلەن:1. ئەنۋەر ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولدى. 2 . رىزۋانگۈل گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى شىددەتلىك جەڭ مەيدانىدا ۋەتەن ئازاتلىغى يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.

باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار بەزىدە جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىنىمۇ ئاتقۇرۇپ كېلىدۇ.

مەسلەن: دۇنيادا ئەڭ قەدىرلىك نەرسە ـ ئادەم.

**(2) ئىگىلىك كېلىش**

**ئىگىلىك كېلىش بەزىدە قاراتقۇچ كېلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.**

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ كىمگە ۋە نىمىگە قاراشلىق ئىگەنلىگىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش ئىگىلىك كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» بولۇپ، بۇ قوشۇمچە ئۇلانغان سۆزلەر جۈملىدە «كىمنىڭ؟ نىمنىڭ؟» دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.**

مەسلەن: 1. بىز ۋەتىنىمىزنىڭ شان ـ شەرىپىنى قوغدايمىز. 2. مەن دادامنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالدىم. 3. تاغنىڭ سالقىن ھاۋاسى كىشىگە بەكمۇ ھوزۇر بىغىشلايدۇ.

**(3) چۈشۈم كېلىش**

**ئىسىملارغا ياكى ئىسىم ۋەزىپىسىدە كەلگەن سۆزلەرگە ئۇلىنىپ، ئۇنى ھەركەت ئوبيېكتى قىلىدىغان ۋە جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن بىۋاستە باغلاپ كېلىدىغان كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى دىيىلىدۇ. چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» .**

مەسلەن: 1 . سادىر ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلىدى. 2 . باللار كىتاپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

تۆردەش ئىسىملارغا ئۇلىنىدىغان چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بەزىدە چۈشۈپ قالىدۇ.

مەسلەن: 1 . ئادىلجان كىنو (كىنونى) كۆردى. 2 . ئوقۇغۇچىلار ئەمگەك (ئەمگەكنى) سۆيىدۇ.

3 . ئوقۇغۇچىلار دوكلات (دوكلاتنى) ئاڭلىدى.

**(4) يۆنۈلۈش كېلىش**

**ئۆزى ئۇلانغان ئىسىملارنى جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن باغلاپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىر ياكى ئىش ـ ھەركەتنىڭ يۆنۈلۈشىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە يۆنۈلۈش كېلىش قو ـ شۇمچىسى دىيىلىدۇ.**

يۆنۈلۈش كېلىش بەزىدە بېرىش ـ كېلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ قوشۇمچىسى < غا، قا، گە، كە (غە، قە)> لەردىن ئىبارەت.

يۆنۈلۈش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار «كىمگە؟ نىمگە؟ قەيەرگە؟ نەگە؟ قاياققا؟» دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

مەسلەن: بىز كىنوغا باردۇق، دادام زاۋۇتقا كەتتى. ئەنۋەر مەكتەپكە باردى. مەن بارلىغىمنى ۋەتەنگە بىغىشلايمەن. ئۇ شەرققە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

**(5) چىقىش كېلىش**

**ئۆزى ئۇلانغان ئىسىم بىلەن جۈملىنىڭ خەۋىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، ئىش ـ ھەركەتـ ـنىڭ باشلىنىش ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلەر چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى دىيىلىدۇ.**

چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملار جۈملىنىڭ خەۋىرىگە باغلىنىپ كېلىپ، ئىش ـ ھەركەتنىڭ باشلانغان ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «دىن، تىن» لاردىن ئىبارەت.
چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملار جۈملىدە «كىمدىن؟ نىمدىن؟ قەيەردىن؟ نەدىن؟ قاچاندىن؟» دىگەندەك سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ.
مەسىلەن: 1 . مەن دادامدىن خەت ئالدىم. 2 . مەن چۈشەنمىگەن نەرسىلەرنى مۇئەللىمدىن سوراپ بىلىۋالدىم. 3 . ئۇ ھەرقاچان ئەمگەكتىن قالمايدۇ. 4 . گۈلزارغا ئادالەتتىن خەت كەپتۇ.
ئومۇمەن چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئىش ـ ھەركەتنىڭ باشلىنىش ئوبيېكتىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە يەنە ئۇ ئىش ـ ھەركەتنىڭ سەۋەۋىنى ۋە مەنبەسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: 1 . ئۇ دەرسكە ياخشى تەييارلىق كۆرمىگەنلىكتىن، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى. 2 . بېنزىن نېفىتتىن چىقىدۇ. 3 . كۆمۈر خاڭدىن چىقىدۇ.

**(6) ئورۇن ـ پەيت كېلىش**

**ئۆزى ئۇلانغان ئىسىم بىلەن جۈملىنىڭ خەۋىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، ئىش ـ ھەركەتـ ـنىڭ ئورنىنى، ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش قوشۇمچىسى ئورۇن ـ پەيت كېلىش قوشۇمچىسى دىيىلىدۇ.**
بۇ كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ خەۋىرىگە باغلىنىپ كېلىپ، ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئورنىنى، ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى «دا، دە، تا، تە» لەردىن ئىبارەت.
ئورۇن ـ پەيت كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملار «قەيەردە؟ نەدە؟ كىمدە؟ نىمدە؟ قاچان؟» دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ.
مەسىلەن: 1 . مېنىڭ دادام زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ . 2 . مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە تۇرۇپ تەنتەربىيە ئوينايمەن. 3 . بىزنىڭ باغدا خىلمۇ ـ خىل مىۋىلەر پىشىپ كەتتى.

### ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ جەدۋىلى

| № | كېلىشلەرنى نامى | سوئاللىرى | | كېلىش قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|---|
| | | ئادەملەر ئۈچۈن | نەرسىلەر ئۈچۈن | |
| 1 | باش كېلىش | كىم ، كىملەر | نىمە ، نىملەر | - |
| 2 | ئىگىلىك كېلىش | كىمنىڭ ، كىملەرنىڭ | نىمنىڭ ، نىملەرنىڭ | نىڭ |
| 3 | چۈشۈم كېلىش | كىمنى كىملەرنى | نىمنى نىملەرنى | نى |
| 4 | يۆنۈلۈش كېلىش | كىمگە كىملەرگە | نىمگە نىملەرگە | قا ، غا ،كە ، گە |
| 5 | چىقىش كېلىش | كىمدىن كىملەردىن | نىمدىن نىملەردىن | دىن ، تىن |
| 6 | ئورۇن ـ پەيت كېلىش | كىمدە كىملەردە | نىمدە نىملەردە | دا ، دە، تا ، تە |

**41 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە قايسى كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
ۋەتىنىمىنىڭ ئۆز ھاياتىنى پەنگە بېغىشلىغان ياشلىرىدىن نىملەرنى كۈتىمەن؟
ھەممىدىن ئاۋال ئىزچىل بولۇشنى كۈتىمەن. پەندە ئۈنۈملۈك نەتىجىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شۇ مۇھىم شەرت توغرىسىدا سۆزلىگەندە مەن ھاياجانلانماي تۇرالمايمەن، ئىزچىللىق، ئىزچىللىق، يەنە ئىزچىللىق.سىلەر ئىشنى باشلىغاندىلا ، بىلىمىڭلارنى ئاشۇرۇشتا،قەتئى ئىزچىل بولۇشقا ئادەتلىنىڭلار.
پەننىڭ ئىگىز چوققىلىرىغا چىقىشنى خالىساڭلار، ئالدى بىلەن ئۇ ھەقتە دەسلەپكى مەلۇماتنى ئىگەللەڭلار! ئالدىدىكى نەرسىنى ياخشى بىلىۋالماي تۇرۇپ، كېيىنكىسىگە ئۆتمەڭلار. ئۆز بىلىمىڭلاردىكى كەمچىلىكلەرنى ھەتتا ئەڭ دادىل تەخمىن پەرەزلەر بىلەنمۇ يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماڭلار. بۇنداق سوپۇن كۆپۈكلىرىنىڭ رەڭگى سىلەرنى قانچىلىك مەپتۇن قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ يوققا چىقىشى مۇقەررەر. سىلەرنى خىجالەتچىلىكتىن باشقا نەرسىگە ئېلىپ بارمايدۇ. (پاۋلوپ) .

# 7) كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ يېزىلىشى ۋە چۈشۈپ قېلىشى

1 . ئۇيغۇر تىلىدىكى باش كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى بولمايدۇ. باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: رىزۋانگۈل ۋەتەن ئازاتلىقى يولىدا قۇربان بولغان.

2 . ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ئىسىملارغا ئادەتتە «نىڭ» قوشۇمچىسى قوشۇپ يېزىلىدۇ. لېكىن ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىم تۈردەش ئىسىملار ئالدىدا كەلگەندە كۆپىنچە ئىگىلىك قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ.

مەسىلەن: ئالما قېقى، قوي گۆشى، مەكتەپ بېغى.

3 . ئىسىملار چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە ئومۇمەن «نى» قوشۇمچىسى چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن، مەن مۇھەممەتنى كۆردۈم. مۇئەللىم ياسىننى چاقىردى.

لېكىن چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىم تۈردەش ئىسىم بولسا، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ.

مەسىلەن، مەن كىتاپ ئوقۇدۇم. ئۇ كىنو كۆردى. مېھمانلار تاماق يېدى.

ئەگەر چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن تۈردەش ئىسىم كونكرېت ئېنىقلىغۇچىلار بىلەن ئېنىقلىنىپ كەلسە ياكى تۈردەش ئىسىم تەكىتلىنىپ ئېيتىلسا، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى يەنىلا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن: 1 . مەن دادامدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇدۇم. 2 . يالقۇن «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىنى ئوقۇدى.

4 . يۆنىلىش (بېرىش) كېلىش قوشۇمچىلىرى سۆزلەرنىڭ تىل ئالدى، تىل ئارقا ياكى ئارا سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەنلىكىگە، شۇنىڭدەك سۆز ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىزلىقىغا قاراپ < قا، غا، كە، گە> بولۇپ ئۆلىنىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ.

1) سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشسا < كە >، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ياكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشسا < گە > قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: مەكتەپ ـ مەكتەپكە، گۆرجەك ـ گۆرجەككە، ئادەت ـ ئادەتكە، سائادەت ـ سائادەتكە، گۈلشەن ـ گۈلشەنگە، ئىدارە ـ ئىدارىگە، قائىدە ـ قائىدىگە؛

2) سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولۇپ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشسا < قا > قوشۇمچىسى، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ياكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشسا < غا > قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: ياش ـ ياشقا، ئات ـ ئاتقا، يولۋاس ـ يولۋاسقا، پاتقاق ـ پاتقاققا، شامال ـ شامالغا، سادىر ـ سادىرغا، غۇلجا ـ غۇلجىغا، نوغايتۇ ـ نوغايتۇغا؛

5 . ئىسىملار چىقىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە سۆزنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ياكى سوزۇق تاۋۇش بولسا < دىن >، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولسا < تىن > قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: قەشقەر ـ قەشقەردىن، خوتەن ـ خوتەندىن، ياۋروپا ـ ياۋروپادىن، قەلئە ـ قەلئەدىن، مەكتەپ ـ مەكتەپتىن، چۆچەك ـ چۆچەكتىن، نۇسرەت ـ نۇسرەتتىن، ئادەت ـ ئادەتتىن؛

6 . ئورۇن پەيت كېلىش قوشۇمچىسى سۆزنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشىنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز بولۇشىغا ۋە سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنىڭ تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولۇشىغا قاراپ < دا، دە، تا، تە > بولۇپ كېلىدۇ.

1) سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بولسا ۋە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشسا < دە >، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشسا < تە > قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: ۋەتەن ـ ۋەتەندە، گۈلشەن ـ گۈلشەندە، گۆش ـ گۆشتە، سەمەت ـ سەمەتتە؛

**42 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا لايىق كېلىدىغان كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1. تاجىنسا .... ئاكىسى ئۈرۈمچى ... ئوقۇيدۇ. 2. مەن زۇنۇن قادىرى...«ماغدۇر كەتكەندە»
2. ناملىق ھېكايىسى...بەك ياخشى كۆرىمەن. 3. ھېلىمۇ يادىم .... چىقمايدۇ. مەن كىچىك چېغىم
3. .... ئاپام رەھمەتلىك... ھەيران بولۇپ سورايتتىم. (ئۆمەر مۇھەممەدى)



www.uyghurkitap.com

43 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ نىمە ئۈچۈن چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1 . مەن «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» نى قىزىقىپ ئوقۇپ چىقتىم. 2 . ئۇيغۇر دىيارىدا كۆمۈر زاپىسى ناھايىتى كۆپ. 3 . تۇرپان ئۈزۈمى، ئىلى ئالمىسى، كورلا نەشپۈتى پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر. 4 . يادىكار كىتاپخانىدىن كىتاپ ئالدى. 5 . ئۇنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانماقتا. 6 . ھەدەم كىر يۇدى، مەن دەرس تەييارلىدىم، دادام گېزىت ئوقۇدى، ئاپام كىيىم تىكتى. 7 . ئۇيغۇر خەلقى باتۇر، ئەمگەكچان خەلق.

كۆمۈر (نىڭ) زاپىسى ـ بۇ يەردە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» چۈشۈپ قالغان. سەۋەبى «كۆمۈر» تۇردەش ئىسىم بولۇپ، تۇردەش ئىسىملار ئېنىقلىغۇچىسىز كەلگەندە ئۇنىڭ كەينىگە ئۇلىنىدىغان ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى كۆپىنچە چۈشۈپ قالىدۇ.

44 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىڭلار. كېلىش قوشۇمچىلىرى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە ئۇلانغانلىرىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە ئۇلانغانلىرىنىڭ ئاستىغا ئەگرى سىزىق سىزىڭلار.

زەبەردەست قەھرىمان، ئوتلۇق غىزەلخان،
ئەلنىڭ مەرت ئوغلانى قاينام ئۆركىشى.
شېئىرىيەت كۆكىدە چاقنىغان چولپان،
ئەي ۋەتەن ئوغلانى قاينام ئۆركىشى.

ۋەتەنگە چىن دىلدىن باغلاپ مۇھەببەت،
ساتقىن، ئاسىلارغا ئوقۇپ زور نەپرەت.
ئەركىنلىك يولىدا كۆرەشتىڭ ئەبەت،
ئەي ۋەتەن ئوغلانى قاينام ئۆركىشى.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ئىجادىڭ ئەل ئۈچۈن بىباھا گۆھەر،
ئىجادىڭ ئۇسسىغان دىللارغا كەۋسەر.
ئىجادىڭ بولدى ياۋ كۆكسىگە خەنجەر،
ئەي ۋەتەن ئوغلانى قاينام ئۆركىشى.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ئىجادىڭ بىز ئۈچۈن شانلىق نەمۇنە،
سەن بارسەن ھەر جەڭدە، ھەر توي ـ مەركىدە،
ياشايسەن ئەل بىلەن تاكى مەڭگۈگە،
ئەي ۋەتەن ئوغلانى قاينام ئۆركىشى.

## ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش جەدۋىلى

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەر | تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | كېلىش قوشۇمچىسى |
|---|---|---|---|
| باش كېلىش | قەمەر | ئاسمان | - |
| ئىگىلىك كېلىش | قەمەرنىڭ | ئاسماننىڭ | نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | قەمەرنى | ئاسماننى | نى |
| يۆنىلىش كېلىش | قەمەرگە | ئاسمانغا | غا، گە |
| چىقىش كېلىش | قەمەردىن | ئاسماندىن | دىن |
| ئورۇن ـ پەيت كېلىش | قەمەردە | ئاسماندا | دا، دە |

جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەر | تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | كېلىش قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|
| باش كېلىش | سۈت | ئازات | - |
| ئىگىلىك كېلىش | سۈتنىڭ | ئازاتنىڭ | نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | سۈتنى | ئازاتنى | نى |
| يۆنىلىش كېلىش | سۈتكە | ئازاتقا | قا، كە |
| چىقىش كېلىش | سۈتتىن | ئازاتتىن | تىن |
| ئورۇن ـ پەيت كېلىش | سۈتتە | ئازاتتا | تە، تا |

سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەر | تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | كېلىش قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|
| باش كېلىش | بۆرە | كالا | - |
| ئىگىلىك كېلىش | بۆرىـ+ـنىڭ | كالىـ + ـنىڭ | نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | بۆرىـ + ـنى | كالىـ + ـنى | نى |
| يۆنىلىش كېلىش | بۆرىـ + ـگە | كالى + ـغا | گە، غا |
| چىقىش كېلىش | بۆرىـ + ـدىن | كالىـ + ـدىن | دىن |
| ئورۇن - پەيت كېلىش | بۆرىـ + ـدە | كالىـ + ـدا | دا، دە |

كۆپلۈك ساندا كەلگەن ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈگىسى

| كېلىشلەر | تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | كېلىش قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|
| باش كېلىش | كۆلـ + ـلەر | دەريا + لار | - |
| ئىگىلىك كېلىش | كۆلـ + ـلەر + نىڭ | دەريا + لار + نىڭ | نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | كۆلـ + ـلەر + نى | دەريا + لار + نى | نى |
| يۆنىلىش كېلىش | كۆلـ + ـلەر + گە | دەريا + لار + غا | گە، غا |
| چىقىش كېلىش | كۆلـ + ـلەر + دىن | دەريا + لار + دىن | دىن |
| ئورۇن - پەيت كېلىش | كۆلـ + ـلەر + دە | دەريا + لار + دا | دا، دە |

ئۈچ شەخس بىلەن تۈرلەنگەن بىرلىك ساندىكى ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەر | 1 ـ شەخس | 2 ـ شەخس | 3 ـ شەخس | كېلىش قوشۇمچىسى |
|---|---|---|---|---|
| باش كېلىش | سۆز + ۈم | سۆز + ۈڭ | سۆز + ى | - |
| | دىلـ + ـىم | دىلـ + ـىڭ | دىلـ + ـى | - |
| | دادا + م | دادا + ڭ | دادىـ +ـسى | - |
| ئىگىلىك كېلىش | سۆز + ۈمـ + ـنىڭ | سۆز + ۈڭـ + ـنىڭ | سۆز + ـىـ + ـنىڭ | نىڭ |
| | دىلـ + ـىمـ + ـنىڭ | دىلـ + ـىڭـ + ـنىڭ | دىلـ + ـىـ + ـنىڭ | نىڭ |
| | دادا + مـ + ـنىڭ | دادا + ڭـ + ـنىڭ | دادىـ + ـسىـ + ـنىڭ | نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | سۆز + ۈمـ + ـنى | سۆز + ۈمـ + ـنى | سۆز + ـىـ + ـنى | نى |
| | دىلـ + ـىمـ + ـنى | دىلـ + ـىڭـ + ـنى | دىلـ + ـىـ + ـنى | نى |
| | دادا + مـ + ـنى | دادا + ڭـ + ـنى | دادىـ + ـسىـ + ـنى | نى |
| يۆنىلىش كېلىش | سۆز + ۈمـ + ـگە | سۆز + ۈڭـ + ـگە | سۆز + ـىـ + ـگە | گە |
| | دىلـ + ـىمـ + ـغا | دىلـ + ـىڭـ + ـغا | دىلـ + ـىـ + ـغا | غا |
| | دادا + مـ + ـغا | دادا + ڭـ + ـغا | دادىـ + ـسىـ + ـغا | غا |
| چىقىش كېلىش | سۆز + ۈمـ + ـدىن | سۆز + ۈڭـ + ـدىن | سۆز + ـىـ + ـدىن | دىن |
| | دىلـ + ـىمـ + ـدىن | دىلـ + ـىڭـ + ـدىن | دىلـ + ـىـ + ـدىن | دىن |
| | دادا + مـ + ـدىن | دادا + ڭـ + ـدىن | دادىـ + ـسىـ + ـدىن | دىن |
| ئورۇن ـ پەيت كېلىش | سۆز + ۈمـ + ـدە | سۆز + ۈڭـ + ـدە | سۆز + ـىـ + ـدە | دە |
| | دىلـ + ـىمـ + ـدا | دىلـ + ـىڭـ + ـدا | دىلـ + ـىـ + ـدا | دا |
| | دادا + مـ + ـدا | دادا + ڭـ + ـدا | دادىـ + ـسىـ + ـدا | دا |

ئۈچ شەخس بىلەن تۈرلەنگەن كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملارنىڭ كېلىشلەربىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەر | 1 ـ شەخس | 2 ـ شەخس | 3 ـ شەخس | كېلىش قوشۇمچىسى |
|---|---|---|---|---|
| باش كېلىش | سۆز + ىمىز | سۆز + ۈڭلار | سۆز + ى | - |
| | دىلـ + ـىمىز | دىلـ + ـىڭلار | دىلـ + ـى | - |
| | دادىـ + ـمىز | دادا + ڭلار | دادىـ +ـسى | - |
| ئىگىلىك كېلىش | سۆز + ىمىز + نىڭ | سۆز + ۈڭلار + نىڭ | سۆز + ىـ + ـنىڭ | نىڭ |
| | دىلـ + ـىمىز + نىڭ | دىلـ + ـىڭلار + نىڭ | دىلـ + ـىـ + ـنىڭ | نىڭ |
| | دادىـ + ـمىز+ نىڭ | دادا + ڭلار + نىڭ | دادىـ + ـسىـ + ـنىڭ | نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | سۆز + ىمىز + نى | سۆز + ۈڭلار + نى | سۆز + ىـ + ـنى | نى |
| | دىلـ + ـىمىز + نى | دىلـ + ـىڭلار + نى | دىلـ + ـىـ + ـنى | نى |
| | دادىـ + ـمىز+ نى | دادا + ڭلار + نى | دادىـ + ـسىـ + ـنى | نى |
| يۆنىلىش كېلىش | سۆز + ىمىز + گە | سۆز + ۈڭلار + غا | سۆز + ىـ + ـگە | گە |
| | دىلـ + ـىمىز + غا | دىلـ + ـىڭلار + غا | دىلـ + ـىـ + ـغا | غا |
| | دادىـ + ـمىز+غا | دادا + ڭلار + غا | دادىـ + ـسىـ + ـغا | غا |
| چىقىش كېلىش | سۆز + ىمىز + دىن | سۆز + ۈڭلار + دىن | سۆز + ىـ + ـدىن | دىن |
| | دىلـ + ـىمىز + دىن | دىلـ + ـىڭلار + دىن | دىلـ + ـىـ + ـدىن | دىن |
| | دادىـ + ـمىز + دىن | دادا + ڭلار + دىن | دادىـ + ـسىـ + ـدىن | دىن |
| ئورۇن ـ پەيت كېلىش | سۆز + ىمىز + دە | سۆز + ۈڭلار + دە | سۆز + ىـ + ـدە | دە |
| | دىلـ + ـىمىز + دا | دىلـ + ـىڭلار + دا | دىلـ + ـىـ + ـدا | دا |
| | دادىـ + ـمىز+ دا | دادا + ڭلار + دا | دادىـ + ـسىـ + ـدا | د |

# 3 . تۈپ ۋە ياسالما ئىسىملار

**سۆزنىڭ تۈپ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ۋە ھېچقانداق مەنىلىك قىسىملارغا بۆلۈنمەيدىغان ئىسىملارنى تۈپ ئىسىم دەيمىز.**

مەسىلەن: گۈل، ئادەم، تاش، نان، قەغەز، تاغ، ئاش، دەريا، كۆل، دېڭىز، ئورمان، ئۆي؛

**تۈپ سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان يېڭى مەنىلىك ئىسىملارنى ياسالما ئىسىم دەيمىز.**

مەسىلەن: ئىشچى، ئاشپەز، تامچى، يولداش، چايدان، ، كۆلدان، سۆزمەن، يالغانچى؛

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياسالما ئىسىملار :

1 . ئىسىملارغا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئىش + چى = ئىشچى ھارۋا + كەش = ھارۋىكەش باغ + ۋەن = باغۋەن

2 . ئىسىمدىن باشقا سۆز تۈركۈمىگە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يالغان + چى = يالغانچى ، قىزىق + چى = قىزىقچى، ئاتار + مەن = ئاتارمەن

45 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى تۈپ ئىسىملارنىڭ ئاستىغا 1 سىزىق، ياسالما ئىسىملارنىڭ ئاستىغا 2 سىزىق سىزىڭلار.

1 . بىزنىڭ ئىدارىمىزنىڭ ئاشپىزى تاماققا ئۇستا. 2 . ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك كۆيۈنىدۇ. 3 . كۈچاردا باغۋەنچىلىك تەرەققى قىلغان. 4 . ئېتىزلىقلاردا ئالتۇن باشاقلار خۇددى دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. 5 . ھايانكەش، لۈكچەك، ئوغرىلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى.

# 4 . ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

ئىسىم ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئۇلىنىپ يېڭى مەنىدىكى ئىسىملارنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: قوغۇن + چى = قوغۇنچى (ئىسىمدىن) ، قىزىق + چى = قىزىقچى (سۈپەتتىن)، سۈز + مە = سۈزمە (پېئىلدىن)، ئون + لۇق = ئونلۇق (ساندىن)، ھازىر + لىق = ھازىرلىق (رەۋىشتىن)

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۆزىنىڭ خاراكتىرى ھەم ۋەزىپىسىگە قاراپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار : 1 . يېڭى مەنىلىك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار؛ 2. قوشۇمچە مەنا بەرگۈچى قوشۇمچىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى مەنىلىك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بەكمۇ كۆپ . بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال بولۇپ، بىزنىڭ دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ نۇرغۇنلىغان يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى ياسىشىمىزغا ۋە تىلىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىشىمىزغا ياخشى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپرەك قوللىنىلىۋاتقان يېڭى مەنىلىك ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1 ـ ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

1 . چى، ۋەن، پەز، ۋاز.

بۇ قوشۇمچىلار بىرەر شەخسنىڭ مەلۇم ئىش ياكى مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ۋە ياكى بىرەر مەسلەك تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كۆمۈر + چى = كۆمۈرچى ، ساراي + ۋەن = سارايۋەن، ئاش + پەز = ئاشپەز، مەھەللە + ۋاز = مەھەللىۋاز

2 . داش

بۇ قوشۇمچە مەلۇم شەخسنىڭ بىرەر ئادەم ياكى نەرسە بىلەن ئورتاقلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياسايدۇ. مەسىلەن : ۋەتەن + داش = ۋەتەنداش، مەسلەك + داش = مەسلەكداش

3 . كەش

بۇ قوشۇمچە بىرەر شەخسنىڭ مەلۇم ئىشقا مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياسايدۇ. مەسىلەن:

پوچتا + كەش = پوچتىكەش، مېھنەت + كەش = مېھنەتكەش، ھاراق + كەش = ھاراقكەش

4 . دار

بۇ قوشۇمچە مەلۇم شەخسنىڭ بىرەر نەرسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ياكى بىرەر ئىش - ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنى ياسايدۇ . مەسىلەن :

مۈلۈك + دار = مۈلۈكدار، بايراق + دار = بايراقدار، ئەيىپ + دار = ئەيىپدار

5 . لاق، لەك، خانا، لۇق، لۈك، لىق، لىك، زار

بۇ قوشۇمچىلار ئورۇن - جاي نامىنى ۋە بىرەر نەرسە ئۆسىدىغان، چىقىدىغان جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئوت + لاق = ئوتلاق، كۆز + لەك = كۆزلەك، كىتاپ + خانا = كىتاپخانا،قومۇش + لۇق = قومۇشلۇق، ئۈزۈم + لۈك = ئۈزۈملۈك، ئېتىز + لىق = ئېتىزلىق، تىكەن + لىك = تىكەنلىك، گۈل + زار = گۈلزار

2 ـ سۈپەتتىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

1 . لىق، لىك، لۇق، لۈك

بۇ قوشۇمچىلار سۈپەتلەرگە ئۇلىنىپ ھەر خىل مەنە بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ.مەسىلەن:

ياخشى + لىق = ياخشىلىق، كىچىك + لىك = كىچىكلىك، چوڭ + لۇق = چوڭلۇق، سۈزۈك + لۈك = سۈزۈكلۈك

2 . چىلىق چىلىك

بۇ قوشۇمچىلار سۈپەتكە ئۇلىنىپ ھەر خىل مەنە بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قۇرغاق + چىلىق = قۇرغاقچىلىق، ھۆل + چىلىك = ھۆلچىلىك،كەمبەغەل + چىلىك = كەمبەغەلچىلىك

3 ـ پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر

1 . غۇچى، قۇچى، گۈچى، كۈچى

بۇ قوشۇمچىلار پېئىلدىن ئاڭلىشىلغان ئىش - ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىنى بىلدۈرىـ

ـدىغان ئىسىم ياسايدۇ. مەسىلەن : ياز + غۇچى = يازغۇچى، ئوقۇت + قۇچى = ئوقۇتقۇچى، تەكشۈر + گۈچى = تەكشۈرگۈچى، كۈت + كۈچى = كۈتكۈچى

2 . غۇچ، قۇچ، گۈچ، كۈچ

بۇ قوشۇمچىلار پېئىللارغا ئۇلىنىپ، شۇ پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن: سىز + غۇچ = سىزغۇچ، ئاچ + قۇچ = ئاچقۇچ، سۈر + گۈچ = سۈرگۈچ، كۆرسەت +كۈچ =كۆرسەتكۈچ

3 . ما، مە، ماق، مەك

بۇ قوشۇمچىلار پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنلاش نەتىجىسىدە ياسالغان (كېلىپ چىققان) نەرسىنىڭ ئېتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ.مەسىلەن: قوللان + ما = قوللانما، بىرىك + مە = بىرىكمە، ئېپىش + ماق = ئېپىشماق، ئىل + مەك = ئىلمەك

4 . ئاق، غاق، قاق، غا، قا، غۇ، قۇ، گۈ، گە

بۇ قوشۇمچىلار پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياسايدۇ. مەسىلەن: يات + اق= ياتاق، توز + غاق = توزغاق، چاق + قاق = چاقاق، چال + غا = چالغا، توت + قا = توتقا، تۈي + غۇ = تۈيغۇ، سەز + گۈ = سەزگۈ، سۈپۈر + گە = سۈپۈرگە

5 . غىن، قىن، غۇن، قۇن، گۈن، كۈن

بۇ قوشۇمچىلار بىرەر ئىش - ھەرىكەت يۈز بېرىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ئۇقۇم ياكى چۈشەنچىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن: يان + غىن = يانغىن، تاش + قىن = تاشقىن، تۈي + غۇن = تۈيغۇن، سات + قۇن = ساتقۇن، سۈر + گۈن = سۈرگۈن، كەل + كۈن = كەلكۈن

6 . ش، ىش، ۇش، ۈش

بۇ قوشۇمچىلار پېئىلدىن ئاڭلىشىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان ھەرىكەتنامـ ـلىرىنى ياسايدۇ.مەسىلەن : ئوقۇ + ش = ئوقۇش، ياز + ىش = يېزىش، ئۇر + ۇش = ئۇرۇش، كۈل + ۈش = كۈلۈش

## 5. ئىسىملارنىڭ قوشۇمچە مەنە بەرگۈچى قوشۇمچىلىرى

**ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، ئۇنىڭ تۈپ مەنىسىنى ئۆزگەرتمەي، ئۇنىڭغا پەقەت ئەركىلىتىش، كىچىكلىتىش سۈپىتىنىلا بېرىدىغان قوشۇمچىلارنى ئىسىملارنىڭ قوشۇمچە مەنە بەرگۈچى قوشۇمـ ـچىلىرى دەيمىز.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچە مەنە بەرگۈچى قوشۇمچىلار «چاق، چەك، چۇق، چە» قوشۇمچىـ ـلىرىدىن ئىبارەت.مەسىلەن: تاي+ چاق = تايچاق، كۆل+ چەك = كۆلچەك، قاپ+ چۇق= قاپچۇق، سىزىق+ چە = سىزىقچە

46 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پېئىللارغا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئۇلاپ ئىسىم ياساڭلار.

ياز، كەل، سات، يان، كۆزەت، سوق، چال، ئۈيۈش، سۆز، ئوقۇ.

كېرەكلىك قوشۇمچىلار: غىن، غۇچى، كۈن، قۇچى، قۇن، چى، غۇ، مە، ما، قاق .

47 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملاردىكى تۈپ سۆز بىلەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنى ئايرىپ، ئوتتۇرىسىغا قوشۇش بەلگىسى قويۇڭلار.

مەشچى، تامچى، ئويۇنچى، دېخانچىلىق، سامسىپەز، پاختىكار، بىناكار، تىراكتورچى، ياخشىلىق، يامانلىق، تۆمۈرچىلىك، يولداش، سىرداش، سەپەرداش، ۋەتەنداش، يوللۇق، ئاچقۇچ.

48 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن يېڭى مەنە بېرىدىغان بىرقانچە سۆزلەرنى ياساڭلار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋەن، چى، پەز، داش، كەش، ما، مە، ماق، مەك، خانا، دار، لۇق، لۇك، لىق، لىك، چاق، چەك، چۇق، چە.
ئۆلگە: بايراق + دار = بايراقدار، چاي + خانا = چايخانا

### ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . ئىسىم دېگەن نىمە؟ مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈڭلار.
2. خاس ئىسىم دېگەن نىمە؟
تۈردەش ئىسىم دېگەنچۇ؟ ئۇلارنىڭ تۈپ پەرقى نەدە؟ مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بېقىڭلار.
3. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قانداق بولىدۇ؟ ئۇ قانداق مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ؟
4 . ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى دېگەن نىمە؟ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ 3 شەخستە كېلىشىگە ئايرىم - ئايرىم مىسال كەلتۈرۈڭلار.
5 . كېلىش قوشۇمچىسى دېگەن نىمە؟ ئۇيغۇر تىلىدا قانچە كېلىش بار؟ مىسال كەلتۈرۈڭلار.
6 . تۈپ ئىسىم دېگەن نىمە؟ ياسالما ئىسىم دېگەنچۇ؟ ئۇلارنىڭ تۈپ پەرقى نىمە؟ مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار.
7 . ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دېگەن نىمە؟ ئىسىم، سۈپەت ۋە پېئىللاردىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بويىچە مىساللار كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈڭلار.

# 8 - §. سۈپەت

## 1. سۈپەت توغرىسىدا ئۇمۇمى چۈشەنچە

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى، بەلگىسىنى، تۈرىنى، تەمىنى، ھەجمىنى، خۇلقىنى ۋە ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.**
سۈپەتلەر «قانداق؟ قاچان؟ قاچانقى؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.
سۈپەتلەر ئۆزىگە خاس بىر قاتار خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، ئۇ دائىم ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئىسىملارنى ھەر جەھەتتىن ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسلەن:
1) ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر: كۆك چۆپ، قىزىل سىيا، قارا كىگىز، ئاق قەغەز.
2) نەرسىلەرنىڭ تەمىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر : تاتلىق قوغۇن، چۈچۈمەل ئالما، ئاچچىق لازا.
3) ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تۈرى، شەكلى، خۇلقى - مىجەزىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر :ئەگرى تاياق، قىڭغىر يول، ئۇماق بالا، سەپرا ئادەم، ئۇچ بۇرجەك سىزغۇچ.
4) ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى، نەرسىلەرنىڭ ھەجمىنى ۋە ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر :چوڭ تاش، كىچىك بالا، ئېغىر يۈك، قاتتىق ئوتۇن، تۇزسىز چاي، گۆشلۈك تاماق.
5) ئىسىملارنى ۋاقىت، ئورۇن، سان جەھەتتىن ئېنىقلايدىغان سۈپەتلەر: بۈگۈنكى ئىش، ئەتىگەنلىك تاماق، كەچلىك گېزىت، يازلىق بۇغداي، تۆۋەنكى مەھەللە، كۆپ ئادەم.
9 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنى ئۆلگە ئۇچۇن بېرىلگەن جەدۋەلدىكى كاتەكچىلەرگە تۈرگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇڭلار.
قاتتىق، يوغان، ساغۇچ، كۆل رەڭ، سوزۇك، تاغىل، دۆگلەك، تاتلىق، پاكار، سېرىق، قىزىل، قىڭغىر، سېمىز، ئۆتكۈر، تىرىشچان، نازۇك، ئالا، ئاچچىق، قىزىق، كىچىك، ئىشچان، غەيرەتلىك،
ئۆلگە :

| رەڭگىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر | تەمنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر | تۈرى ۋە خۇلـ ـقىنى بىلدۈ ـ رىدىغان سۈپەتلەر | چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر | ئىسىملارنى ۋاقىت، ئورۇن، سان جەھەتتىن ئېنىقلايدىغان سۈپەتلەر |
|---|---|---|---|---|
| قاراقېرىنداش | تاتلىق قوغۇن | پاكار ئادەم | ئىشچان قىز | بۈگۈنكى ئىش |

# 2. سۈپەتلەرنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەر گىراماتىكىلىق شەكلى جەھەتتىن 3 كە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار : 1) تۈپ سۈپەت؛ 2) ياسالما سۈپەت؛ 3) قوشما سۈپەت.

**بىرلا تۈپ سۆز (تومۇر) دىن تۈزۈلگەن سۈپەتنى تۈپ سۈپەت دەيمىز.**
مەسلەن: ياخشى، يامان، گۈزەل، سەت، تۈز، كۆك، سېرىق، شىرىن، قىزىل، ھال، پەس، ئېگىز.

**تۈپ سۆزلەرگە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتلەرنى ياسالما سۈپەت دەيمىز.** مەسلەن:
ئەتىياز + لىق= ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ياز + لىق= يازلىق تەتىل، چىراي + لىق = چىرايلىق قىز
ئىش + چان = ئىشچان يىگىت، تەم + سىز = تەمسىز تاماق،تۆگە + دەك = تۆگىدەك بويى

**ئىككى سۈپەتنىڭ قوشۇلۇشى ياكى بىر سۈپەتنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىلىق تۈزۈلگەن سۈ-پەتلەرنى قوشما سۈپەت دەيمىز.** مەسلەن:
توق + قىزىل = توق قىزىل كۆينەك، ئوچۇق + يورۇق = ئوچۇق - يورۇق ئادەم، ئالا + يېشىل = ئالا - يېشىل كىيىملەر، چوڭ + چوڭ = چوڭ - چوڭ بالىلار.

**50 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، ئالدى بىلەن تۈپ سۈ-پەتلەرنى، ئاندىن كېيىن ياسالما سۈپەتلەرنى تېپىپ دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈڭلار.

ئوغۇل توقماقنى ئالدى.

- ئىككى قوللاپ ! - دىدى، ئوفتىسېر يەنە بىر قېتىم.

- خوپ! - دەپ جاۋاپ بەردى ياش بالا .

ئۇ دەرمانسىزلانغان بولۇپ قوللىرى تىترەيتتى. پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەكتىن توختىمايتتى.

ئوفتىسېرنىڭ كۆزى كۆتىرىلگەن توقماققا ئەگىشىپ بوۋاينىڭ ئۈستىگە چۈشتى. بوۋايدا قىلچە قورقۇنچ ئالامىتى يوق ئىدى. ئۇ ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، مىدىر - سىدىر قىلىپمۇ قويماي، تۇرغان جايىدا قەد كۆتىرىپ تۇراتتى. توقماق خېلى ئېگىزلىككە كۆتىرىلگەندە، ئوفتىسېر بىلەن بوۋاينىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىگە ئۇچراشتى. بوۋاي تەقدىرگە تەن بەرگەن بولسا، ئوفتىسېرنىڭ كۆزلىرىدە شاتلىق نۇرى ئوينىغان ئىدى.

توقماق بىرىنچى بولۇپ ئوفتىسېرغا تەككەندە، ئۇ دەلدەڭشىپ كەتتى. لېكىن دەرھال يىقىلمىدى، ئۇ ھولۇقۇپ نىمە قىلىشىنى بىلمەي ياش بالىغا قارىدى - دە، ئاندىن پاتقاق يولغا يىقىلىپ، جان تالىشىپ پۇتلىرىنى تىپچەكلىتىشكە باشلىدى.

ياش بالا ئۇنىڭغا يەنە ئىككى توقماق سالدى - دە، توقماقنى ئەسكەرگە چۆرۈپ بېرىۋېتىپ سوغاققىنا:

- ئېتىڭلار! - دىدى.

دادىسى ئوغلىغا ھەيران بولۇپ قارىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە ئېغىر قايغۇ ئىچىدىكى كۈلۈمسىرەش ئالامىتى جىلۋىلىنىشكە باشلىدى.

**51 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى تۈپ، ياسالما ۋە قوشما سۈپەتلەرنى ئۆلگىدىكىدەك كاتەكچىگە ئايرىم - ئايرىم كۆچۈرۈپ تولدۇرۇڭلار.

1 . ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل باغلىرى، ياپ - يېشىل تاغلىرى، پايانسىز ئېتىزلىرى، ئۇزۇن - ئۇزۇن دەريالىرى، ھەيۋەتلىك كۆركەم شەھەرلىرى، كاتتا كوچىلىرى، مول يەر ئاستى بايلىقلىرى بار. 2 . بىز جانىجان ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىمىز. 3 . شەھەرنىڭ چوڭ - چوڭ كوچىلىرىدا خىلمۇ - خىل

ماشىنىلار قاتناپ تۇرىدۇ. 4 . تىرىشچان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى دائىم ياخشى بولىدۇ. 5 . بىز جاسارەتلىك ئىشچىلاردىن ئۆگىنىمىز. 6 . كەڭ پاختىزارلىقتا ئالا ـ بىشىل كۆينەك كىيگەن ئىشچان خوتۇن ـ قىزلار ئاپپاق پاختىلارنى تەرمەكتە. 7 . سۈپ ـ سۈزۈك كۆللەردە ھەر خىل بېلىقلار شۇڭغۇشۇپ يۈرمەكتە.

ئۈلگە :

| تۈپ سۈپەتلەر | ياسالما سۈپەتلەر | قوشما سۈپەتلەر |
|---|---|---|
| ئۇلۇغ | ھەيۋەتلىك | چوڭ ـ چوڭ |
| ........ | ........ | ........ |

## 3. سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

**سۈپەتكە ۋە سۈپەتتىن باشقا بەزى سۆز تۈركۈملىرىگە (تۈپ سۆزلەرگە) ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسالما سۈپەتلەرنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دەيمىز.**

1) سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار سۈپەتلەرگە ئۇلىنىش ئارقىلىق سىلىشتۇرۇش، كەمسىتىش، ئاشۇرۇش، كۈچەيتىش ۋە ئەركىلىتىشكە ئوخشاش سۈپەت دەرىجىلىرى ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: كۆك ـ كۆكۈش، سېرىق ـ ساغۇچ، ئاق ـ ئاقۇش، قىزىل، قىپ ـ قىزىل، ياخشى ـ بەك ياخشى، كىچىك، كىچىكرەك ـ كىچىككىنە، ئۇماق ـ ئۇماققىنا.

2) سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار سۈپەتتىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسالما سۈپەتلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەقىل + لىق = ئەقىللىق (ئىسىمدىن)، ئون + لۇق = ئونلۇق (ساندىن)، كەچ + لىك = كەچلىك (رەۋىشتىن)، تىرىش + چان = تىرىشچان (پېئىلدىن)

ياسالما سۈپەتلەر كۆپىنچە تۆۋەندىكى سۆز تۈركۈملىرىگە ھەر خىل سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇم ـ چىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

1) ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار : لىق، لىك، لۇق، لۈك، دەك، تەك، چىل، ىي، سىز، چان

مەسىلەن: چىراي + لىق = چىرايلىق بالا، تۇز + لۇق = تۇزلۇق تاماق، شەھەر + لىك = شەھەرلىك ئادەم، كۆڭ + لۈك = كۆڭلۈك پىلان. قوي + دەك = قويدەك يۇۋاش بالا، يولۋاس + تەك = يولۋاستەك كۈچلۈك ئادەم، خەلق + چىل = خەلقچىل سايلام، ئىقتىسات + ىي = ئىقتىسادىي مەسىلە. بىلىم + سىز = بىلىمسىز ئادەم، ئەقىل + سىز = ئەقىلسىز بالا، ئىش + چان = ئىشچان دېھقان، كۆيۈنەك + چان = كۆيۈنەكچان بالا

2) پېئىلدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار: قاق، غاق، كەك، گەك، قۇر، كۈر

مەسىلەن: ئۇرۇش + قاق = ئۇرۇشقاق بالا، تېيىل + غاق = تېيىلغاق مۇز، ئۆس + كەك = ئۆسكەك بالا، تىترە + گەك = تىترىگەك ئادەم. ئۇچ + قۇر = ئۇچقۇر ئات، ئۆت + كۈر = ئۆتكۈر پىچاق

3) رەۋىشتىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار: قى، غى، كى، گى

مەسىلەن: ئاخشام + قى = ئاخشامقى ئىش، ياز + غى = يازغى بۇغداي، كۈز + گى = كۈزگى بۇغداي، بۇ + گۈن + كى = بۇگۈنكى كىنو

**52 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىدىكى سۈپەتلەرنىڭ قانداق سۈپەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.**

«باغچىۋىداۋىنىڭ گۈزەللىكى زېھنىمنى ئاچتى؛ سۈزۈك ياپراقلىق قويۇق ئورمانلار، سۈزۈك ئاسماننىڭ سىرلىق قوينىغا كۆز تىكىپ، پۈت ـ قولۇڭنى سۇنۇپ ياتساڭ، بەدىنىڭگە ئانا مېھرىدەك ھارارەت بېرىدىغان سېرىق قۇملۇق، قوينىغا شۇڭغۇساڭ سۆڭەك ـ سۆڭىكىڭگە راھەت بېغىشلاپ، سېنى گۈلەڭگۈچتەك سىلىق سىلكىپ قوينىغا تارتىدىغان ۋە ئاندىن كېيىن شاكاراپ سۈيى بىلەن سېنى

ئىمىندۇرۇپ، لەپەڭشىتىپ قىرغاققا ئەپچىقىپ قويىدىغان ئاپپاق بۇژغۇنلۇق، سۇرلۇك، لېكىن مېھرىۋان دېڭىز، پىروفېسسور فېيىنىڭ ئانا سۈتۈمدەك مەزىلىك ھىكايىلىرى... باڭچۇيداۋنىڭ ئىللىق، راھەت ھاۋاسى، بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ گۆشىدىن قىلىنىدىغان تەملىك تامىغى ماڭا چەكسىز راھەت، خوشاللىق ۋە نازۇك ھېسسىيات بېغىشلىدى. مەن ئانا ۋەتىنىم بىلەن پەخىرلەندىم، پەخىرلىك ھېسسىيات مېنى تېخىمۇ تىرىشىشقا، جانىۋازلىق، ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى..

(زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش» رومانىدىن)

**53 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىردىكى سۈپەتلەرنى ئۆلگىدە كۆرسىتىلگەن گىرافىكقا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ يېزىڭلار.

كۈز شاملى يەلپۈپ ئۆتىدۇ ،
قاناتلىرى يۇمشاق، غۇبارسىز.
كەلمەيدۇ ئۇ بىزنىڭ تەرەپكە،
خۇش چىرايسىز، خۇشبۇي ئىپارسىز.
......................

كۈز شاملى يەلپۈپ ئۆتىدۇ،
ئەركىلىتىپ ئېتىز - ئېرىقنى.
چۆمەر ئەمدى قىشلىق ئۇيقۇغا،
باغاش ئېتىپ كۈزگى ئورۇقنى.

كۈز شاملى ئېتىز ئارىلاپ،
دېدى كۆرۈپ قانچە خامانى:
«قانائەتنىڭ شىرىن خىيالى،
باسقانمىدۇ بۇندا دىخاننى؟...»

......................
كۈز شاملى دېدى ئۆزىگە:
«ياكى بۇ يىل كەلدىممۇ بالدۇر؟...»
تەئەججۇپتىن قوتقۇزغان ئۈنى،
بىر گۈڭشېچى ئىشچان ئايالدۇر.
كۈز شاملى ئېلىپ قاچقاندا،
روملىنى ئىشچان ئايالنىڭ.
دېدى ئايال پەرۋا قىلماستىن،
چاقچىقىغا بۇ شوخ شامالنىڭ:
«يىغىم ۋاقتى،
ئىشىم ئالدىراش!
رومال كېرەك بولسا ئېلىپ كەت.
غەم قىلايمۇ ئېلىۋاتساق بىز،
يىلدىن - يىلغا تۈگىمەس بەركەت»...

(مۇھەممەت رەھىم)

| تۈپ سۈپەت | قوشما سۈپەت | ياسالما سۈپەت | سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر |
|---|---|---|---|
| يۇمشاق<br>.... | خۇشخۇي<br>.... | غۇبارسىز<br>..... | سىز<br>..... |

# 4. سۈپەت دەرىجىلىرى

**ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ بەلگىلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ ئارتۇق ياكى كەملىك جەھەتتىكى پەرقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى سۈپەت دەرىجىلىرى دېيىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدا ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى قوللىنىلىدۇ. سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى سۈپەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ۋە ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. يەنى سۈپەتلەر باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن ئۆزىنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

مەسىلەن: قىزىل ياغلىق، قىزىلراق ياغلىق، قىزغۇچ ياغلىق، قىپ - قىزىل ياغلىق، توق قىزىل ياغلىق دېسەك، بۇ مىسالدىكى < راق >، < غۇچ >، < قىپ >، < توق > دېگەن قوشۇمچە سۆزلەر < قىزىل > سۆزىنىڭ ھەر خىل دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت دەرىجىلىرى 6 گە بۆلۈنىدۇ.

**1) ئاددىي دەرىجە**

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگە ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەينەن ئىپادىلىگەن سۈپەت كاتېگورىيىسى سۈپەتلەرنىڭ ئاددىي دەرىجىسى دېيىلىدۇ.**

سۈپەتلەرنىڭ ئاددى دەرىجىسى كۆپىنچە تۈپ سۈپەتلەر ئارقىلىق بەزىدە ياسالما سۈپەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن: 1. كۆك، سۈزۈك، ساپ، قىسقا، ئۇزۇن، يېڭى. 2 . چىرايلىق، پېقىملىق.

2) سىلىشتۇرۇش دەرىجىسى

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بىرىدىن يەنە بىرىنىڭ مەلۇم بەلگە ياكى خۇسۇسىيىتىنىڭ ئارتۇق ياكى كەملىكىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەتكۈچى سۈپەت كاتېگورىيىسى سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرۇش دەرىجىسى دېيىلىدۇ.**

سۈپەتلەرنىڭ سىلىشتۇرۇش دەرىجىسى سۈپەتلەرنىڭ ئاددى دەرىجىسىگە «راق، رەك» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن: ياخشى + راق = ياخشىراق ئۆي، تاتلىق + راق = تاتلىقراق قوغۇن، گۈزەل + رەك = گۈزەلرەك مەنزىرە، تەملىك + رەك = تەملىكرەك تاماق.

3) ئاشۇرۇش دەرىجىسى

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگە ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئەسلىدىكىدىن كۆپ دەرىجىدە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگۈچى سۈپەت كاتېگورىيىسى سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسى دېيىلىدۇ.**

سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسى سۈپەتلەرنىڭ ئاددى دەرىجىسى ئالدىغا «ئەڭ، ناھايىتى، بەك، بەكمۇ، ئىنتايىن، خويما، قالتىس، ئاجايىپ، زەپمۇ، تازا، تېخىمۇ» قاتارلىق كۈچەيتكۈچى سۆزلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن: ياخشى بالا ـ ئەڭ ياخشى بالا، ئىسىل ئادەم ـ ناھايىتى ئىسىل ئادەم، گۈزەل مەنزىرە ـ زەپمۇ گۈزەل مەنزىرە، ئېگىز تاغ ـ تېخىمۇ ئېگىز تاغ؛

4) كۈچەيتىش دەرىجىسى

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن كۈچەيتىپ ئىپادىلىگۈچى سۈپەت كاتېگورىيىسى سۈپەتلەرنىڭ كۈچەيتىش دەرىجىسى دېيىلىدۇ.**

سۈپەتلەرنىڭ كۈچەيتىش دەرىجىسى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ.

(1) بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۈپەتلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنىڭ ئاخىرىغا «پ» تاۋۇشىنى قوشۇش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ سۈپەتنى تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن: كۆك ـ كۆپ-كۆك بوياق، قىزىل ـ قىپ ـ قىزىل، تازا ـ تاپ ـ تازا، چىرايلىق ـ چىپ ـ چىرايلىق

(2) بەزى جۈپ سۈپەتلەرنىڭ بىرىنچىسىنى چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەش، ئىككىنچىسىنى ئەينەن تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن: يېڭىدىن-يېڭى ئىمارەتلەر، قۇرۇقتىن-قۇرۇق گەپلەر، ئوچۇقتىن-ئوچۇق سۆز ـ چۆچەكلەر؛

(3) تۈپ سۈپەتلەرنى ئەينەن تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن: يېڭى ـ يېڭى كىنولار، ئۇزۇن ـ ئۇزۇن يوللار، ئېگىز ـ ئېگىز تاغلار، پاكار ـ پاكار دۆڭلۈكلەر؛

5) كەمىستىش دەرىجىسى

**نەرسىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن كېمەيتىپ ئىپادىلىگۈچى سۈپەت كاتېگورىيىسى سۈپەتلەرنىڭ كەمىستىش دەرىجىسى دېيىلىدۇ.**

سۈپەتلەرنىڭ كەمىستىش دەرىجىسى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ.

(1) نەرسىلەرنىڭ رەڭ ـ تۈسىنى بىلدۈرىدىغان بەزى تۈپ سۈپەتلەرگە < ۋش، ئۈش، غۇچ < قوشۇمچىلىرىنى، بەزىدە < متۇل > قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ئاق + ۋش = ئاقۇش رەخت، كۆك + ۋش = كۆكۈش كۆينەك، قىزىل + غۇچ = قىزغۇچ بوياق، قارا + متۇل = قارامتۇل ئىشتان

ئەسلەتمە: < قىزىل > دېگەن سۈپەتتىن كەمىستىش سۈپىتى ياسالغاندا < ئىل > تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ. < سېرىق > دېگەن سۈپەتتىن كەمىستىش سۈپىتى ياسالغاندا، ئۇنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى < ئې > تاۋۇشى بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدىكى < ئا > تاۋۇشى (سارىغ)غا قايتىدۇ. ئىككىنچى بوغۇمى (رىق) چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: قىزىل + غۇچ = قىزغۇچ، سېرىق + غۇچ ـ ساغۇچ

(2) سۈپەتلەرنىڭ ئالدىغا < ئاچ >، < سۇس > قاتارلىق سۆزلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: سېرىق ـ ئاچ سېرىق ياغلىق، كۆل رەڭ ـ سۇس كۆل رەڭ شەپكە

6) ئەركىلىتىش ـ كىچىكلىتىش دەرىجىسى

**مەلۇم شەخسنىڭ ئادەم ياكى نەرسلەرنىڭ بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرىگە نىسبەتەن سۇبيېكتىپ باھاسىنى (ئەركىلىتىش - كىچىكلىتىش تۇيغۇسىنى) ئىپادىلەيدىغان سۇپەت كاتېگورىيىسى سۇپەتلەرنىڭ ئەركىلىتىش - كىچىكلىتىش دەرىجىسى دېيىلىدۇ.**

سۇپەتلەرنىڭ ئەركىلىتىش دەرىجىسى تۈپ سۇپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا <كىنە، گىنە، قىنە، قىنا، غىنا> قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: كىچىك + كىنە = كىچىككىنە قىز، ئېگىز + گىنە = ئېگىزگىنە تۆپىلىك، ئوماق + قىنا = ئوماقىقنا بىر بالا، ئاز + غىنا = ئازغىنا گەپ - سۆز

54 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۇپەتلەردىن سۇپەت دەرىجىلىرىنى ياساپ ئۈلگە ئۈچۈن بېرىلگەن كاتەكچىلەردىكى تەلەپ بويىچە مۇۋاپىق تولدۇرۇڭلار.

كىچىك، يوغان، چوڭ، توق، چۈچۈمەل، قېلىن، كۆك، ئىنچىكە، تۈز، ئۇزۇن، قىسقا، پاكا، ئېگىز، ياخشى، يامان، ئىسسىق، مۇزدەك، شالاڭ، ئاچچىق، قىزىل، قارا، يېشىل، ئورۇن، سېمىز، سوغ، يۇمشاق، سېرىق، سۈزۈك، تىنىق، ئاق، ئوماق.

ئۈلگە :

| ئاددى دەرىجە | سېلىشتۇرۇش دەرىجىسى | ئاشۇرۇش دەرىجىسى | كۈچەيتىش دەرىجىسى | كەمىستىش دەرىجىسى | ئەركىلىتىش كىچىكلىتىش دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| كىچىك قىزىل .... | كىچىكرەك قىزىلراق ..... | بەك ياخشى ئەڭ ئۇزۇن ....... | تۈپ - تۈز قىپ - قىزىل ...... | كۆكۈش ئاقۇش ...... | ئوماقىقنا كىچىككىنە ...... |

55 - **كۆنۈكمە:** تەركىۋىدە سۇپەتلەرنىڭ ئاددى دەرىجىسى، سېلىشتۇرۇش دەرىجىسى، ئاشۇرۇش دەرىجىسى، كۈچەيتىش دەرىجىسى، كەمىستىش دەرىجىسى ۋە ئەركىلىتىش - كىچىكلىتىش دەرىجىسى بولغان 12 جۈملە (ھەر بىر دەرىجىگە 2 دىن جۈملە) تۈزۈڭلار.

ئۈلگە: 1 . ئەنۋەر ناسىرنىڭ شېئىرلىرىدا يۈكسەك ئىنقىلاۋىي روھ ئىپادىلەنگەن. 2 . ل. مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىدا تېخىمۇ يۈكسەكرەك ئىنقىلاۋىي روھ ئىپادىلەنگەن.

56 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى تۈپ سۇپەتلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ياسالما سۇپەتلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار ۋە تۈپ سۇپەتلەرگە مۇۋاپىق سۇپەت دەرىجىلىرى قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈڭلار.

«....مەن يۇقۇرى - تۆۋەن تەۋرىنىپ بارغانسېرى كۆتىرىلىۋاتقان ئايروپىلاننىڭ دۈگلەك دەرىزىسىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئولتۇرۇپ، يېشىل، سېرىق، كۆك، ئاق، قارا چېكىتلەر بىلەن بېزەلگەن، خۇددى چا تاۋۇزلاردەك كۆرۈنىدىغان نەنشەن، ئاندىن بەزى يەرلىرى بۇلۇتلار ئاستىدا كۈمۈشتەك يالترايدىغان، بەزى يەرلىرى ھەسەن - ھۈسەندەك كۆرۈنىدىغان ھەتتا بەزى يەرلىرىدىن ئالتۇن سۈيى ئېقىپ چىقىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان تيانشان، ئاندىن كېيىن تارىم بويلىرى، ساغۇچ تەكلىماكان... ئومۇمەن ئۆزگىرىشچان ۋە ئەسلى ئۆزىدىن گۈزەل كۆرۈنىدىغان تەبىئەتنى كۆزىتىپ خىيالغا چۆمۈپ بارىمەن. تەبىئەتمۇ، ئىنسانىيەت جەمىيىتىمۇ، شەخسنىڭ تۇرمۇشىمۇ گۈزەل. ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرغىنىڭدا كۆزۈڭگە كۆرۈنمەيدىغان گۈزەللىكلىرى بەزىدە مانا مۇشۇنداق تۆپىدىن قول سۇنۇشقا بولمايدىغان ئېگىزلىكتىن قارىغىنىڭدا كۆزۈڭگە كۆرۈنىدۇ. مۇزات ئۈستىدە، بەلكىم، ئالتۇن ئېقىمى ياكى كۈمۈش قاپلانغان چوققىلار يوقتۇ. سەن يۇقۇرىدىن قاراپ ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ساڭا كۆرستىش ئۈچۈن ئۆزىگە بەرگەن بۇ زىننەتنى كۆرۈۋاتىسەن، قوبۇل قىلىۋاتىسەن. ساغۇچ قۇم ۋە كۆل رەڭ بارخانلاردىن باشقا ھېچنەرسە بولمىغان سەھرالارمۇ ساڭا ئۆزىنى سېرىق زەردىن ھەل بېرىلگەن گۈللۈك داستىخاندەك گۈزەل كۆرسەتمەكتە. سەن ئۇنىڭدىن لەززەت ئېلىۋاتىسەن» (زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش» رومانىدىن)

## 5. ئىسىملاشقان سۇپەتلەر

**ئۆزىنىڭ سۇپەتلىك بەلگىسى ۋە خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، ئىسىملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە**

www.uyghurkitap.com

**بولغان ۋە جۈملىدە ئىسىملاردەك ۋەزىپە ئاتقۇرىدىغان سۈپەتلەر ئىسىملاشقان سۈپەتلەر دېيىلىدۇ.**

بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ سۈپەتلەر جۈملىدە سۈپەتلەردەك ئېنىقلىغۇچلۇق ۋەزىپىسىنى ئەمەس، بەلكى ئىسىملاردەك ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرىدۇ.

ئىسىملاشقان سۈپەتلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئۆز نامىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا مۇنداق سۈپەتلەر < كىم؟نىمە؟ كىملەر؟ نىملەر؟ > دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئىسىملاردەك بىرلىك، كۆپلۈك ساندا كېلىدۇ.مەسىلەن: 1 . ئىشچان (كىم؟) ئېشىنى يەر، هورۇن (كىم؟) بېشىنى يەر (ماقال) .2. كىچىكلەر (كىملەر؟) ئالدىغا، چوڭلار (كىملەر؟) كەينىگە تىزىلىڭلار.3 . ياخشى (كىم؟) تېپىپ سۆزلەيدۇ، يامان (كىم؟) كۆپۈپ سۆزلەيدۇ (ماقال) .

**57 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەردىكى ئىسىملاشقان سۈپەتلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1 . هورۇننى ئىشقا بۇيرۇساڭ، ئۆزۈڭگە ئەقىل كۆرسىتەر.2 . ياخشى ياماننى تەربىيىلەيدۇ.3. مەرت بىر قېتىم ئۆلىدۇ، قورقۇنچاق يۈز قېتىم.4 . ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن دات. 5 . ياش كەلسە ئىشقا، قېرى كەلسە ئاشقا.6 . ياخشىنىڭ شاراپىتى تېگەر، ياماننىڭ كاساپىتى.

**58 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ، سۈپەتلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ئىسىملاشقان سۈپەتلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1 . كىچىكلەر چوڭلارنى هۆرمەتلىشى، چوڭلار كىچىكلەرنى ئاسرىشى، ئىززەتلىشى لازىم. 2 . مەن شەھەرنىڭ چىرايلىق باغلىرىنى، چوڭ تىياتىرخانىلىرىنى كۆردۈم. 3 . بۈگۈنكى چوڭ يىغىنغا ياشلار، قېرىلار، ئەرلەر، ئاياللار، چوڭلار، كىچىكلەر ھەممىسى تولۇق قاتناشتى. 4 . باللىق ئۆي بازار، باللىسىز ئۆي مازار. 5 . تاختا بولۇپ قالغان بۇغدايىنىڭ بولۇق باشاقلىرى مەيىن شامالدا خۇددى دېڭىز سۈيىدەك دولقۇنلىنىپ تۇراتتى.

# 9 ـ §. سان

## 1. سان توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ يەككە (بىر) ياكى كۆپ (بىردىن ئارتۇق) ئىكەنلىكىنى كونكرېت ئىپادىلەيدىغان، شۇنىڭدەك سان جەھەتتىكى تەرتىۋى، مىقدارى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سان دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: بىز بىر سىنىپتا 40 ئوقۇغۇچى ئوقۇيمىز.مېنىڭ ئىنىم 7 ـ سىنىپتا ئوقۇيدۇ .

سانلار گىرامماتىكىلىق جەھەتتىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

1) سانلار جۈملىدە ئاساسەن ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئادەم ۋە نەرسىلەرنى سان جەھەتتە ئېنىقلايدۇ. مانا بۇ سانلارنىڭ تۈپ ـ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

سانلار جۈملىدە ئىسىملارغا باغلىنىپ «قانچە؟ نەچچە؟ قانچىنچى؟ نەچچىنچى؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: 1. بىز 28 ـ نومۇرلۇق قورا 10 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە ئولتۇرىمىز. 2. مەن 10 دەپتەر سېتىۋالدىم.

2) سانلار ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئېنىقلانغۇچى بولالمايدۇ، سانلارنىڭ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى بولمايدۇ.

3) سانلار دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### (1) سانلارنىڭ ئېنىق دەرىجىسى

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بىر ياكى كۆپ ئىكەنلىكىنى كونكرېت بىلدۈرىدىغان سان كا ـ تېگورىيىسى سانلارنىڭ ئېنىق دەرىجىسى ياكى ساناق سان دېيىلىدۇ.**

سانلارنىڭ ئېنىق دەرىجىسى ساناق سانلار ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. ئۇ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بەش ئادەم، ئون بەش قوي، ئوتتۇز ئوغۇل، ئىككى يول، بەش بارماق.

### (2) سانلارنىڭ تەرتىۋى دەرىجىسى

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سان جەھەتتىكى ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىۋى ۋە دەرىجىسىنى بىلـ ـ**

**ـدۇرىدىغان  سان كاتېگورىيىسى سانلارنىڭ تەرتىۋى دەرىجىسى دېيىلىدۇ.**

ئۇ ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا < نچى ،ىنچى، ىنچى > قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىـ ـلىنىدۇ. سانلارنىڭ تەرتىۋى دەرىجىسى جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ۋە < قانچىنچى؟ نەچچىنچى؟ > دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: 1 . لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 2 . مەن 10 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتىمەن.

سانلارنىڭ تەرتىۋى دەرىجىسى بەزىدە ئىسىم ئورنىدا كېلىپ، جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيمۇ كېلىدۇ.مەسىلەن: 1 . بىرىنچى بىرىنچىلىكنى قىلىدۇ. 2 . ئۇ ھەممە ئىشتا بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەيدۇ. 3 . ئۇ ئەمگەكتە ھەر دائىم بىرىنچى.

**(3) سانلارنىڭ مۆلچەر دەرىجىسى**

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى تەخمىنى مۆلچەر بىلەن ئىپادىلەيدىغان سان كاتېگورىيىسى سانلارنىڭ مۆلچەر دەرىجىسى دېيىلىدۇ.**

سانلارنىڭ مۆلچەر دەرىجىسى < قانچىچە؟ نەچچىچە؟ قانچىلىگەن؟ نەچچىلىگەن؟ > دىگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.مەسىلەن: 1. بۈگۈنكى يىغىنغا بەش يۈزچە ئوقۇغۇچى قاتناشتى. 2 . مىڭلىغان ـ مىليونلىغان ئىنقىلاۋىي قۇربانلار خەلق ئازاتلىغى يولىدا قۇربان بولدى.

سانلارنىڭ مۆلچەر دەرىجىسى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

1 . ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا < چە > قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يەتتىچە بالا، ئونچە قوي، ئون بەشچە ئۆشكە.

2 . ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا < لاپ، لەپ، لىغان، لىگەن > قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: 1. ئۈرۈمچى شەھرىدە يۈزلەپ يېڭى بىنالار قەد كۆتەرمەكتە. 2. بۇ يىل يۈزلىگەن زاۋۇت ـ فابرىكىلار يىللىق پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى.

3 . ساناق سانلارغا < لار، لەر > قوشۇمچىلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بەزى كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن: 1 . مېنىڭ دادام ئەللىكلەردە بار. 2 . تۈنۈگۈنكى كەچلىك كونسېرت كەچ سائەت ئونلاردا تۈگىدى.

4 . ساناق سانلارغا يۆنۈلۈش كېلىش قوشۇمچىسىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن < يېقىن > سۆزىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: 1 . بىزنىڭ بىنادا ئوتتۇزغا يېقىن ئائىلە بار. 2 . بۈگۈنكى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنى مىڭغا يېقىن كىشى كۆردى.

5 . ئىككى ساناق ساننىڭ مەلۇم تەرتىپتە ئېيتىلىشىدىن ياسىلىدۇ.مەسىلەن: 1 . مەكتىۋىمىزدىن 40 ـ 50 ئوقۇغۇچى پىراكتىكىغا مېڭىپ كەتتى.قاسساپ ئۇستام بىر كۈندە 5 ـ 6 قوينىڭ گۆشىنى سېتىپ بولدى.

**59 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى كاتەكچىلەرنىڭ تەلىۋى بويىچە سانلارنىڭ ئېنىق دەرىجىسى، تەرتىۋى دەرىجىسى  ۋە مۆلچەر دەرىجىسى ئۈچۈن بەشتىن سۆز تېپىپ، كاتەكچىلەرگە تولدۇرۇڭلار.

ئۈلگە

| سانلارنىڭ ئېنىق دەرىجىسى | سانلارنىڭ تەرتىۋى دەرىجىسى | سانلارنىڭ مۆلچەر دەرىجىسى |
| --- | --- | --- |
| سەككىز مىڭ<br>..... | 1984 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى<br>....... | ئوتتۇزچە<br>...... |

# 2. سانلارنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار يەنە ئورتاق سان ۋە كەسىر سان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**1) ئورتاق سان**

**بەلگىلىك ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئورۇنلىنىشىدا ئىككىدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئورتاقلىق مۇنا-**

**سۆزنى بارلىقنى بىلدۈرىدىغان سانلار ئورتاق سان ياكى ئۆملۈك سان دېيىلىدۇ.**

ئورتاق سانلار < نەچچەيلەن؟ قانچەيلەن؟ > دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. ئورتاق سانلار ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا < ئەيلەن >، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا < يلەن > قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلىدۇ.

ئورتاق سانلاردا ئىسىم خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ.مەسىلەن: 1. ئېتىزدا بەشەيلەن ئىشلىدى. 2 . بۈگۈن ئۈچەيلەن كىنو كۆردى.

**2) كەسىر سان**

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنى ئىپادىلىگۈچى پۈتۈن سانلارنىڭ ھەر خىل بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەنلىكىنى بىلدۈرگۈچى سانلار كەسىر سان دېيىلىدۇ.**

كەسىر سانلار ساناق سان (سانلارنىڭ ئېنىق دەرىجىسى) ئاخىرىغا «دىن، تىن» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن: 11 . بەشتىن بىر ($\frac{1}{5}$)، 2 . ئوندىن ئۈچ ( $\frac{3}{10}$) . 3 . يۈزدىن سەكسەن ( $\frac{80}{100}$) ئوندىن سەككىز ( $\frac{8}{10}$) گە تەڭ بولىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، سانلار جۈملىدە ئىسىم ئورنىدا كېلەلەيدۇ. شۇڭدەك ئىسىملارغا ئوخشاش كۆپلۈك، كېلىش ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلەلەيدۇ ۋە جۈملىدە ئىسىملارغا ئوخشاشلا ئىگە، خەۋەر، ئەگەشمە بۆلەكلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ.مەسىلەن: 1. ئالدىدا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئۈچىنچىسى (ئىگە) ئىدارىمىزنىڭ ئىلغار خىز- مەتچىسى مەخسۇت نىياز. 2 . بۇ دەپتەردىن بەشنى (تولدۇرغۇچى) ئۈكامغا بېرىمەن. 3. سەككىزنىڭ تۆتتىن بىرى - ئىككى (خەۋەر) .

**60 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئىگە بولۇپ كەلگەن سانلارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق،** خەۋەر بولۇپ كەلگەن سانلارنىڭ ئاستىغا ئەگرى سىزىق، ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ كەلگەن سانلارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. ئېتىزغا ئىككىيلەن باردۇق. 2. مۇئەللىم ئۈچەيلەندىن سوئال سورىدى. 3. ئون ئالتىنىڭ 4 تىن بىرى-تۆت. 4. يېنىمىزدا تۇرغان قىزلارنىڭ تۆتىنچىسى توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەيدۇ. 5 . سۆز بىر، قۇلاق ئىككى. 6 . توققۇز يەردە توققۇز سەكسەن بىر. 7. ئون بەش ئۈچكە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ. 8. بەش يەردە ئون ئەللىك. 9. ئوتتۇز ئىككىنى سەككىزگە بۆلسەك، تۆتتىن ئېگىدۇ.

سانلارنىڭ ئېنىق دەرىجىسى (ساناق سان)نىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى

| كېلىشلەر | جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | كېلىش قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|---|---|
| باش كېلىش | يۈز | ئون | يەتمىش | ئوتتۇز | - |
| ئىگىلىك كېلىش | يۈزنىڭ | ئوننىڭ | يەتمىشنىڭ | ئوتتۇزنىڭ | نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | يۈزنى | ئوننى | يەتمىشنى | ئوتتۇزنى | نى |
| يۆنۈلۈش كېلىش | يۈزگە | ئونغا | يەتمىشكە | ئوتتۇزغا | غا ،كە ،گە |
| چىقىش كېلىش | يۈزدىن | ئوندىن | يەتمىشتىن | ئوتتۇزدىن | دىن ، تىن |
| ئورۇن - پەيت كېلىش | يۈزدە | ئوندا | يەتمىشتە | ئوتتۇزدا | دا ، دە ،تە |

# 3. ئاددىي ۋە قوشما سانلار

ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار باشقا يەنە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. 1 . ئاددىي سان؛ 2 . قوشما سان.

**بىرلا ساندىن تۈزۈلگەن سانىنى ئاددى سان دەيمىز.** مەسىلەن: بىر، توققۇز، ئون، يىگىرمە؛
**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ساندىن تۈزۈلگەن سانىنى قوشما سان دەيمىز.** مەسىلەن: ئون بىر، يىگىرمە ئىككى، تۆت يۈز سەكسەن ئالتە، بەش مىڭ ...

**61 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدا نەچچە ئاددى سان ۋە نەچچە قوشما سان بار ؟

بىز ئەتىگەنلىكى سائەت سەككىز بولمايلا زاۋۇتقا باردۇق. زاۋۇتقا ئىشچىلار تۆت تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى. شۇ مەزگىلدە سائەت ئون بەش مىنۇت كەم سەككىز بولغان ئىدى. ئون مىنۇت ئۆتمەستىن بىر مىڭ سەككىز يۈز ئىشچى ئۆز ئىستانوكلىرىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. كەڭلىكى ئون سەككىز، ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز ئۈچ مېتىر كېلىدىغان چوڭ بىر زالغا بىزنى ئېلىپ كىرىشتى. قوڭغۇراق چېلىندى. زال بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر يۈز ئەللىك ئىستانوگى ھەركەتكە كەلدى. بىز زاۋۇتنىڭ ھەممە ئىشلىرى بىلەن تونۇشۇپ، سائەت ئون بىردە مەكتىۋىمىزگە قايتىپ كەلدۇق.

## 4. سانلارنىڭ يېزىلىشى

سانلارنىڭ يېزىلىشى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

1 . قوشما سانلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن: ئون ئىككى، بىر يۈز ئەللىك ئالتە، بىر مىڭ توققۇز يۈز سەكسەن بەش.

2 . سان ـ رەقەملەردىن كېيىن كەلگەن قوشۇمچىلار ۋە سۆزلەر سان ـ رەقەملەردىن سەل ـ پەل ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن: 1 . 10 دىن 3 نى ئالساق 7 سى قالىدۇ. 2 . مەن بۇ كىتاپنى 5 سومغا سېتىۋالدىم.

3 . دەرىجە سانلار رەقەملەر بىلەن يېزىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن سىزىقچە (ـ) قويۇلىدۇ. مەسىلەن: 1 . 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەمگەكنى بەك ياخشى قىلدى. 2 . 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بىر يىل بويىچە كۈندۈز ئەڭ ئۇزۇن بولىدىغان كۈن ھىساپلىنىدۇ.

4 . دەرىجە سانلار رىمچە رەقەم بىلەن يېزىلسا، < نىچى، ئىنچى > ياكى سىزىقچە (ـ) قويۇلمايدۇ. چۈنكى رىمچە رەقەملەرنىڭ ئۆزى ھەم سانىنى، ھەم دەرىجىنى بىلدۈرىدۇ.مەسىلەن: 1 . X باپتا بۇ كىتاپنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 2 . ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى XI ئەسىردە ياشىغان .

5 . ئىككى ئاددى ساندىن تۈزۈلگەن مۆلچەر سانلار ئوتتۇرىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن: قىرىق ـ ئەللىك ئادەم، تۆت ـ بەش كالا، بەش ـ ئالتە ماشىنا .

**62 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سانلارغا < ىنچى، ىنچى،نچى > قوشۇمچىلىرىنى مۇۋاپىق ھالدا ئۇلاڭلار. ئەللىك، ئاتمىش، بەش، ئون بىر، قىرىق، ئىككى، بىر مىڭ توققۇز يۈز سەكسەن سەككىز .

**63 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ساناق سانلارنى ئۈلگە بويىچە سانلارنىڭ تەرتىۋى، مۆلچەر دەرىجىلىرىگە ۋە ئورتاق سان، كەسىر سانلارغا ئايلاندۇرۇپ، كاتەكچە ئىچىگە تولدۇرۇڭلار.
بىر، ئىككى، ئوتتۇز، ئالتە، قىرىق، ئەللىك، تۆت، ئون سەككىز، ئون ئىككى، يەتتە .

ئۈلگە:

| ساناق سان (ئېنىق دەرىجە | تەرتىۋى دەرىجە | مۆلچەر دەرىجە | ئورتاق سان | كەسىر سان |
|---|---|---|---|---|
| ئەللىك | ئەللىگىنچى | ئەللىكچە | ئەللىككەيلەن | ئەللىكتىن بەش |
| ...... | ...... | ...... | ...... | ........ |

# 10 ـ §. ئالماش

## 1. ئالماش توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچە

**جۈملىدە ئىسىم، سۈپەت، سان، پېئىل، رەۋىش قاتارلىق مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ۋە**

ئۇندەش، ئىملىق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا، ھەتتا جۈملىلەر ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان **سۆزتۈركۈمى ئالماش** دەپ ئاتىلىدۇ.
مەسىلەن:
1. سادىق ھەر دائىم تىرىشىپ ئەلا ئوقۇيدۇ. 2. ئۇ ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالاندى. 3. مەن رەسىم سىزىش ئۈچۈن قىزىل، كۆك، سېرىق قېرىنداش ئالدىم. 4. ئۇكاممۇ شۇنداق قېرىنداش ئالدى. 5. سەمەت 5 كىتاپ سېتىۋالدى. 6. قادىرمۇ شۇنچە كىتاپ سېتىۋالدى. 7. ئۆمەر ئاستا سۆزـ لىدى. 8 . پاتەممۇ شۇنداق سۆزلىدى.
بۇ مىساللاردا ئالدىنقى جۈملىلەردىكى ئىسىم، سۈپەت، سان، رەۋىشلەر ئورنىغا كېيىنكى جۈملىلەردىكى «ئۇ، شۇنداق» دېگەن ئالماشلار ئالمىشىپ كەلگەن.
جۈملىدە ئالماشلار قايسى سۆز تۈركۈمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلسە، شۇ سۆز تۈركۈمى ئورۇنلىغان ۋەزىپىنى ئورۇنلايدۇ.
ئالماشلارنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقى شۇ يەردىكى، ئۇ بىرقەدەر كەڭ ئومۇمى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالماشلارغا ئومۇمەن ئالغاندا، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر قوشۇلمايدۇ ۋە ئالماشلاردىن ئاساسەن يېڭى سۆزلەر ياسالمايدۇ. پەقەت ئاز ساندىكى ئالماشلارغا قوشۇمچىلەرنى قوشۇش ئارقىلىق بەزى يېڭى سۆزلەرمۇ ياسىلىدۇ.
مەسىلەن: سەن ـ سەنلە، ئۆز ـ ئۆزلۈك، مەن ـ مەنمەنلىك...
**64 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇنىڭ قانداق سۆز تۈركۈمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
... 1941 ـ يىلى ئىيۇن، ئاخىرقى ئىمتىھان. زويا 10 ـ سىنىپقا كۆچتى، لېكىن بىرىنچە كۈندىن كېيىن ئۇرۇش باشلىنىپ قالدى.
ئىتتىپاق مەجلىسىدە زويا غەيرەتلىنىپ سۆزلىدى. زويا مۇداپىئە قۇرۇلۇش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ھەرقاچان ئۆزى ئۈچۈن يېڭى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى بولغان بۇ ئىشتا ئەرلەرگە ئوخشاش غەيرەت بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدى....
دۈشمەن بېسىپ كەلمەكتە. زويا جەڭچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ پارتىزانلار ئەترىدىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن كىردى.
ئەنە ئۇ چوڭ بىر بۆلۈمدە ئەترەت كوماندىرى ئولتۇرغان ئۈستەلنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. كوماندىر قىزنىڭ كۆزىگە سىنچىلاپ قاراپ تۇرىدۇ.
ـ قورقامسىز؟
ـ ياق قورقمايمەن.
ـ كېچىسى جاڭگاللىقتا يالغۇز قالسىڭىز قورقامسىز؟
ـ ياق ، قورقمايمەن.
ـ ئەگەر نېمىسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىڭىز، ئۇلار سىزنى قىيىن ـ قىستاققا ئالسىچۇ؟
ـ قورقمايمەن! ...
كوماندىر زويانى ئەترەتكە قوبۇل قىلدى. زويا ئوبوخوپ يېزىسىدىن بىر قىسىم پارتىزانلار بىلەن بىللە دۈشمەن ئىشغال قىلىۋالغان رايونغا كەلدى.
ئۇلار ئىككى ھەپتە جاڭگاللىقتا تۇردى. كېچىلىرى جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. كۈندۈزى جاڭگاللىقتا قارنىڭ ئۈستىدە دەرەخلەرگە يۆلىنىپ ئۇخلىدى...
(«تابە» ناملىق ھېكايىدىن)

## 2. ئالماشلارنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلار ئۆزىنىڭ ئاتالاتقان مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ سەكـ ـكىزگە بۆلۈنىدۇ.

## 1) شەخسلىك (كىشىلىك) ئالماشلار

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلارنى شەخسلىك ئالماش دەيمىز.**

شەخسلىك ئالماشلار ئۈچ شەخستە كېلىدۇ.

مەسىلەن: 1. مەن (1 ـ شەخستە كەلگەن كىشىلىك ئالماش) ۋەتىنىمنى سۆيىمەن.2 . سەن (2 ـ شەخستە كەلگەن كىشىلىك ئالماش) ياخشى ئوقۇشۇڭ لازىم.3 . ئۇ (3 ـ شەخستە كەلگەن كىشىلىك ئالماش) خەتنى چىرايلىق يازىدۇ.

شەخسلىك ئالماشلار بىرلىك ۋە كۆپلۈك ساندا كېلىدۇ ۋە ئۇ خۇددى ئىسىملارغا ئوخشاشلا جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ ھەمدە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ.

مەسىلەن: مەن، بىز، سەن، سىلەر، ئۇ، ئۇلار. بىز ئانا يۇرتىمىزنى سۆيىمىز. سىلەر كەلسەڭلار قىزغىن قارشى ئالىمىز. ئۇلار ئىلىم ـ پەننى ئىگەللەش يولىدا تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە.

**شەخسلىك ئالماشلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى**

| | كېلىشلەر | 1 ـ شەخس | 2 ـ شەخس | 3 ـ شەخس |
|---|---|---|---|---|
| بىرلىك | باش كېلىش | مەن | سەن | ئۇ |
| | ئىگىلىك كېلىش | مېنىڭ | سېنىڭ | ئۇنىڭ |
| | چۈشۈم كېلىش | مېنى | سېنى | ئۇنى |
| | يۆنىلىش كېلىش | ماڭا | ساڭا | ئۇنىڭغا |
| | چىقىش كېلىش | مەندىن | سەندىن | ئۇنىڭدىن |
| | ئورۇن ـ پەيت كېلىش | مەندە | سەندە | ئۇنىڭدا |
| كۆپلۈك | باش كېلىش | بىز (بىزلەر) | سىلەر | ئۇلار |
| | ئىگىلىك كېلىش | بىزنىڭ | سىلەرنىڭ | ئۇلارنىڭ |
| | چۈشۈم كېلىش | بىزنى | سىلەرنى | ئۇلارنى |
| | يۆنىلىش كېلىش | بىزگە | سىلەرگە | ئۇلارغا |
| | چىقىش كېلىش | بىزدىن | سىلەردىن | ئۇلاردىن |
| | ئورۇن ـ پەيت كېلىش | بىزدە | سىلەردە | ئۇلاردا |

**65 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى شەخسلىك ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قانداق كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

.... بىز قىزىق پاراڭلارغا چۈشتۇق. ئەلانۇرنىڭ چەتئەل توغرىسىدىكى، نامەتىنىڭ ھەر خىل سودىگەر، كارزاپلار توغرىسىدىكى ھىكايىلىرى بىزنى كۈلدۈردى. مەن قانغىچە كۈلۈۋالدىم.

مېنىڭ رازى بولغان يەنە بىر يېرىم ئوسمانىمۇ، زۇلخۇمارمۇ مېنى بىرەر قېتىم «ئالىم دوستۇم» دىگەندەك ئاتالمىلار بىلەن ئاتىمىدى. مېنىڭ ئىلمىي دوكلادىمنى ئۇلارمۇ ئاڭلىغان، لېكىن بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئالمىدى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن ناھايىتى خوشال بولدۇم.

دۆەن پروفېسسور قايتار چاغدا ماڭا:

ـ ئۇلار ياخشى ئەر ـ خوتۇن ئىكەن، ئەخلاقلىق ياشلار ئىكەن! ـ دىدى. مەن ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈردۈم:

ـ ئۇلارنىڭ ھاياتىدا بىر چوڭ نۇقسان بار. ئۇلار كىتاپ ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىشنى يادىلىـ ـرىدىن چىقىرىشقان، ياشلىق ـ ئاجايىپ چاغ، سىزدىن بەھساپ جىق خوشاللىق تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ياشلىقنىڭ تەلۈگىگە سوغاق مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خوشاللىقنى ھاياتنىڭ كۆز ۋە قىش پەسىللىرىگە قالدۇرۇشنى ئويلىغان ئادەم ياشلىق دەۋرىدىكى تەلۈگىگە ئېغىر ۋە كۆڭۈلسىز ئەمگەك بىلەن جاۋاپ بېرىشنى بىلىش كېرەك! (زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش»رومانىدىن)

www.uyghurkitap.com

## 2) كۆرستىش ئالماشلىرى

**ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرى، مىقدارى، ھالىتى ۋە باشقا جەھەتـ ـلەردىن ئايرىپ، ئېنىقلاپ كۆرستىدىغان ئالماشلارنى كۆرستىش ئالماشلىرى دەيمىز.**

كۆرستىش ئالماشلىرى جۈملىدە ئاساسەن سۈپەت ئاتقۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرۇپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. بىراق سۈپەتلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنى تۈس، رەڭ، تەم، ھەجىم جەھەتلەردىن ئېنىقلىسا، كۆرستىش ئالماشلىرى تەكىتلەش، روشەنلەشتۈرۈش جەھەتلەردىن ئېنىقلايدۇ.

كۆرستىش ئالماشلىرى: ئۇ، بۇ، شۇ، مۇشۇ، ئاۋۇ، ماۋۇ (مۇنۇ)، ئەنە، مانا، ئۇنداق، مۇنداق، شۇنداق، ئاشۇ، ھىلىقى، ھىلىقىدەك، ئۇنچىلىك، مۇنچىلىك، شۇنچىلىك ۋە باشقىلار .

كۆرستىش ئالماشلار جۈملىدە «قايسى؟ قانداق» دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: 1 . ئۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالماسلىق كېرەك. 2. ھېلىقى بالا بىلەن مەن بىر سىنىپتا ئوقۇيمەن. 3. ئۇنچىلىك ئىشلارنى مەنمۇ قىلالايمەن.

< ئۇ > دىگەن كۆرستىش ئالماش بىلەن < ئۇ > دىگەن كىشىلىك ئالماشلار شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ۋە ئاتالاتقان مەنىسىگە قاراپ بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەتجان قاسىمى خەلقپەرۋەر، ناتىق ئادەم ئىدى.ئۇ (كىم؟) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ بىر مەشھۇر رەھبىرى. ئۇ (قايسى؟) ئادەمنى مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا كۆرگەن ئىدىم.

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللىڭ 2 ـ جۈملىسىدىكى < ئۇ > دىگەن ئالماش جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كەلگەن شەخسلىك ئالماش ، 3 ـ جۈملىدىكى ئۇ (قايسى؟) جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كەلگەن كۆرستىش ئالماشتۇر.

كۆرستىش ئالماشلار جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، شۇنىڭدەك «مانا، ئەنە» دىگەن كۆرستىش ئالماشلاردىن باشقا بارلىق كۆرستىش ئالماشلار كېلىش ھەم كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ.

مەسىلەن، بۇ، بۇنىڭ، بۇنى، بۇنىڭغا، بۇنىڭدىن، بۇنىڭدا؛ ئۇنداق، ئۇنداقنىڭ، ئۇنداقنى، ئۇنداققا، ئۇنداقتىن، ئۇنداقتا ۋە باشقىلار.

كۆرستىش ئالماشلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەر | بىرلىك | | | كۆپلۈك | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| باش كېلىش | بۇ | شۇ | ھېلىقى | بۇلار | شۇلار | ھېلىقىلار |
| ئىگىلىك كېلىش | بۇنىڭ | شۇنىڭ | ھېلىقىنىڭ | بۇلارنىڭ | شۇلارنىڭ | ھېلىقىلارنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | بۇنى | شۇنى | ھېلىقىنى | بۇلارنى | شۇلارنى | ھېلىقىلارنى |
| يۆنىلىش كېلىش | بۇنىڭغا | شۇنىڭغا | ھېلىقىغا | بۇلارغا | شۇلارغا | ھېلىقىلارغا |
| چىقىش كېلىش | بۇنىڭدىن | شۇنىڭدىن | ھېلىقىدىن | بۇلاردىن | شۇلاردىن | ھېلىقىلاردىن |
| ئورۇن - پەيت كېلىش | بۇنىڭدا | شۇنىڭدا | ھېلىقىدا | بۇلاردا | شۇلاردا | ھېلىقىلاردا |

## 3) سوئال ئالماشلىرى

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگىسى، سانى ۋە باشقا جەھەتلەردە سوئال مەنىسىنى بىلدۈرگەن ئالماشلار سوئال ئالماشلىرى دىيىلىدۇ.**

«كىم؟ نىمە؟ قانداق؟ قايسى؟ نەدە؟ قەيەردە؟ قەيەرگە؟ قانچە؟ قانچىلىك؟ نەچچە؟ نەچچىلىك؟ قانچىنچى؟ نەچچىنچى؟» قاتارلىق سۆزلەر سوئال ئالماشلىرى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

- بۇ كىم؟
- بۇ ،ئوقۇغۇچى قاسىم.

- ئۇ قايسى سىنىپتا ئوقۇيدۇ؟
- تولۇقسىز 2 - يىللىق 2 - سىنىپتا ئوقۇيدۇ.

1 . سوئال ئالماشلىرىدىن بولغان < كىم؟ > سۆزى پەقەت كىشىلەرگىلا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. < نىمە؟ > سۆزى بولسا، كىشىلەردىن باشقا بارلىق جانلىقلارغا ۋە بارلىق جانسىز نەرسە، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

- كىم كەلدى؟
- مۇئەللىم كەلدى.
- سەن نىمە ئالدىڭ؟
- دەپتەر ئالدىم.

2 . < قانداق؟ قايسى؟ > دىگەن سوئال ئالماشلىرى نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى، بەلگىسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: سىز قانداق (يوللۇق، چاقماق) دەپتەر ئالدىڭىز؟ سىز قايسى (ئەدەبىيات، ماتېماتىكا) دەرسنى ياخشى كۆرىسىز؟

3 . «قانچە؟ نەچچە؟ قانچىنچى؟ نەچچىنچى؟» دىگەن سوئال ئالماشلار ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: سەن غۇلجىدا نەچچە (ئىككى) ئاي تۇردۇڭ؟ سەن قانچىنچى (يەتتىنچى) سىنىپتا ئوقۇيسەن؟

بەزىبىر سوئال ئالماشلىرى خۇددى ئىسىملارغا ئوخشاش ئەگىلىك، كېلىش ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن: كىم؟ كىمنىڭ؟ كىمنى؟ نىمگە؟ نىمدە؟ نىمدىن؟ قانچىسى؟ قانچىمىز؟ كىملەر؟ نىملەر؟ قانچىمىزگە؟ قانچىمىزنى؟ قانچىمىزدىن؟ ۋە باشقىلار.

**66 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى سوئال ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1 . سەن ئۈرۈمچىگە قاچان كەلگەن؟ 2 . بۇ كىتاپنى يازغان كىشى كىم؟ 3. تۇرپاندىن قانداق ئۈزۈملەر چىقىدۇ؟ 4 . سىز چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە نەچچە كۈندە كەلدىڭىز؟ 5 . ل . مۇتەللىپ نەچچىنچى يىلى تۇغۇلغان؟

**67 - كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار < كىم؟ نىمە؟ قانداق؟ قايسى؟ قانچە؟ نەچچىنچى؟ > دىگەن سوئال ئالماشلارنى قاتناشتۇرغان ھالدا 6 جۈملە تۈزۈڭلار.

## 4)ئۆزلۈك ئالماش

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەش، كۈچەيتىش ۋە ئېنىقلاش رولىنى ئاتقۇرىدىغان ئالماش ئۆزلۈك ئالماش دىيىلىدۇ.**

ئۆزلۈك ئالماش < ئۆز > سۆزى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ.

< ئۆز > ئالمىشى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ، بۇنداق چاغدا ئالدى بىلەن ئەگىلىك قوشۇم- چىلىرى، ئاندىن كېيىن كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

1) ئۆز - ئۆزەم + نىڭ = ئۆزەمنىڭ ئاكام
ئۆز - ئۆزەڭ + نىڭ = ئۆزەڭنىڭ ئاكاڭ
ئۆز - ئۆزى + نىڭ = ئۆزىنىڭ ئاكىسى
2) ئۆزەمدىن، ئۆزەمنى، ئۆزەمگە، ئۆزەمدە.
3) ئۆزەڭنى، ئۆزەڭدىن، ئۆزەڭگە، ئۆزەڭدە.
4) ئۆزىنى، ئۆزىدىن، ئۆزىگە، ئۆزىدە .

< ئۆز > ئالمىشى2 - شەخس سىپايى تۈرى ۋە 3 - شەخستە كۆپلۈكساندا كەلسە، كۆپىنچە ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ .مەسىلەن:

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم سادىقجان ئاكا، سالامەت تۇردىلىمۇ؟ ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمىگىلى خېلى ئۇزۇن بوپتۇ.
- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھە، مىجىت ئاخۇن، قانداق ئوكام ئەھۋالىڭىز؟ ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرغانسىز؟

www.uyghurkitap.com

بۇ جۈملىلەردىكى < ئۆزلىرى >، < ئۆزىڭىز > دېگەن ئالماشلار ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆزلۈك ئالماشلار ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمى ئورنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: بۈگۈنكى يىغىننى روزاخۇن باشقۇرماقچى ئىدى، بىراق ئۆزى (روزاخۇن) تېخىچە كەلمىدى. ناسىر سېنىڭ پىكرىڭ قانداق؟ ئۆزەڭ (ناسىر) قېنى بىر نىمە دەپباققىنا!

بەزىدە < ئۆز > دېگەن ئالماشقا بەزىبىر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر ئۇلىنىپ، بەزى يېڭى مەنىلىك سۆزلەرمۇ ياسىلىدۇ. ئۇنداق ياسالغان سۆزلەر ئالماش بولماي، باشقا سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ.

مەسىلەن: ئۆز ـ ئۆزىگە، ئۆزەمچىل، ئۆزگىچە، ئۆزەمچىللىك، ئۆزگىچىلىك، ئۆزلۈك، ئۆز ـ ئارا ۋە باشقىلار.

**68 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۆزلۈك ئالماشلارنى ئېنىقلاڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قانداق قوشۇمچىلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1 . ئۆزى مۆكۈپ تۇرار، ساقىلى چىقىپ تۇرار. (تېپىشماق)، 2 . ئۆزەڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا. (ماقال)، 3 . ھەر كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۆز قولىدا .(ماقال)، 4 . ئۆزىنى بىلگەن سۇلتان، ئۆزىنى بىلمىگەن ئۇلتاڭ . (ماقال)، 5 . ئۆزى مۈشتەك، قۇيرۇغى نوغۇشتەك. (تېپىشماق)،6 . قاشقا سانىساڭ كۆزگە، كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە. (ماقال)، 7 . ئۆز ئۆيۈمنىڭ خوشلۇغى، پۈت قولۇمنىڭ بوشلۇغى. (ماقال)، 8 . خەق سېنى يامان دىسە ئۆزەڭدىن كۆر. (ماقال)، 9 . ئۆزەڭنى پاكىز تۇت.10 . ئۆز ئېلىڭنىڭ گادايلىغى، ئۆزگە ئەلنىڭ شاھلىغىدىن ئەلا. (ماقال)

## 5) ئۆملۈك ئالماشلار

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بىرەر ئىش ـ ھەركەتتىكى ئورتاقلىغىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلارنى ئۆملۈك ئالماشلار دەيمىز.**

تىلىمىزدىكى < ھەممە، بارلىق، بارچە، ھەممىسى، بارى، پۈتكۈل > قاتارلىق سۆزلەر ئۆملۈك ئالماشلارغا كىرىدۇ. بەزىدە < پۈتۈن > دېگەن سۈپەتمۇ ئۆملۈك ئالماش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ھەممىمىز ئەمگەككە قاتناشتۇق. بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ بارلىغى بىزنىڭ ئەزىز مېھمانلىرىمىز. بارچىمىزنىڭ ئارزۇسى تىرىشىپ ئوقۇپ خەلقىنىڭ يارامىلىق خادىملىرى بولۇشتىن ئىبارەت.

ئۆملۈك ئالماشلار، ئومۇمەن ئالغاندا، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن: 1 . بارلىق ـ بارلىغىم، بارلىغىڭ، بارلىغى. ھەممە ـ ھەممىمىز، ھەممىڭلار، ھەممىسى. بۇ يەردىكى «بارلىق، ھەممە» دېگەن ئۆملۈك ئالماشلار ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ شەخسلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن.

2 . < ھەممىمىز، ھەممىمىزنىڭ، ھەممىمىزنى، ھەممىمىزدىن، ھەممىمىزگە، ھەممىمىزدە > دىسەك، بۇ يەردىكى < ھەممە > دېگەن سۆز بارلىق كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن.

**69 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئۆملۈك ئالماشلارنىڭ ھەر ـ بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ھەممە، ھەممىمىز، بارلىق، بارچە، ھەممىسى، پۈتكۈل، پۈتۈن.

ئۈلگە: ھەممىمىز ئەلاچى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز.

## 6) ئېنىقلاش ئالماشلىرى

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سان ـ مىقدارى ۋە باشقا ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ، پەرقلەندۈرۈپ، ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە تەكىتلەپ كېلىدىغان ئالماشلار ئېنىقلاش ئالماشلىرى دېيىلىدۇ.**

تىلىمىزدىكى < ھەر، ھەركىم، ھەرنىمە، ھەرقانداق، ھەرقاچان، ھەرقايسى > قاتارلىق سۆزلەر ئېنىقلاش ئالماشلاردۇر.

مەسىلەن: 1. ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق غۇرۇرى بولىدۇ. 2. ۋەتەن، خەلق يولىدا ھەرقانداق قىيىنچىلىققا چىداشلىق بېرىپ ئىشلەيمىز.

بەزى ئېنىقلاش ئالماشلىرى ئىگىلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپمۇ كېلىدۇ.

مەسىلەن: 1 . ھەركىم، ھەر كىمنىڭ، ھەركىمنى، ھەركىمگە، ھەركىمدىن، ھەركىمدە ۋە باشقىلار. 2 . ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك ۋەزىپىسى بولىدۇ. 3 . ئىچ سىرىڭنى ھەر كىمگە ئېيتىـ-
ـۋەرمە.

**70 ـ كۆنۈكمە:** تەركىۋىدە ئېنىقلاش ئالماشلىرى بولغان 5 جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

## 7) ئېنىقسىز (گۇمان) ئالماشلار

**ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ خىلمۇ ـ خىل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئېنىق مەلۇم ئەمەسلىكىنى، گۇمانلىق، بەلگىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئېنىقسىز ئالماشلار دېيىلىدۇ.**

ئېنىقسىز ئالماشلار ئاساسەن سوئال ئالماشلىرىغا ۋە باشقا بەزى سۆزلەرگە ئايرىم ئېلېمېنتلارنى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: 1 . سوئال ئالماشلىرىغا «ئاللا» ئېلېمېنتىنى قوشۇش بىلەن «ئاللىقانداق، ئاللىكىم، ئاللىنىمە» دېگەندەك سۆزلەر؛

2 . < دۇ، تۇ > ئېلېمېنتىنى قوشۇش بىلەن «كىمدۇ؟ نىمدۇ؟ قاچاندۇ؟ قانداقتۇ؟ نىمشقىدۇ؟ نىمە ئۈچۈندۇ؟» دېگەندەك ئېنىقسىز (گۇمان) ئالماشلار ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: 1) ئىشىكنىڭ ئالدىدىن كىمدۇ بىرسى ئۆتۈپ كەتتى. 2) بۇ ئادەمنى قاچاندۇ بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن. 3) كوچىدىن قانداقتۇ كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. 4) ئابدۇلھەي مۇئەللىمگە ئاللىنىمىلەرنىدۇ دىمەكتە ئىدى.

3 . «بىر» سانى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن بەزى سۆزلەرمۇ بەلگىسىز ئالماش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا «بىر» سانى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ساناق سانلىق مەنىسىنى يوقىتىپ، قانداقتۇ نامەلۇم، بەلگىسىز، ئېنىقسىز مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: 1) يىراقتىن بىر نىمىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. 2) ئۇ ئوڭ قولىدا بىرنىمىنى كۆتىرىپ تۇراتتى.

**71 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئېنىقسىز (گۇمان) ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. كوچىدىن ئاللىكىملەرنىڭدۇ گۇدۇڭلاشقانلىرى، ئاللىقانداقتۇ بالىلارنىڭ قانداقتۇ بىر ئاھاڭدا ئېيتقان ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. 2 . بۇ سۇرەتلەر يەر يۈزىنى كۆزۈمگە كېڭەيتىپ كۆرسەتتى. قانداقتۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ شەھەرلەر بىلەن بىزەيتتى. ئاللىقانداق چىرايلىق دېڭىز بويلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتى. ھايات ئاجايىپ بىر تەرىقىدە كېڭىيىپ ئۇلغىياتتى. يەر يۈزى ئاللىقانداق سىرلىق بولۇپ كۆرۈنۈپ مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

(«ئوقۇشقا ھەۋەس» تىن)

3 . . . . قولىغا بومبا ئېلىپ قانداقتۇ بىر نىمىلەرنى دەپ توۋلاپ ئالغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . . . ئۇ يەنە قانداقتۇ بىر ناخشىنى ئوقۇيتتى («ياشلار، سىلەرنىڭ ياشلىق باھارىڭلار تېخىمۇ گۈزەل بولسۇن») .

## 8) بولۇشسىز ئالماشلار

**ئادەم ـ نەرسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇغىنى ئىنكار قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار بولۇشسىز ئالماشلار دېيىلىدۇ.**

بولۇشسىز ئالماشلار ئومۇمەن سوئال ئالماشلارغا ۋە بەزى سۆزلەرگە «ھىچ» سۆزىنى قوشۇش ئار-
ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ھىچكىم گەپ قىلماي ئولتۇردى. ھىچقانداق توسالغۇغا قارىماي ئالغا با-
سىمىز. مەكتەپ ئىچىدە ھىچبىر بالا كۆرۈنمەيتتى. ئەمدى بىز ھىچقاچان دەرت ـ ئەلەم چەكمەيمىز.

بولۇشسىز ئالماشلار كېلىش ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن: ئۇ بالا ھىچقاچان، ھىچكىمگە يالغان سۆزلىمەيدۇ. بىز ھىچكىمنىڭ ئەمگىگىنى ئاياق ئاستى قىلمايمىز.

**72 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالماشلارنىڭ

قايسى تۇرىگە كىرىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ، كۆرسىتىلگەن جەدۋەلگە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ كۆچۈرۈڭلار.

... مېنىڭ ئېسىمدە قالغان يۇرتۇم بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. ئۇ ماڭا خېلى ياخشىراق كۆرۈنەتتى. لېكىن مەن، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئەسلىگىنىمدە ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ كېلىشكەن جايلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئىنتىلگەن چېغىمدا، ئۇنىڭ غايەت چىرايلىق مەنزىرىسىنى ئېسىمگە كەلتۈرەلمەيتتىم ۋە سۆزمۇ قىلالمايتتىم. ھەرقانچە ئەسلىسەممۇ يەنە شۇنداقتەك، ئوچۇغىنى ئېيتسام مېنىڭ يۇرتۇم ئەسلى بۇرۇنقى ھالىتىدە بولۇپ، گەرچە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىسىمۇ، لېكىن مەن ئويلىغاندەك كۆڭۈللۈكمۇ ئەمەس ئىدى.

بۇ پەقەت مېنىڭ ئۆز كەيپىياتىمنىڭلا ئۆزگىرىشى ئىدى. چۈنكى بۇ قېتىمقى يۇرتۇمغا قايتىشتىكى سەپىرىم مېنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك سەپەر ئەمەس ئىدى.

مەن بۇ قېتىم يۇرتۇم بىلەن خوشلاشقىلى كېتىۋاتاتتىم. بىز ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئاتا - بوۋىمىز بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن كونا ئۆي - جايلىرىمىزنى ئالللىقاچان باشقا كىشىلەرگە سېتىۋەتكەن ئىدۇق. ئۆينى تاپشۇرۇپ بېرىش مۇددىتى پەقەت مۇشۇ يىل بولغانلىقى ئۈچۈن چاغان ئېيىدىن بۇرۇن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆي - جايلىرىمىزدىن ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلىشقا ۋە ئائىلىنىمۇ مەن خىزمەت قىلىۋاتقان يىراق يەرگە كۆچۈرۈپ كېتىشكە توغرا كېلەتتى.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە تۇغۇلغان ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ... بۇ يەردىكى بىز بىلەن بىر پەمىلىلىك بىرنەچچە ئۆيلۈك تۇققانلار ئالللىقاچان كۆچۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئېھتىمالىم، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ يەردە ئاجايىپ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. مەن ئۆز ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىگە بارغىنىمدا ئانام ئالللىقاچان مېنى قارشى ئېلىپ چىقىپ تۇرۇپتىكەن. ئارقىدىنلا 8 ياشلىق ئۇكام خۇڭ ئەر ئالدىمغا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقتى.

(لۇشۈن «يۇرتۇم» ھىكايىسىدىن)

| شەخسلىك ئالماشلار | كۆرسىتىش ئالماشلىرى | سوئال ئالماشلىرى | ئۆزلۈك ئالمىشى | ئومۇملۇق ئالماشلار | ئېنىقلاش ئالماشلىرى | ئېنىقسىز (گۇمان) ئالماشلار | بولۇشسىز ئالماشلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مەن ... | بۇ ... | قانچە ... | ئۆز ... | پۈتۈن ... | ھەرقانچە ... | ئالللىقاچان ... | ھېچقانداق ... |

**73 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى بولۇشسىز ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1 . بۇ قىزلار ھېچقانداق چېنىقىشلاردىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ھەقىقەتەن كۈچلۈك. 2 . ئۇ كىتاپ ئۇقۇمايدىغان ھورۇن بالا، شۇڭا ھېچنىمىنى بىلمەيدۇ. 3 . بۈگۈن ئۇ يەردە تۇرسۇندىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. 4 . ھېچقاچان يالغان سۆزلىمەسلىك لازىم. 5 . بىز ھېچكىمگە يالۋۇرۇپ كۈن كۆرمەيمىز، ھېچكىمدىن تىلەمچىلىك قىلمايمىز، بەلكى بىز ئۆز ئەمگىكىمىزگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىمىز، بەختلىك ياشايمىز.

**74 ـ كۆنۈكمە:** «ھېچكىم، ھېچنىمە، ھېچنەرسە» دېگەن بولۇشسىز ئالماشلارنى ئالدى بىلەن ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ 3 شەخسى بىلەن، ئاندىن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئېغىزچە تۈرلەڭلار.

## 3. ئالماشلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ۋە يېزىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلار جۈملىدە ھەرخىل ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ.

1 . ئالماشلار جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.مەسىلەن: 1) مەن تۇغۇلغان يۇرتۇمنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. 2) سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە كەلگىن. 3) ئاۋۇ ياسىننىڭ ئاكىسى.

2 . ئالماشلار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.مەسىلەن: 1) بۇ قويلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭكى. 2) بۇ باقىقا كۆچەتلەرنى تىككەنلەر بىز. 3) سىنى چاقىرغان مەن. 4) ھەممە ئىشنى قىلغان ئۆزەڭ.

3 . ئالماشلار جۈملىدە تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.مەسىلەن: 1) داۋۇت بۇنىڭدىن ئۈچ يىلچە ئىلگىرى ئوقۇغۇچى ئىدى. 2) ۋەتەن بىزنىڭ مېھرىۋان ئانىمىز، بىز ئۇنى چىن قەلبىمىزدىن سۆيىمىز. 3) بۇ بالا ئىزچىل ئەلا، ئۇچتە ياخشى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. 4) ئۇنداق ئادەملەرنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمەسلىك كېرەك. 5) مەن ئۇلارنىڭكىدە خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

يۇقۇرىدا مىساللارنىڭ 1 ـ ، 2 ـ جۈملىسىدىكى < بۇ، ئۇ > دىگەن ئالماشلار تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن؛ 3 ـ ، 4 ـ جۈملىدىكى < بۇ، ئۇنداق > دىگەن ئالماشلار ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن . 5 ـ جۈملىدىكى < ئۇلارنىڭكى > دىگەن ئالماش ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

ئالماشلارنىڭ يېزىلىشى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1 . بولۇشسىز ئالماشلار قوشۇپ يېزىلىدۇ.مەسىلەن: 1) ھېچكىم، ھېچقاچان، ھېچقايسى، ھېچنىمە، ھېچقانداق، ھېچبىر دېگەندەك.2) خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولمىسا، خەلقنىڭ ھېچنىمىسى بولمايدۇ.3) ئۇنىڭ ئىشلىگەن ھىساۋىنىڭ ھېچبىر خاتاسى يوق.

بىراق < ھېچ > دىگەن ئالماش ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كەلسە ئايرىپ يېزىلىدۇ.مەسىلەن: ھېچ ئادەم، ھېچ ئىش، ھېچ ۋەقە.

2 . ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن ئېنىقسىز ئالماشلار قوشۇپ يېزىلىدۇ.مەسىلەن: 1) بەزىبىر، قايسىبىر، ئاللىقانداق، ئاللىكىم، ئاللىنىمە، ئاللىقانداقتۇ ۋە باشقىلار.2) بەزىبىر كىشىلەر قىلچە نومۇس قىلماي يالغان گەپ تارقىتىپ، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. 3) ئۇلار يېقىن ئولتۇرۇپ ئاللىقانداقتۇ ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشماقتا ئىدى.

**75 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى مىساللاردىكى ئالماشلارنى تېپىپ چىقىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1 . ھەركىم ئۆزىگە بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. 2 . بۈگۈن بىزنىڭكىگە كەلسەڭ، بىرلىكتە تېلېۋىزور كۆرىمىز. 3 . يىراقتىن ئاللىقانداقتۇ بىر نىمە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. 4 . مەن «پولات قانداق تاۋلاندى؟» دىگەن كىنونى قىزىقىپ كۆردۈم. 5 . ئۇ «كۆكيۆن» ناملىق رومانىنى قىزىقىپ ئوقۇپ چىقىپتۇ. 6 . يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە چوڭ ئېرىق، بۇ تەرىپىدە ئالملىق باغ بار ئىدى. 7. بۇ باغدىكى مېۋىلەرنى تىكىپ ئۆستۈرگەن ئۆزىمىز. 8 . مۇشۇ ئالدىڭدا كۆرۈنگەن ئىدارە بىزنىڭكى. 9 . بىزنىڭ سىنىپنىڭ باللىرى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىكنى ئالدى. 10 . ھايات ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە، ھەر ـ بىر كىشى ئۇنى قەدىرلىشى لازىم.

# 11 ـ § . پېئىل

## 1. پېئىل توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچە

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بىرەر ئىش ـ ھەركىتى ۋە ھالىتى جەھەتتىكى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى پېئىل دېيىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئىشلىدى، سۆزلىدى، يۈگۈردى، ماڭدى، چېلىشتى، سەكرىدى، ئۈچتى، ئۆرلىدى.

پېئىل ئىش ـ ھەركەت ۋە ھالەت جەھەتتىكى بىرەر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. پېئىللاردىكى بۇنداق لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئاساسەن ئۇنى ھەركەت پېئىللىرى ۋە ھالەت پېئىللىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بۇ ھەركەت ۋە ھالەت ئادەتتە بىرەر شەخس ياكى نەرسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

پېئىللار جۈملىدە < نىمە قىلدى؟ نىمە قىلىدۇ؟ نىمە قىلىۋاتىدۇ؟ نىمە بولدى؟ نىمە بولىدۇ؟ نىمە بولۇۋاتىدۇ؟ نىمە بولغان؟ نىمە قىلىندى؟ > دىگەندەك سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com

1. باللار مەيداندا ۋالبول ئوينىدى. (نىمە قىلدى؟) 2 . ئارزۇگۈل ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. (نىمە قىلىۋاتىدۇ؟) 3. ئادىلجان ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. (نىمە قىلىۋاتىدۇ؟) 4 . مەنسۇر تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى. (نىمە بولدى؟) 5 . ئابدۇرىشىت چوڭ بولسا ئالىم بولىدۇ. (نىمە بولىدۇ؟) 6 . بىزنىڭ مەكتىۋىمىز نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىنىپ تەستىقلاندى. (نىمە قىلىندى؟)

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ:

1 . پېئىللار بولۇشلۇق، بولۇشسىز (بارلىق، يوقلۇق) خۇسۇسىيەتكە ئىگە.مەسلەن: كەلدىم، كەلمىدىم، بارىدۇ، بارمايدۇ.

2 . پېئىللار 3 زامانغا ۋە 3 شەخسكە ئىگە. مەسلەن: 1) ئوقۇغان، ئوقۇدۇم، ئوقۇۋاتىمەن، ئوقۇيمەن. 2) كۆرگەن، كۆردۈڭ، كۆرۈۋاتىمەن، كۆرىسەن . 3) بارغان، باردى، بېرىۋاتىدۇ، بارىدۇ.

3 . پېئىللار دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە. مەسلەن: 1) كۆردى، كۆرمەكتە، كۆرىدۇ. (ئېنىق دەرىجە) 2) كۆرۈندى، كۆرۈنمەكتە، كۆرۈنىدۇ. (ئۆزلۈك دەرىجە) 3) كۆرۈلدى، كۆرۈلمەكتە، كۆرۈلىدۇ. (مەجھۇل دەرىجە) 4) كۆرگۈزدى، كۆرگۈزمەكتە، كۆرگۈزىدۇ. (مەجبۇرى دەرىجە) 5) كۆرۈشتى، كۆرۈشۈشتى، كۆرۈشمەكتە، كۆرۈشىدۇ. (ئۆملۈك دەرىجە)

4 . پېئىللار ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە.مەسلەن: باش + لا = باشلا، سۆز + لە = سۆزلە، ياش + ار = ياشار، ياشاردى؛ كۆك + ەر = كۆكەر، كۆكەردى.

**76 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

بىر جۈپ قارىغاي ئېگىز چوققىدا
ئىسىل خىسلەت چاقنار تۇرقىدا.
******
يازدا كۆردۈم گۈلدۈرلەپ ئاسمان،
چاقماق چېقىپ سالاتتى ھەيۋە.
ئۇلار مەغرۇر تۇراتتى خۇددى،
قۇچاقلىشىپ بولۇپ بىرگەۋدە.

كۈزدە كۆردۈم: تاراسلاپ يامغۇر،
ئۇرۇلاتتى قامچىدەك گويا.
ئۇلار كۆككە تىرەپ بېشىنى،
شۇم جۇدۇنغا قىلمايتتى پەرۋاز.

قىشتا كۆردۈم: ئەگمەكچى بولۇپ،
شاخلىرىنى باسقان ئاق قارنى.
لېكىن يېشىل يوپۇرمىغىدىن،
قىشنى ئەمەس كۆردۈم باھارنى.
(رەخىم قاسىم)

# 2. تۈپ پېئىللار

**پېئىلنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى ئاڭلاتقان ۋە مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان قىسمى تۈپ پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسلەن: < ئوقۇماق، ئوقۇدۇم، ئوقۇغان، ئوقۇش، ئوقۇيدۇ، ئوقۇماقچى > دىگەن پېئىللارنىڭ تۈپى < ئوقۇ > دىگەن سۆزدۇر.

تۈپ پېئىل بۇيرۇق پېئىلنىڭ 2 ـ شەخسسى بولىدۇ.

مەسلەن: «يىغلىشقا كىچىكمەي كەل» دىگەن جۈملىدىكى «كەل» دىگەن سۆز ھەم تۈپ پېئىل، ھەم بۇيرۇق پېئىلنىڭ 2 ـ شەخسسى بولىدۇ.

**77 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەردىكى تۈپ پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

كۈن ئىسسىق، ماڭلايدىن تەرلەر ئېقىپ، ئاغزىڭغىمۇ، كۆزۈڭگىمۇ كىرىپ كېتىپ بارغان... شۇنداق ئىسسىق. ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئوما ئورۇيسىز، كەچكە يانىسەن. چاي ئىچە ـ ئىچمەستىنلا ئېغىناپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىسەن. قايسى ۋاقىتلاردا جاھانغا كۈلۈپ قاراپ چىرايلىق ئاي چىقىدۇ. ئاندىن سالقىندا ئوما ئورايلى دەپ يەنە ئومىغا چۈشسەن، ئەمما كېچىسى كۈندۈزگە قارىغاندا

ئوگايراق، لېكىن تاتلىق ئۇيقۇڭ قالدۇ. بۇغۇ ياخشى، ئەتىگەنلىگى كۆن يەرگە يورۇق چۈشۈرگەن چاغدا كۆزلىرىڭنى يىرىپ ئېچىپ ئۇمغا كېتىسەن. بۇ ئەتىگەنلىكتىكى ئۇيقۇنىڭ تاتلىقلىغىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇش تەس...

ئاپام: «قوپ، قوپ بالام، يالغۇز يېتىپ ئۇخلاش يامان» دەپ كۆڭلۈمگە قورقۇنچ سېلىپ قويىدۇ. ئاندىن قوپماي ئىلاجىڭ يوق... بىز شۇنداق ئەتىگەنكى سالقىندا ئۇيقۇ ئارىلاش ئوغاقلىرىمىزنى كۆتىرىپ ئۇمغا كېتىمىز... (ئۆمەر مۇھەممىدى «ئېغىر كۈنلەردە»دىن)

# 3. ياسالما پېئىللار ۋە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

**ئىسىملارغا ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ھەر خىل پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پېئىللارنى ياسالما پېئىل دەيمىز.**

مەسىلەن:

سۆز + لە = سۆزلە، سۆزلىدى. ئاق + لا = ئاقلا، ئاقلىدى. ماي + لا = مايلا، مايلىدى.

پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر ھەر خىل بولىدۇ.

1 . ئىسىملاردىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر

1) لا، لە

باش + لا = باشلا، ئۆي + لا = ئويلا ، ئوق + لا = ئوقلا ، ئىش + لە = ئىشلە

2) ئا، ئە

ياش + ا = ياشا، تۈن + ە = تۈنە، سان + ا = سانا، كۆچ + ە = كۆچە

3) قۇر، غۇر

باش + قۇر = باشقۇر، باشقۇرۇش، سۇ + غۇر = سۇغۇر، سۇغۇرۇش

4) لاش، لەش، داش، ئاش

ئورۇن + لاش = ئورۇنلاش، ئورۇنلاشتى. سۆز + لەش = سۆزلەش، سۆزلەشتى. مۇڭ + داش = مۇڭداش، مۇڭداشتى. ئىز + لەش = ئىزلەش، ئىزلەشتى. سان + اش = ساناش، ساناشتى.

5) سىرا، ست

سۇ + سىرا = سۇسىرا، سۇسىرىدى. ئۇيقۇ + سىرا = ئۇيقۇسىرا، ئۇيقۇسىرىدى. كەم + ست = كەمست، كەمستتى.

2 . سۈپەتلەردىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر لان، لەن، ئاي، ئەي، ئار، ئەر، ي

ياخشى + لان = ياخشىلان، ياخشىلاندى. تار + اي = تاراي، تارايماق، تارايدى. كەڭ + ەي = كەڭەي، كېڭەيمەك، كېڭەيدى. ئاق + ار = ئاقار، ئاقارماق، ئاقاردى.

**78 ـ كۆنۈكمە:** كۆرسىتىلگەن سۆزلەرگە بېرىلگەن قوشۇمچىلەرنىڭ لايىقلىرىنى قوشۇپ ياسالما پېئىل تۈزۈڭلار.

| | |
|---|---|
| 1 . ساق | 1 . ە |
| 2. كەس | 2 . لا |
| 3. ئات | 3 . لە |
| 4 . كۆك | 4 . ست |
| 5 . قىش | 5 . سىرا |
| 6 . تۈر | 6 . ئا |
| 7 . قاش | 7 . غۇر |
| 8 . سان | 8 . قۇر |
| 9 . سۇ | 9. ي |
| 10 . كەم | 10 . ەر |

**79 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى تۈپ پېئىللارنى ئاجرىتىپ يېزىپ كېلىڭلار.

«قەشقەر ھۈنەرۋەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي رىسالىلىرىدە كۆرسىتىلگەن قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىپ ھۈنەر قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ گىردە نانلىرى ئاناردەك قىزىرىپ تۇرىدۇ، ياققان سامسا، پەرمۇدىلىرى خۇددى ياغدا چاچراپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ، تەممۇ شۇنداق مەزىلىك...

ئىككى يولۇچىنى كۆرگەن دۇكانلارغا جان كىردى. ناۋايلار ئۆز نىنىغا، مانتىپەزلەر ئۆز مانتىسىغا، سامسا، گۆش گىردە ياققانلارمۇ ئۆز مىلىغا خېرىدار چىللاشقا باشلىدى: «پىيازنىڭ ئورۇقتىممەن، كاۋاپنىڭ بۇرۇقتىممەن، باغلاپ باققان پاخلاننىڭ ناۋاتتەك قۇيرۇقتىممەن، ياغ يەپ كەت، ياغ يەپ كەت، ماۋۇ گۆش گىردەڭنى يەپ كەت...!»

يىراق يولدىن كەلگەن يولۇچىلار دىماقلارنى يېرىپ تۇرغان مەزىلىك پۇراقلار بىلەن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قۇلاققا يېقىملىق ئاۋازلىرى ئىچىدىن قانداق بوسۇپ ئۆتۈپ كېتەلىسۇن؟ شۇڭا، ئۇلار تۆشۈك دەرۋازىسىدىكى سارايغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى، ئات ـ ئۇلاقلىرىنى جايلاشتۇرۇپ، باش ـ كۆزلىرىنى تۇمەن بويىدا يۇيۇپ كېلىپ، تويۇنۇپ تاماق يەپ ھاردۇق ئالدى.»

(خېۋىر تۆمۈر «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» دىن)

# 4. بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز پېئىللار

**ئىش ـ ھەركەتنىڭ ياكى ھالنىڭ بولىدىغانلىقىنى، بولۇۋاتقانلىقىنى، بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل بولۇشلۇق پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: 1 . ئوقۇۋاتىدۇ، ئوقۇدى، ئوقۇيدۇ.

ـ ئويۇن باشلىنىۋاتىدۇ، ـ دەپ غوغۇلدىشىدى.

ناننى كېچىچە يەتكۈزۈپ بېرىمىز. ئۇ يولنى ياخشى بىلىدۇ.

2 . خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانماقتا.

**بىرەر ئىش ـ ھەركەتنىڭ ياكى ھالنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، بولمىغانلىقىنى، بولمايۋاتـقانلىقىنى بىلدۈرگەن پېئىللار بولۇشسىز پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئوقۇمايۋاتىدۇ، ئوقۇمىدى، ئوقۇمايدۇ.

بولۇشسىز پېئىللار بولۇشلۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا < ما >، < مە > قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بولۇشسىز پېئىللارنىڭ قوشۇمچىلىرى تۈپ پېئىلغا قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: ماڭما، قورقما، بەرمە، سۆزلىمە، كەتمە، ئوينىما.

80 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ماقالىلاردىكى بولۇشلۇق پېئىللارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، بولۇشسىز پېئىللارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما، ھورۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەيدۇ. ئەل بار يەردە ئەر خار بولماس. باتۇرلۇق بىلەكتە ئەمەس، يۈرەكتە. جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق، ئىناق بولماي سائادەت يوق. ئۆملىشىپ قىلغان ئىش ئۈنۈمسىز قالمايدۇ. يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسا، دېڭى چىقماس.

81 ـ **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇلار بولۇشلۇق پېئىل بولسا بولۇشسىز پېئىلغا، بولۇشسىز پېئىل بولسا بولۇشلۇق پېئىلغا ئايلاندۇرۇڭلار ۋە ھەر بىرىگە جۈملە تۈزۈڭلار.

كەلدى، ماڭدى، سۆزلىدى، ئوقۇدى، ئۇخلىدى، راۋاجلاندۇردى، كۈلدى، گۈلدۈرلىدى، كىرمىدى، چىقمىدى، تۈگەتمىدى، ئۆملىدى، يۈگۈردى، ئاتتى، ياتتى، قوشتى.

# 5. پېئىل زامانلىرى

كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەركىتى زامان ـ ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، پېئىللارنىڭ زامانى نۇتۇق سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتنى ئاساس قىلىدۇ. شۇ ئاساس بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل زامانلىرى 3 كە بۆلۈنىدۇ:

1) ھازىرقى زامان؛ 2) ئۆتكەن زامان؛ 3) كەلگۈسى زامان.

## 1) ھازىرقى زامان

**ئش ـ هەركەتنىڭ گەپ قىلىنىۋاتقان ۋاقتنىڭ ئۆزىدە ئورۇنلىنىۋاتقانلىغىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى هازىرقى زامان پېئىللىرى دەيمىز.**

هازىرقى زامان پېئىللىرى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

(1) پېئىللارنىڭ هازىرقى زامانى ئۆتكەن زامان پېئىللىرىغا < يات (ۋات) > دىگەن پېئىلنى ۋە شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مۇنداق ياسالغان پېئىللاردىكى < يات > دىگەن پېئىل < ۋات > شەكلىگە ئۆزگىرىپ (پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى < پ > تاۋۇشى < ۋ > تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىپ، < يات > دىگەن پېئىلنىڭ بېشىدىكى < ي > تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ.

مەسىلەن: كۆرۈپ + يات + مىدۇ = كۆرۈۋاتىدۇ. كۆرۈپ + يات + مەن = كۆرۈۋاتىمەن. كۆرۈپ + يات + سەن = كۆرۈۋاتىسەن.

(2) پېئىللارنىڭ هازىرقى زامانى ئۆتكەن زامان هال پېئىللىرىغا ياندىشىپ كەلگەن هازىرقى زامان هال پېئىلىغا شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: مەن كېتىپ بارىمەن، ئۇ كېتىپ بارىدۇ، سەن كۈتۈپ تۇرۇپسەن.

(3) پېئىللارنىڭ هازىرقى زامانى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < ماقتا >، ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < مەكتە > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار پېئىلدا ئېيتىلغان ئىش ـ هەركەتنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىغىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇشىمىزنىڭ ساپاسى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانماقتا. دۆلىتىمىزنىڭ چارۋىچىلىغى كۈنساناپ راۋاج تاپماقتا.

## 2) ئۆتكەن زامان

**ئش ـ هەركەتنىڭ گەپ قىلىنىۋاتقان ۋاقتتىن بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەنلىگىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ئۆتكەن زامان پېئىللىرى دەيمىز.**

ئۆتكەن زامان پېئىللىرى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

(1) سوزۇق تاۋۇش بىلەن هەم جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان، لەۋلەشمىگەن بوغۇملۇق پېئىللارغا < دىم، دۇق، دىڭلار، دى >، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا < تىم، تىڭ، تىڭلار، تى > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئويلا + دىڭ = ئويلىدىڭ، ئىشلە + دىم = ئىشلىدىم.
ئويلا + دىم = ئويلىدىم، ئىشلە + دىڭ = ئىشلىدىڭ
ئويلا + دۇق = ئويلىدۇق، ئىشلە + دۇق = ئىشلىدۇق.
ئويلا + دىڭلار = ئويلىدىڭلار، ئىشلە + دىڭلار = ئىشلىدىڭلار
ئويلا + دى = ئويلىدى، ئىشلە + دى = ئىشلىدى.
ياز + دىم = يازدىم، ياز + دۇق = يازدۇق.
ياز + دىڭلار = يازدىڭلار، ياز + دى = يازدى.
كەت + تىم = كەتتىم، كەت + تىڭ = كەتتىڭ.
كەت + تۇق = كەتتۇق، كەت + تىڭلار = كەتتىڭلار.
كەت + تى = كەتتى.

(2) جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان، ئاخىرى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇم بىلەن كەلگەن لەۋلەشكەن بولۇشلۇق پېئىللارغا < دۇم، دۇڭ، دۇق، دۇڭلار، دى > قوشۇمچىلىرىنى هەم بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشكەن، ئىككىنچى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن، ئاخىرى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇم بىلەن كەلگەن بولۇشلۇق پېئىللارغا < دىم، دۇق، دىڭ، دىڭلار، دى > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن:بول ـ بولدۇم، بولدۇڭ، بولدۇق، بولدۇڭلار، بولدى. كولا ـ كولىدىم، كولىدىڭ، كولىدۇق، كولىدىڭلار، كولىدى.

(3) سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان هەم جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < غان >، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < گەن >، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < قان >، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق

پېئىللارغا < كەن > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن: مەن بۇ خەتنى تونۇگۇن يازغان. ئۇ يېزىغا ئۆتكەن ئايدا كەلگەن. بۇ ھېكايىنى ئۆمەر مۇھەممەدى يازغان. مامۇت ئۆتكەن يىل قايتقان. تەۋەككۇل بۇلتۇر كەتكەن.

(4) ئۆتكەن زامان پېئىلى < غان، گەن، قان، كەن > قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن پېئىللارغا < ئىدى > ئوخشاش ياردەمچى پېئىللارنىڭ ياندىشىپ كېلىشى ئارقىلىقمۇ ياسىلىدۇ.مەسىلەن: كەل - كەلگەن ئىدى. ياز - يازغان ئىدى. كەت - كەتكەن ئىدى. ئۇچ - ئۇچقان ئىدى.

## 3) كېلىدىغان زامان پېئىلى

**ئىش - ھەركەتنىڭ گەپ قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى كېلىدىغان زامان پېئىلى دەيمىز.**

كېلىدىغان زامان پېئىللىرى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

(1) ھازىرقى زامان ھال پېئىللىرىغا شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن:يازا + مەن = يازىمەن. ئىشلەي + مەن = ئىشلەيمەن.يازا + سەن = يازىسەن، ئىشلەي + سەن = ئىشلەيسەن.يازا + دۇ = يازىدۇ، ئىشلەي + دۇ = ئىشلەيدۇ.

(2) سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا < ر >، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < ئار >، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < ئەر > قوشۇمچىلىرى بىلەن 1- ۋە 2- شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: تاشلا - تاشلارمەن، تاشلارسەن تاشلار.بار - بارارمەن، بارارسەن، بارار.كەل - كېلەرمەن، كېلەرسەن، كېلەر.

(3) تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < ماقچى > تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < مەكچى > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: بار - بارماقچى، بارماقچىمەن.كەل - كەلمەكچى، كەلمەكچىسەن.

**82 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللاردىن كېلىدىغان زامان. ھازىرقى زامان ۋە ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنى ياساپ بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

كەت، بار، تېز، ئىشلە، كۆزلە، ياز، كۈل.

**83 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنى ھازىرقى زامان پېئىللىرىغا ئايلاندۇرۇڭلار.

نىزامىدىننىڭ قولى پېشىلدى. ئىككىسى ئىككى ئاتقا مىنىپ قاش دەرياسى بويىدىكى قويۇق جاڭگاللىققا كىرىپ كەتتى. بۇ جاڭگاللىق بىلەن ئىلقا يولىغا چىققىلى بولاتتى.

سارۇچىندا بولۇنغان ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ يولغا چىققان توققۇزتارا ناھىيىلىك ساقچىنىڭ سارۇچىن پونكىتىدىكى ئىككى ئاتلىق چېرىك ئاتلىرىنى قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ ياماتۇ كېمە بويىغا يېتىپ كەلدى. قاراۋۇلدىن ئۇ ئىككىسىنى سۈرۈشتۈردى. ھىلىقى ئوفىتسىر چىقىپ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ چىرايلىرى جىددىلەشتى، تېپىرلاپ ئۇياق - بۇياققا يۈگۈردى:

- ھازىر ماڭىدى. ھازىر دەرھال يېتىۋېلىشقا بولىدۇ، قارا، بۇ ئوغرىلارنىڭ بىزنى ئالدىغىنىنى. . .

كېمە بويىدا ئۆپۈر - تۆپۈر ۋە ئالاقزادىلىك باشلىنىپ كەتتى. ئىككى چېرىككە يەنە ئىككى ئاپتومات ئاسقان ئاتلىق ئەسكەر قوشۇلدى. ئۇلار ناھايىتى ئالدىراشچىلىقتا كېمىدىن چۈشتى - دە، ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى.

ئىز قوغلاپ چىققان ئاتلىقلار چوڭ يول بىلەن ئاتلىرىنى تاراسلىتىپ ئۇدۇل شەھەرگە قاراپ كېتىپ قالدى. (ئابدۇراخمان قاھار «ئىلى دولقۇنلىرى» دىن)

**84 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللارنى شەخس، زامانلار بىلەن تۈرلەپ ھەر-بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار. ئوقۇ، ياز، ئىشلە، سۆزلە، تەر، چاپ .

# 6. پېئىللارنىڭ زامان، شەخس ھەم سانلار بىلەن تۈرلىنىشى

ئادەتتە بىرەر ئىش-ھەركەتنىڭ ئورۇنلىنىشى بىرەر شەخسكە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ شەخس-

ـلەرنىڭ قانداق شەخسلەر ئىكەنلىگى پېئىلنىڭ شەكلى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ شەخسلىرى سۆزلىگۈچى، تىڭشىغۇچى، ئۆزگە دەپ 3 شەخسكە بۆلۈنىدۇ.

سۆزلىگۈچى ـ ئىش ـ ھەركەتنىڭ ياكى ھالەتنىڭ بىرىنچى شەخس تەرىپىدىن ئورۇنلانغان ياكى ئورۇنلانمىغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: مەن ئوقۇدۇم. مەن كېلىمەن. مەن يېزىۋاتىمەن.

تىڭشىغۇچى ـ ئىش ـ ھەركەتنىڭ ياكى ھالەتنىڭ ئىككىنچى شەخس تەرىپىدىن ئورۇنلىنىۋاتقان ياكى ئورۇنلانمايۋاتقانلىغىنى، ئورۇنلانغان ياكى ئورۇنلانمىغانلىغىنى، ئورۇنلىنىدىغان ياكى ئورۇنلانـ ـمايدىغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ.مەسىلەن: سەن ئىشلىدىڭ. سەن يازدىڭ. سەن ئوقۇيسەن. سەن بارىسەن. سەن يېزىۋاتىسەن. سەن كۈلۈۋاتىسەن.

ئۆزگە ـ ئىش ـ ھەركەتنىڭ ياكى ھالەتنىڭ ئۈچىنچى شەخس تەرىپىدىن ئورۇنلانغان ياكى ئورۇنلانمىغانلىغىنى، ئورۇنلىنىۋاتقان ياكى ئورۇنلانمايۋاتقانلىغىنى، ئورۇنلىنىدىغان ياكى ئورۇنلانمايدىـ ـغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئىشلىدى. ئۇ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ كېلىدۇ.

پېئىللارنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك ساندا قوللىنىلىشى شەخسلەرنىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈك ساندا كېلىشىگە باغلىق.

بىرلىك ساندا كەلگەن پېئىللار ئىش ـ ھەركەتنىڭ ياكى ھالەتنىڭ بىرلا ئادەمگە خاس، باغلىنىشلىق ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ.مەسىلەن: مەن يازىمەن. سەن ئوقۇدۇڭ. ئۇ كەلدى.

كۆپلۈك ساندا كەلگەن پېئىللار ئىش ـ ھەركەتنىڭ ياكى ھالەتنىڭ ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەرگە خاس، باغلىنىشلىق ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ.مەسىلەن: بىز ئىشلەيمىز. سىلەر ئوقۇڭلار. ئۇلار ئوينىدى. پېئىللاردا 3ـ شەخسنىڭ قوشۇمچىلىرى بىرلىك ھەم كۆپلۈككە ئوخشاش بولىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ كەتتى. ئۇلار كەتتى.
ئۇ كەلدى. ئۇلار كەلدى.

**85 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قايسى شەخستە كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

## گۈل زېمىن

پاھ، گۈلدىن ياسالغان زېمىنمىدۇ ـ بۇ! تاغلىرى گۈل، باغلىرى گۈل، ئېتىزلىرى گۈل.... ھەتتا كىشىلەرنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىمۇ گۈل... مەن توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ موخۇر دەپ ئاتىلىدىغان بىر جىلغىسىدا كېتىپ بېرىپ شۇنداق ئويلىدىم.

ئەتراپ ئۇستا رەسسام سىزغان گۈزەل رەسىمدەك كۆركەم ئىدى...

جىلغىنىڭ سول تەرىپىدە، چىمەنزار قىرغاقلارنى سۆيۈپ ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى، ئېقىن بويلاپ ئۆسكەن ئەۋرىشىم تالى مەجنۇنلار، قېيىن، تېرەك ۋە باشقا دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تەبىئى گىرەلىشىپ ئۆسۈشى ۋە قەدىمىيلىغى كىشىگە قانداقتۇ خيالىي تەسەۋۋۇرلاردىكى پەرىشتىلەر ۋە ھۆرى ـ غىلمانلارنىڭ خاس سەيلىگاھىنى ئەسلىتەتتى... يىراق ـ يىراقلارغا كۆز تىككىنىمدە، جۇلالىنىپ تۇرغان تاغ گۈللىرىنى كۆرۈپ، ھەسەن ـ ھۈسەن مۇشۇ گۈل ـ زېمىنىنىڭ كۆكتىكى ئەكسى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم، تۇرۇپ يەنە پۈتۈن جاھاندا توقۇلۇۋاتقان زىلچا ـ گىلەم، دۇردۇن ـ ئەتلەسلەرگە، جۈملىدىن پۈتۈن گۈزەللىككە تەبىئەت ئەنداز بولسۇن، دەپ تەقدىر بۇ زېمىننى شۇنداق كۆركەم كەشتىلەپ چىققانمىكىن، دىگەننى خيالىمدىن ئۆتكۈزدۇم... ياق، يەنە باشقىچە ئويلىدىم، بىلەمسىلەر؟ بۇنىڭدىكى شەپەقتەك تاۋلىنىپ ياتقان قىزىل چوغلۇقلار ـ ئاخشام تۆكۈلگەن، تېخى سوۋۇپ پۈتمىگەن قىزىل قانلار... ئاق قاردەك يېيىلىپ ياتقان بىپايان گۈل ـ چېچەكلەر ـ بوۋام سادىر، مومام نۇزۇگۇمدەك جاھالەتكە قارشى تىغ كۆتەرگەن گۇناسىز قۇربانلارنىڭ جەسىدىگە يېپىلغان يوپۇق، باشقا رەڭگا ـ رەڭ گۈل ـ چېچەكلەر ـ ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇلۇغلاپ قەۋرىگە قويۇلغان گۈلدەستىلەر...

گۈل زېمىن! ئېخ ئانا زېمىن، مەنمۇ قۇچىغىڭنى بېزەپ تۇرغان رەڭگا ـ رەڭ گۈللەرنىڭ بىرسى بولۇپ ئېچىلىپ ئۆتسەم، دىلىمدا نىمە ئارمان قالاتتى ـ ھە!... («تىيانشانغا سەپەر» دىن)

**86 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللارنى بىرلىك ـ كۆپلۈك ساندا، 3 زاماندا ۋە 3 شەخستە

تۆرلەڭلار. ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

قارا، چىق، ئوقۇ، ئال، تېز، كەل، بىل، قىل، ياشا، گۈل، باغلا.

**87 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ ھەر ـ بىر مىسرا ئاخىرىدىكى پېئىللارنى ئۈچ شەخس بىلەن تۆرلەڭلار.

قارا بۇلۇتلار ئۈچرىشىپ چاقماقلار چاقسۇن،
مۆلدۈرلەر يېغىپ دەريالار سەل بولۇپ ئاقسۇن.
چىش ھىڭگايتىپ، ئەجەللەر ئالىيىپ، باقسۇن،
مەنزىل توساپ جاڭگاللار كۆكرىگىن ياقسۇن،
شۇ چاغدىمۇ ۋەتەن ئەلا، خەلق ئەلا.

دېڭىزلار ئۇيقۇن ياساپ قىرغاقتىن تاشسۇن،
جاھان قاپساپ جۇت ـ بورانلار ھەددىدىن ئاشسۇن،
تاغلار ئۆرۈلۈپ ئۆتكۈل يوللارنى باسسۇن،

يولدا پۇتلاش، ـ ئەجدىھار لۆجىلەر ياتسۇن،
يەنە بەربىر ۋەتەن ئەلا، خەلق ئەلا.

مىليون ئېغىر قورال ـ توپلار بىردىن ئېتىلسۇن،
زەھەر گازلار، ئىس ـ تۈتەكلەر، ھەر يان چېچىلسۇن،
ئالدا چەكسىز جەڭ ـ جىدەل مەيدان ئېچىلسۇن،
سىناشتا تەقدىرنىڭ تۈگۈنلىرى يېشىلسۇن،
مەيلى ئوخشاش ۋەتەن ئەلا، خەلق ئەلا.

(ل . مۇتەللىپ «ۋەتەن ئەلا، خەلق ئەلا» دىن)

لەۋلەشكەن بىر ھەم ئىككى بوغۇملۇق پېئىللارنىڭ تۆرلىنىش ئۈلگىسى

ھازىرقى زامان

| شەخسلەر | بىرلىك سان | | كۆپلۈك سان | |
|---|---|---|---|---|
| | ماڭ | سۆزلە | ماڭ | سۆزلە |
| 1 ـ | ماڭـ+ـىۋاتىمەن | سۆزلە+ ۋاتىمەن | ماڭـ+ ـىۋاتىمىز | سۆزلە+ ۋاتىمىز |
| 2 ـ | ماڭـ +ـىۋاتىسەن | سۆزلە+ ۋاتىسەن | ماڭـ+ ـىۋاتىسىلەر | سۆزلە + ۋاتىسىلەر |
| | ماڭـ +ـىۋاتىسىز | سۆزلە +ۋاتىسىز | ماڭـ+ـىۋاتىسىزلەر | سۆزلە + ۋاتىسىزلەر |
| 3 ـ | ماڭـ +ـىۋاتىدۇ | سۆزلە+ ۋاتىدۇ | ماڭـ+ـىۋاتىدۇ | سۆزلە + ۋاتىدۇ |

ئۆتكەن زامان

| شەخسلەر | بىرلىك سان | | كۆپلۈك سان | |
|---|---|---|---|---|
| | ماڭ | سۆزلە | ماڭ | سۆزلە |
| 1 ـ | ماڭـ+ـدىم | سۆزلە + دىم | ماڭـ+ ـدۇق | سۆزلە+ دۇق |
| 2 ـ | ماڭـ +ـدىڭ | سۆزلە + دىڭ | ماڭـ+ ـدىڭلار | سۆزلە + دىڭلار |
| | ماڭـ +ـدىڭىز | سۆزلە +دىڭىز | ماڭـ+ـدىڭىزلار | سۆزلە + دىڭىزلار |
| 3 ـ | ماڭـ +ـدى | سۆزلە + دى | ماڭـ+ـدى | سۆزلە + دى |

كېلىدىغان زامان

| شەخسلەر | بىرلىك سان | | كۆپلۈك سان | |
|---|---|---|---|---|
| | ماڭ | سۆزلە | ماڭ | سۆزلە |
| 1 ـ | ماڭـ+ـىمەن | سۆزلە + يمەن | ماڭـ+ ـىمىز | سۆزلە+ يمىز |
| 2 ـ | ماڭـ+ـىسەن | سۆزلە + يسەن | ماڭـ+ ـىسىلەر | سۆزلە + يسىلەر |
| | ماڭـ+ ـىسىز | سۆزلە +يسىز | ماڭـ+ـىسىزلەر | سۆزلە + يسىزلەر |
| 3 ـ | ماڭـ+ـىدۇ | سۆزلە + يدۇ | ماڭـ+ـىدۇ | سۆزلە + يدۇ |

لەۋلەشكەن بىر بوغۇملۇق ۋە بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشكەن، ئىككىنچى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن ئىككى بوغۇملۇق ھەم ئىككىلا بوغۇمى لەۋلەشكەن پېئىللارنىڭ تۆرلىنىش ئۈلگىسى

ھازىرقى زامان

www.uyghurkitap.com

| شەخسلەر | بىرلىك سان | | | |
|---|---|---|---|---|
| | تۈر | كۆر | كۆيلە | قۇتقۇز |
| 1 ـ | تۈر + ۋۇاتىمەن | كۆر + ۋۇاتىمەن | كۆيلە + ۋاتىمەن | قۇتقۇز + ۋۇاتىمەن |
| 2 ـ | تۈر + ۋۇاتىسەن | كۆر + ۋۇاتىسەن | كۆيلە + ۋاتىسەن | قۇتقۇز + ۋۇاتىسەن |
| | تۈر + ۋۇاتىسىز | كۆر + ۋۇاتىسىز | كۆيلە + ۋاتىسىز | قۇتقۇز + ۋۇاتىسىز |
| 3 ـ | تۈر + ۋۇاتىدۇ | كۆر + ۋۇاتىدۇ | كۆيلە + ۋاتىدۇ | قۇتقۇز + ۋۇاتىدۇ |

هازىرقى زامان

| شەخسلەر | كۆپلۈك سان | | | |
|---|---|---|---|---|
| | تۈر | كۆر | كۆيلە | قۇتقۇز |
| 1 ـ | تۈر + ۋۇاتىمىز | كۆر + ۋۇاتىمىز | كۆيلە + ۋاتىمىز | قۇتقۇز + ۋۇاتىمىز |
| 2 ـ | تۈر + ۋۇاتىسىلەر | كۆر + ۋۇاتىسىلەر | كۆيلە + ۋاتىسىلەر | قۇتقۇز + ۋۇاتىسىلەر |
| | تۈر + ۋۇاتىسىزلەر | كۆر + ۋۇاتىسىزلەر | كۆيلە + ۋاتىسىز | قۇتقۇز + ۋۇاتىسىزلەر |
| 3 ـ | تۈر + ۋۇاتىدۇ | كۆر + ۋۇاتىدۇ | كۆيلە + ۋاتىدۇ | قۇتقۇز + ۋۇاتىدۇ |

ئۆتكەن زامان

| شەخسلەر | بىرلىك سان | | | |
|---|---|---|---|---|
| | تۈر | كۆر ، تۈز | ئويلا ، كۆيلە | قۇتقۇز، كۆرسەت |
| 1 ـ | تۈر + دۇم | كۆر + دۇم | ئويلـ+ـدىم | قۇتقۇز + دۇم |
| | | تۈز + دۇم | كۆيلـ + ـدىم | كۆرسەتـ + ـتىم |
| 2 ـ | تۈر + دۇڭ | كۆر + دۇڭ | ئويلـ+ـدىڭ | قۇتقۇز + دۇڭ |
| | | تۈز + دۇڭ | كۆيلـ + ـدىڭ | كۆرسەتـ + ـتىڭ |
| | تۈر+ دىڭىز | كۆر + دىڭىز | ئويلـ+ـدىڭىز | قۇتقۇز + دىڭىز |
| | | تۈز + دىڭىز | كۆيلـ + ـدىڭىز | كۆرسەتـ + ـتىڭىز |
| 3 ـ | تۈر + دى | كۆر + دى | ئويلـ+ـدى | قۇتقۇز + دى |
| | | تۈز + دى | كۆيلـ + ـدى | كۆرسەتـ + ـتى |

ئۆتكەن زامان

| شەخسلەر | كۆپلۈك سان | | | |
|---|---|---|---|---|
| | كۆر | قوش ، كۆچ | ئويلا ، كۆزلە | قۇتقۇز، كۆرسەت |
| 1 ـ | كۆر+ دۇق | قوشـ + ـتۇق | ئويلـ+ـدۇق | قۇتقۇز + دۇق |
| | | كۆچـ +ـتۇق | كۆزلـ + ـدۇق | كۆرسەتـ + ـتۇق |
| 2 ـ | كۆر+ دۇڭلار | قوشـ + ـتۇڭلار | ئويلـ+ـدىڭلار | قۇتقۇز + دۇڭلار |
| | | كۆچـ +ـتۇڭلار | كۆزلـ + ـدىڭلار | كۆرسەتـ + ـتىڭلار |
| | كۆر+ دىڭىزلار | قوشـ + ـتىڭىزلار | ئويلـ+ـدىڭىزلار | قۇتقۇز + دىڭىزلار |
| | | كۆچـ +ـتىڭىزلار | كۆزلـ + ـدىڭىزلار | كۆرسەتـ + ـتىڭىزلار |
| 3 ـ | كۆر+ دى | قوشـ + ـتى | ئويلـ+ـدى | قۇتقۇز + دى |
| | | كۆچـ +ـتى | كۆزلـ + ـدى | كۆرسەتـ + ـتى |

كېلىدىغان زامان

| شە | بىرلىك سان |
|---|---|

| | كۆر | قوش ، كۆچ | ئۆيلا ، كۆيله | قۇتقۇز، كۆرسەت |
|---|---|---|---|---|
| 1 ـ | كۆر+ىمەن | قوشـ + ـىمەن | ئۆيلا+ يمەن | قۇتقۇز + ىمەن |
| | | كۆچـ +ـىمەن | كۆيله + يمەن | كۆرستـ + ـىمەن |
| 2 ـ | كۆر+ىسەن | قوشـ + ـىسەن | ئۆيلا+يسەن | قۇتقۇز + ىسەن |
| | | كۆچـ +ـىسەن | كۆيله + يسەن | كۆرستـ + ـىسەن |
| | كۆر+ىسىز | قوشـ + ـىسىز | ئۆيلا+يسىز | قۇتقۇز + ىسىز |
| | | كۆچـ +ـىسىز | كۆيله + يسىز | كۆرستـ + ـىسىز |
| 3 ـ | كۆر+ ىدۇ | قوشـ + ـىدۇ | ئۆيلا+يدۇ | قۇتقۇز + ىدۇ |
| | | كۆچـ +ـىدۇ | كۆيله + يدۇ | كۆرستـ + ـىدۇ |

كېلىدىغان زامان

| شەخسلەر | كۆپلۈك سان | | | |
|---|---|---|---|---|
| | كۆر | قوش ، كۆچ | ئۆيلا ، سۆزله | قۇتقۇز، كۆرسەت |
| 1 ـ | كۆر+ ىمىز | قوشـ + ـىمىز | ئۆيلا + يمىز | قۇتقۇز + ىمىز |
| | | كۆچـ +ـىمىز | سۆزله + يمىز | كۆرستـ + ـىمىز |
| 2 ـ | كۆر+ ىسىلەر | قوشـ + ـىسىلەر | ئۆيلا + يسىلەر | قۇتقۇز + ىسىلەر |
| | | كۆچـ +ـىسىلەر | سۆزله + يسىلەر | كۆرستـ + ـىسىلەر |
| | كۆر+ ىسىزلەر | قوشـ + ـىسىزلەر | ئۆيلا + يسىزلەر | قۇتقۇز + ىسىزلەر |
| | | كۆچـ +ـىسىزلەر | سۆزله + يسىزلەر | كۆرستـ + ـىسىزلەر |
| 3 ـ | كۆر+ ىدۇ | قوشـ + ـىدۇ | ئۆيلا + يدۇ | قۇتقۇز + ىدۇ |
| | | كۆچـ +ـىدۇ | سۆزله + يدۇ | كۆرستـ + ـىدۇ |

## 7. پېئىللارنىڭ زامان، شەخسلەر بىلەن تۈرلەنگەندە يېزىلىشى

1 . لەۋلەشكەن بىر بوغۇملۇق، ئىككى بوغۇملۇق پېئىللار ھازىرقى زامان بىلەن تۈرلەنگەندە، پېئىللارنىڭ تۈمۈرىدىن كېيىن لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش يېزىلىدۇ. شەخس قوشۇمچىلىرى ئالدىدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش « ئە (ە)» يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

قوش ـ قوشۇۋاتىمەن، قوشۇۋاتىسەن، قوشۇۋاتىدۇ.
تۆك ـ تۆكۈۋاتىمەن، تۆكۈۋاتىسەن، تۆكۈۋاتىدۇ.
قوي ـ قويۇۋاتىمەن، قويۇۋاتىسەن، قويۇۋاتىدۇ .

2 . بولۇشسىز پېئىللارنى ئۆتكەن زامان بىلەن تۈرلىگەندە، بىرلىك سان 1 ـ ، 2 ـ شەخستە < دىم، دىڭ > قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ، كۆپلۈك سان 1 ـ شەخستە < دۇق >، 2 ـ شەخستە < دىڭلار > قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. 3 ـ شەخس بىرلىك، كۆپلۈك ساندا < دى > قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

بولما + دىم ـ بولمىدىم. كۈلمە + دىم = كۈلمىدىم.
بولما + دۇق = بولمىدۇق، كۈلمە + دۇق = كۈلمىدۇق.
بولما + دىڭلار = بولمىدىڭلار، كۈلمە + دىڭلار ـ كۈلمىدىڭلار.
بولما + دى = بولمىدى، كۈلمە + دى ـ كۈلمىدى.
كۈلمە + دىم = كۈلمىدىم. كۈتمە + دۇق = كۈتمىدۇق. كۈتمە + دىڭلار = كۈتمىدىڭلار. كۈتمە + دى ـ كۈتمىدى.

3 . بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشكەن، ئىككىنچى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن ھەم ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللار ھازىرقى ھەم كېلىدىغان زامان بىلەن تۈرلەنگەندە، ئىككىنچى بوغۇمىدىكى < ئا، ئە > تاۋۇشلىرى < ئە (ە) > تاۋۇشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

كۆرسەت ـ كۆرستىۋاتىمەن، كۆرستىمەن، كۆرستىۋاتىدۇ. ئويلان ـ ئويلىنىمەن، ئويلىنىسەن، ئويلىنىدۇ.

4 . بىرىنچى بوغۇمدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن، ئىككىنچى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا ئۆتكەن زامان 1 ـ ،2 ـ ۋە 3 ـ شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، ئىككىنچى بوغۇمنىڭ ئاخىرىدىكى < ئا، ئە > سوزۇق تاۋۇشلىرى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش < ئى (ە) > بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

كولا ـ كولىدىم، كولىدۇق، كولىدى. كولا ـ كولىدىڭ، كولىدىڭلار. كولا ـ كولىدى. سۆزلە ـ سۆزلىدىم، سۆزلىدۇق، سۆزلىدىڭ، سۆزلىدى.

5 . بىرىنچى بوغۇمدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش، ئىككىنچى بوغۇمدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش كېلىپ، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارنى ھازىرقى ۋە كېلىدىغان زامان بىلەن تۈرلىگەندە، ئىككىنچى بوغۇمىدىكى لەۋلەشمىگەن < ئا، ئە > سوزۇق تاۋۇشلىرى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش < ئى (ە) > بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ھازىرقى زامان

كۆرسەت ـ كۆرستىۋاتىمەن، كۆرستىۋاتىسەن، كۆرستىۋاتىدۇ.

ئويلان ـ ئويلىنىۋاتىمەن، ئويلىنىۋاتىسەن، ئويلىنىۋاتىدۇ.

كېلىدىغان زامان

كۆرسەت ـ كۆرستىمەن، كۆرستىسەن، كۆرستىدۇ.

ئويلان ـ ئويلىنىمەن، ئويلىنىسەن، ئويلىنىدۇ.

6 . بىرىنچى بوغۇم لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش، ئىككىنچى بوغۇمدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن، ياكى ئىككىلا بوغۇمدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن پېئىللارنى ھازىرقى زامان بىلەن تۈرلىگەندە، پېئىل تۈمۈرى بىلەن شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا < ئۇ، ئۈ > قاتارلىق لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار كېلىدۇ، كېلىدىغان زامان بىلەن تۈرلىگەندە بولسا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا < ئى (ە) > سوزۇق تاۋۇشى كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھازىرقى زامان

يازدۇر ـ يازدۇرۇۋاتىمەن، يازدۇرۇۋاتىسەن، يازدۇرۇۋاتىدۇ.

كۈلدۈر ـ كۈلدۈرۈۋاتىمەن، كۈلدۈرۈۋاتىسەن، كۈلدۈرۈۋاتىدۇ.

كېلىدىغان زامان

يازدۇر ـ يازدۇرىمەن، يازدۇرىسەن، يازدۇرىدۇ.

كۈلدۈر ـ كۈلدۈرىمەن، كۈلدۈرىسەن، كۈلدۈرىدۇ.

7 . بىرىنچى بوغۇمدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن، ئىككىنچى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا < ما، مە > قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، پېئىللارنىڭ ئاخىرىدىكى لەۋلەشمىگەن < ئا، ئە > سوزۇق تاۋۇشلىرى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش < ئى (د، ە) > بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

مەسىلەن: سورا ـ سورىما، سورىماي. ئوخلا ـ ئوخلىما، ئوخلىماي. سۆزلە ـ سۆزلىمە، سۆزلىمەي.

**88 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۈچ زاماندا ئېغىزچە تۈرلەڭلار.

ياز، قوي، كۈل، تۆك، كۆچ، ئال، تارا، ئويلا، سۆزلە.

**89 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قانداق زاماندا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈڭلار.

«...ئىككى قىرغىقى پىچاقتا كەسكەندەك تىك يارلىق چوڭقۇر سايدىن تومۇزنىڭ ئىسسىقىنى بېسىپ، ساپ، سالقىن شامال سوقۇپ تۇراتتى. يارنىڭ سۇ يالاپ تۇرغان تۆۋەنكى قىرغاقلىرىنى ياۋا كۆكتاتلار قاپلاپ كەتكەن ئىدى. سايغا يېيىلىپ، كىچىك چىمەنلىك ئارالچىلارنى ھاسىل قىلىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ قۇياش نۇرىدا يالتىراپ جىمىرلايتتى...»

تۆۋەنگە قاراپ بىرئاز ماڭغىنىمىزدىن كېيىن يارنىڭ ئۆپۈرۈلگەن يېرىدىن چۈشۈپ كەتكەن يىلان

باغرى يولغا دۇچ كەلدۇق. يول بىزنى مەخمەلدەك يۇمشاق چىمەنلىككە ئېلىپ كەلدى. ساينىڭ ئىچى ئەمدى ماڭا قاراڭغۇلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. چوخچىيىپ چىقىپ قالغان سىلىق تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۇ شاۋقۇنلىرىنىڭ ئەكس ساداسى ساي ئىچىنى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك تۇسكە كىرگۈزگەن ئىدى. بۇ ئاجايىپ تەبىئى مەنزىرە كىشىدە ئەجەپلىنىش، زوقلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغاپ، سىرلىق، خىيالىي تەسەۋۇرلارغا باشلاپ كىتەتتى.

- سىلەرنىڭ قوشتىپرەكتە مۇنداق گۈزەل جايلارنىڭ بارلىغىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن، - دەپ راھەتلىنىپ كىرىلدىم، - ئۆزەمنى سۇ پەرىلىرىنىڭ تىلسىملىق ماكانىغا كىلىپ قالغاندەك سىزىۋاتىمەن.

ئوسمان مىيىغىدا كۈلۈپ قويىدى:

- تىخى مەن ساڭا بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق، مەنزىرىلىك جايلارنى كۆرستىمەن. دەم ئېلىشقا كەلگىنىڭگە پۇشايمان قىلمايسەن ئاداش.

يۈز قەدەمچە نىرىدىن مۈرىسىگە چۆپ ئارتقان بىر ئادەم بىز تۇرغان قىرغاققا قاراپ كىلىۋاتاتتى. چۆپ باغلىمى شۇنچىلىك چوڭ ئىدىكى، ئۇنى ئارتىۋالغان ئادەم تىزىغىچە سۇ كىچىپ ماڭغاچقا، خۇددى بىر دۆۋە چۆپ سۇدا ئېقىپ كىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭدىن نەزىرىمنى ئۈزۈپ، ئەپلىگرەك بىر جاينى تىپىپ ئولتۇردۇم - دە، ئايىغىمنى يىشىپ، مۇزدەك سۇدا يۈز - كۆزۈمنى، پۇتۇمنى يۇيۇپ راھەتلەندىم... (سۇلتان ھاشىم «قوشتىپرەك» ھىكايىسىدىن)

# 8. پېئىللاردىكى بىر زاماننىڭ ئىككىنچى بىر زامان مەنىسىدە قوللىنىلىشى

بەزىدە پېئىللاردىكى بىر زامان باشقا بىر زامان مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كىلىدۇ. مەسلەن:

1) پېئىللارنىڭ كىلىدىغان زامانى ھازىرقى زامان مەنىسىدە كىلىدۇ. مۇنداق پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەركەت بىرەر ئادەم ياكى نەرسىنىڭ دائىملىق تۇراقلىق سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: ئۆمەر رۇسچىنى ياخشى سۆزلەيدۇ، دىسەك، بۇ گەپتىكى «سۆزلەيدۇ» دىگەن پېئىل كىلىدىغان زامان شەكلىدە كەلگەن بولسىمۇ، ھەركەتنىڭ كىلىدىغان زاماندا بولىدىغانلىغىنى بىلدۈرمەي، بەلكى بىرەر شەخسنىڭ تۇراقلىق بىر سۈپىتىنى يەنى ئۆمەرنىڭ رۇسچىنى ياخشى سۆزلەيدىغانلىغىنى ئىپادىلەپ، ھازىرقى زامان مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

2) ئۆتكەن بىر ۋەقە، ھادىسە ياكى بىراۋنىڭ ھاياتى ئېنىق قىلىپ ھكايە تەرىقىسىدە بايان قىلىنغاندا، تۆۋەنلۈش جەھەتتىن كىلىدىغان زامان شەكلىدە كەلگەن پېئىللار ئۆتكەن زامان مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كىلىدۇ. مەسلەن:

ئابدۇقادىر داموللام مەشھۇر ئىسلام ئالىمى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتچى شائىربولۇپ، باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك يىللىرىنى ئۆز يۇرتىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. كىيىن قەشقەر ۋە بۇخارا مەدرىسلىرىدە ئۇزاق مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ ۋە ئىلىم - پەن بىلەن خەلقنى ئاقارتىش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش شۇئارى ئاستىدا بارلىق ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى مىللىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىچە ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە سەرپ قىلىدۇ....

**90 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىڭلار. كىلىدىغان زامان شەكلىدە كەلگەن پېئىللارنىڭ قايسى زامان مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بىرىڭلار.

## «تاپتىم»

بىر يىلى پادىشا گى ئېيدۇ زەرگەرگە ساپ ئالتۇندىن بىر تاج ياسىتىدۇ. ياسىلىپ پۈتكەن تاجنىڭ ئېغىرلىغى زەرگەرگە بېرىلگەن ساپ ئالتۇننىڭ ئېغىرلىغى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن پادىشا يەنىلا بۇنىڭدىن گۇمانلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارخىمىدقا تاجنى بۇزۇۋەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئامال تىپىپ ئېنىقلاشنى تاپشۇرىدۇ. ئارخىمېد بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كىيىن، قىرائەتخانىسىدىن چىقماي، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشكە كىرىشىدۇ. خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كىتىدۇ، ئۇ گويا خالتا كوچىغا كىرىپ قالغاندەك

بولۇپ، بۇ قىين مەسلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ تاپالمايدۇ. بىر كۈنى ئارخىمېد كېچە - كۈندۈز ئويلىنىۋاتقان تاج مەسلىسىدە باش قاتۇرغاچ، ئېغىر قەدەم بېسىپ مونچىغا بارىدۇ. ئۇ ۋاننىغا چۈشكەندە، ئۇنىڭدىكى سۇنىڭ يۇقۇرى كۆتىرىلگەنلىگىنى؛ ئولتۇرغاندا سۇنىڭ تېشىپ كېتىۋاتقانلىغىنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزى سۇغا قانچە چوڭقۇر چۆكسە، بەدىنىنىڭ شۇنچە يەڭگىللەۋاتقانلىغىنى ھىس قىلىدۇ. يۇيۇنغاچ ئويلىنىۋاتقان ئارخىمېد تۇيۇقسىز ۋانىدىن سەكرەپ چىقىپ، ئادەم مىغىلداۋاتقان چوڭ كوچىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ: «تاپتىم، تاپتىم» دەپ توختىماي ۋاقىرايدۇ، كىشىلەر يالىڭاچ «غەلىتە» ئادەمگە ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قارىشىدۇ.

ئەسلىدە ئۇ پادىشا تاجىسىغا جا ئالتۇن قوشۇلغان - قوشۇلمىغانلىغىنى ئېنىقلاشنىڭ ئۇسۇلىنى تاپماقچى ئىدى. ئەگەر تاجنى سۇغا سالغاندا ئۇنىڭ چىقىرىۋەتكەن سۇ مىقدارى بىلەن، زەرگەرگە بېرىلگەن ساپ ئالتۇننى سۇغا سالغاندا ئۇنىڭ چىقىرىۋەتكەن سۇ مىقدارى ئوخشاش بولمىسا، ئۇ چاغدا، تاجغا چوقۇم باشقا مېتاللار ئارىلاشقان بولىدۇ. ئارخىمېد بۇ ئاجايىپ ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق ھىلىقى زەرگەرنى تاجغا جا ئالتۇن قوشقانلىغىغا ئىقرار قىلدۇردى. شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ شۇندىن بۇيان تا ھازىرغىچە ھەر بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۆگىنىدىغان ئارخىمېد قانۇنى بولۇپ قالدى. («ئارخىمېد توغرىسىدا ھىكايىلەر»دىن)

**91 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىردىكى پېئىللار قايسى زامانلارنى ئىپادىلەپ كەلگەن؟**

**باش ئەتىياز**

ئاقتى ئەگىز، كەلدى كۆكلەم، كەتتى ئاياز،
تۇرنىلارمۇ توي تارتىشىپ قىلدى پەرۋاز.
تەندە ھوزۇر، زوق قوزغىتىپ، يەر ئويغىتىپ،
جىلۋە قىلىپ، كەلمەكتە بۇ باش ئەتىياز.
ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل بىلەن چېچەك - چوكان،
يېزىلارنى ياساندۇرۇپ قىلماقتا ناز.
بوستاندا گۈل، شاختا بۇلبۇل، شات قىز - ئوغۇل،
سايدا تورغاي، تۇمۇچۇقلار چالماقتا ساز.
باغدا كاككۇك، تاغدا كەكلىك، چىل، قىرغاۋۇل،
سايراشلىرى دەيدۇ: «كۆكلەم پەسلى بەك ساز...»
بوتاكۆزلۈككىيىك، بۇغا، ئارقار، مارال.
ئايىغىغا يايدى يايلاق گۈل پاياندار.
قوي قوزىلاپ، ئات قۇلۇنلاپ، تۆگە - تايلاق،
كەڭ دالادا چېپىشماقتا، شىر چەۋەنداز.

بۇلدۇقلىغانبۇلاقلاردائويناربېلىق،
«شىر - شىر» قىلىپ ئاققان سۇلار دەر:
«ئېرىق قاز!...»
قىردا چۇقان، خۇددى ۋولقان، قىزغىن ئەمگەك،
ئېتىزدا ئىش، دېخان يەنە بولدى سەرۋاز.
چاتقاللاردا توشقان - دوغداق شوخ چېپىشىپ،
كۆلدە ئاققۇ، سازدا ئۆدەك، ئۈزمەكتە غاز.
غۇر - غۇر ئۇچۇپ، يۈزنى سۆيۈپ كەلدى شامال،
جۇدۇن - چاپقۇن بىلەن كەتتى جۇت قۇيۇن تاز.
گۈزەل كۆكلەم ھۆسنىڭگە مەن شۇنچە خۇشتار،
تەشنالىغىم قىستاپ مېنى دېگەچكە: «ياز!...»
مىسرالاردىن مەرۋايىتتەك بىزەك ياساپ،
سوغا قىلدىم، بوينۇڭغا ئاس! دېمىگىن ئاز...
(ئەرشىدىن تاتلىق «تارىم ئۆركەشلىرى» دىن)

# 9. پېئىل دەرىجىلىرى

پېئىللاردىكى دەرىجە كاتىگورىيىسى ھەركەت سۇبېكتى ۋە ئوبيكتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ئۇلارنىڭ ئۆز - ئارا ئالاقىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر بىز < ئويلىدى، ئويلاندى، ئويلاندۇردى، ئويلاشتى > دېگەن پېئىللارنى بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرساق، تۆۋەندىكى ئۆزگىرىشنى كۆرىمىز:

< ئويلىدى > دېگەن پېئىل ئىشنى 3 - شەخسنىڭ ئۆزى ئورۇنلىغانلىغىنى، بۇ ئىشنىڭ بىرەر نەرسىگە ئۆتكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ: (خالىدە ئانىسىنى ئويلىدى)

< ئويلاندى > دېگەن پېئىل ئىشنىڭ باشقا نەرسىگە ئۆتمەي، ئورۇنلىغۇچىنىڭ ئۆزىگە يانغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ: (مەريەم ئويلاندى)

< ئويلاندۇردى > دېگەن پېئىل 3 - شەخسنىڭ شۇ ئىشنى باشقا كىشىگە ئورۇنلاتقۇزغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ: (ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزى زىنىنەتنى ئويلاندۇردى)

www.uyghurkitap.com

< ئويلاشتى > دىگەن پېئىل بولسا، شۇ ئىشنىڭ بىرقانچە شەخس تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ: (باللار بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاشتى)

دىمەك، < ئويلا > دىگەن تۈپ پېئىلغا < دى، ندۇردى، شتى > ئوخشاش قوشۇمچىلەر ئۇلىنىشى بىلەن ئىش ـ ھەركەتنىڭ كىم تەرىپىدىن قانداق ئورۇنلانغانلىغى ھەم بىرەر نەرسىگە ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىگىمۇ بىلىنىدۇ.

**ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئورۇنلىغۇچى ئادەمگە، نەرسىگە بولغان مۇناسىۋىتنى كۆرسىتىدىغان پېئىل تۈرلىرى پېئىلنىڭ دەرىجىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

پېئىل دەرىجىلىرى 5 كە بۆلۈنىدۇ:

1. ئېنىق دەرىجە؛ 2 . ئۆزلۈك دەرىجە (ئۆزلۈك پېئىل)؛ 3 . مەجھۇل دەرىجە (مەجھۇل پېئىل)؛
4 . ئۆملۈك دەرىجە (ئۆملۈك پېئىل)؛ 5 . مەجبۇرى دەرىجە (مەجبۇرى پېئىل)؛

### 1 . ئېنىق دەرىجە

**جۈملىدىكى ئىگىنىڭ ئىش ـ ھەركىتىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان ۋە ھىچقانداق گىراممىتىكىلىق دەرىجە قوشۇمچىسىغا ئىگە بولمىغان پېئىلنى پېئىللارنىڭ ئېنىق دەرىجىسى دەيمىز.**

پېئىللارنىڭ ئېنىق دەرىجىسى ئىش ـ ھەركەتنىڭ جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن ئادەم ۋە باشقا جانلىق، جانسىز نەرسىلەر تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىغىنى ئېنىق ئىپادىلەپ كېلىدۇ. بۇنداق پېئىللار ئۆزىگە خاس دەرىجە قوشۇمچىسىغا ئىگە بولمايدۇ.

مەسىلەن: 1. بىز خەلق قەھرىمانلىرىنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز. 2.ئوقۇغۇچىلار يازلىق لاگىرغا چىقتى. 3. يازغۇچىلار كىتاپخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولغان كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەرنى يازماقتا. 4 . مەن چوڭلارنى دائىم ھۆرمەتلەيمەن. 5 . باغلاردا بۇلبۇللار سايرىدى.

### 2 . ئۆزلۈك دەرىجە

**ئىش ـ ھەركەتنى مەلۇم شەخسنىڭ ئۆزى ئورۇنلىغانلىغىنى ۋە ئۇ ھەركەتنىڭ ئۆزىگە قوبۇل قىلىنغانلىغىنى بىلدۈرگەن پېئىل پېئىللارنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى دىيىلىدۇ.**

مەسىلەن: «يۇيۇندۇم، كىيىندىم» دىسەك، بۇنىڭدىن «يۇيۇش، كىيىش» ئىشىنى ئورۇنلىغۇچىمۇ «مەن»، شۇ ئىش ـ ھەركەتنى قوبۇل قىلغۇچىمۇ «مەن» ئىكەنلىگىنى بىلىمىز.

ئۆزلۈك دەرىجە پېئىلى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا < ن >، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا < ئىن >، لەۋلەشكەن بوغۇملۇق پېئىللارغا < ئۇن، ئۈن > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن: سۈركە + ن = سۈركەندىم. ياسا + ن = ياساندىم. سال + ئىن = سېلىندى. كۆر +ۈن = كۆرۈندۇم. تۇت + ۇن = تۇتۇندى.

### 3 . مەجھۇل دەرىجە

**ئىش ـ ھەركەتنىڭ نامەلۇم بىر كىشى ياكى نامەلۇم بىر نەرسە تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىغىنى بىلدۈرگەن پېئىللارنى پېئىللارنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى دەيمىز.**

پېئىللارنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا < ل، ن > قوشۇمچىلىرىنى، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان لەۋلەشكەن بوغۇملۇق پېئىللارغا < ئۇل، ئۈل، ئۇن، ئۈن > قوشۇمچىلىرىنى، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان لەۋلەشمىگەن بوغۇملۇق پېئىللارغا < ئىل، ئىن > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: تاشلا + ن = تاشلاندى. تارا + ل = تارالدى. قوش + ۇل = قوشۇلدى. تۈز + ۈل = تۈزۈلدى. بۆل + ۈن = بۆلۈندى. چاپ + ىل = چېپىلدى. قوي + ۇل = قويۇلدى.

مەجھۇل دەرىجە ئىش ـ ھەركەتنى ئورۇنلىغۇچى شەخسنى ئېنىق بىلدۈرمەيدۇ.

مەسىلەن: «ئىش قىلىندى، ھۆججەت تەستىقلاندى» دىسەك، بۇ يەردە ھەر ئۈچ شەخسنى ئورۇنلىغۇچى سۈپىتىدە قويۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن : مېنىڭ تەرىپىمدىن قىلىندى، تەستىقلاندى؛ سېنىڭ تەرىپىڭدىن قىلىندى، تەستىقلاندى؛ ئۇنىڭ تەرىپىدىن قىلىندى، تەستىقلاندى. ئەلاچىلارغا مۇكاپات بېرىلدى. چاپان قوزۇققا ئىلىندى.

**92 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئۆزلۈك دەرىجە پېئىلنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، مەجـ ـ

ـھۇل دەرىجە پېئىلنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. ئەتىگەن تۇردۇم، يۇيۇندۇم، دەررۇ كىيىندىم. 2. ناھىيىمىزدە يېڭى بىنالار سېلىندى. 3. ئايخان ئەينەككە قاراپ ياساندى. 4 . بۇ يىل بىر ئۆستەڭ چېپىلدى.

**93 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ خەۋىرىنى مەجھۇل دەرىجىدىكى پېئىلغا ئايلاندۇرۇڭلار:

1. دېخانلار كېۋەز تەردى. 2 . قەھرىمانلىرىمىز دۈشمەننى تارمار قىلدى. 3 . ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئەتراپىغا كۆچەتلەر تىكتى. 4 . باللار ۋالىبول ئوينىدى. 5 . دېخانلار سەيلەرنى ئوغۇتلىدى.

**4 . ئۆملۈك دەرىجە**

**ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئىككىدىن ئارتۇق شەخس ياكى نەرسە تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرگەن پېئىللار پېئىللارنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى دېيىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئوقۇشتى، كۈلۈشتى، كېتىشتى، يېزىشتى.

پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا < ش >، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا < ئىش، ئۇش، ئۈش > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: سۆزلەشتى، كېلىشتى، ئوقۇشتى، كۆرۈشتى.

**5 . مەجبۇرى دەرىجە**

**جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىش ـ ھەرىكەتنى باشقىلارغا ئورۇنلاتقۇزغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل ـ ـلار پېئىللارنىڭ مەجبۇرى دەرىجىسى دېيىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئورۇندۇق ياسىدىم (ئۆزەم)، ئورۇندۇق ياساتتىم ( بىر كىشىگە). بۇ ئىككى جۈملىنىڭ ئىككىنچىسىدىكى پېئىل مەجبۇرى دەرىجە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ياساش ئىشىنى جۈملىنىڭ ئىگىسى ئورۇنلىماي، باشقا كىشىگە (ياغاچچىغا) ئورۇنلاتقۇزغان.

مەجبۇرى دەرىجە تۆۋەندىكى قوشۇمچىلەر ئارقىلىق ياسىلىدۇ:

1 . ئاخىرى < ئا، ئە، ئى، ئۇ > تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارنىڭ تومۇرىغا < ت > قوشۇمچىسى ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: باغلا + ت = باغلات، ئوقۇ + ت = ئوقۇت،

2 . جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارنىڭ تومۇرىغا < تۇر، تۈر، قۇز، كۈز > قوشۇمچىلىرى، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارنىڭ تومۇرىغا < دۇر، ئۇر، غۇز، گۈز > قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: تاپ ـ تاپتۇر، ماڭ ـ ماڭدۇر، ئەش ـ ئەشتۈر، كۈل ـ كۈلدۈر، ماڭ ـ ماڭغۇز، يە ـ يېگۈز، كۈت ـ كۈتكۈز، يات ـ ياتقۇز، ئۆت ـ ئۆتكۈز...

3 . < ق، چ > ياكى < ش > تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان پېئىل تومۇرىغا < ئار، ئەر، ئۆر > قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: چىق ـ چىقار، چۈش ـ چۈشەر، ئۆچ ـ ئۆچەر.

**94 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللاردىن پېئىلنىڭ ئۆملۈك ۋە مەجبۇرى دەرىجىلىرىنى ياساڭلار.

بار، كەل، سۆزلە، ماڭ، ئۈز، قوي، ئوقۇ، سۆرە، چىق، چاپ، كەس، كۆر، ئال، قال، سال.

**95 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئۆملۈك دەرىجىنىڭ تېگىگە بىر سىزىق، مەجبۇرى دەرىجىنىڭ تېگىگە ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1 . ئوقۇتقۇچىمىز ياد ئىملا يازغۇزدى. 2 . تۈنۈگۈن «ئەرتىس بولالمىغان قىز» كىنوسى ھەققىدە سۆزلەشتۇق. 3 . ئاكام يېڭى كىتاپلارنى ئەكەلگۈزدى. 4 . بىز ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلەيدىغان جەڭچىلەردىن بولۇپ يېتىشىمىز. 5 . ئۇ ھەممىنى كۈلدۈردى. 6 . بىز تىنماي ئوقۇپ، كۈندىن ـ كۈنگە بىلىمىمىزنى ئاشۇرىمىز. 7 . بىردەم يۈگۈرۈشتۇق، بىردەم كۈلۈشتۇق. 8 . بىز ئۇنى بىرنەچچە قېتىم ناخشا ئېيتقۇزدۇق. 9 . مەن دەپتەر، قەلەم، كىتاپ ئالدۇردۇم.

**96 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللارنى تۆرلۈك دەرىجىدە كەلتۈرۈپ جەدۋەلگە يېزىڭلار:

تىك، كەس، تات، ياپ، كۈل، ئۇق، ياسا، راسلا، كۆرسەت، ياز، بار، تېز، كەل، ئىل.

| ئېنىق دەرىجە | | ئۆزلۈك دەرىجە | | مەجھۇل دەرىجە | | ئۆملۈك دەرىجە | | مەجبۇرى دەرىجە | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تومۇرى | قوشۇمچىسى | تومۇرى | قوشۇمچىسى | تومۇرى | قوشۇمچىسى | تومۇرى | قوشۇمچىسى | تومۇرى | قوشۇمچىسى |
| تارا | ـ | تارا | ن | تارا | ل | تارا | ش | تارا | ت |

www.uyghurkitap.com

**97 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىدىكى پېئىللارنى تېپىڭلار ۋە ئۇ پېئىللارنىڭ قانداق پېئىل دەرىجىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.**

«كۈن ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئاسمان بوشلۇغىدىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار قويۇق ئېرەنلىكلەر ئارىسىدىن جىمىرلاپ كىشىگە ئېيتقۇسىز گۈزەللىك بەخش ئېتەتتى. بىر خىل سالقىن شامال يۈزلەرنى يەلپۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە خوشاللىق ۋە ھاياتقا بولغان مۇھەببەت تۇيغۇسىنى قوزغىتاتتى ـ دە، ئۇلارنىڭ ئاچلىغىنىمۇ، ھارغانلىغىنىمۇ ئۇنتۇلدۇراتتى. نىزامىدىن بىلەن ئاقىلبېك تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەللىگىگە مەھلىيا بولۇپ، قوللىرىنى بېشىغا قويغىنىچە ئۆگدا يېتىشاتتى. نىزامىدىن كۆزىنى يۇلتۇزلار ئالمىدىن ئېلىپ خىيال سۈرۈپ كەتتى: «ئەمدى باللىرىم نىمە كۈن كۆرەركىن؟ خەير مەيلى، نىمە كۆرسە كۆرىدۇ، بۇ ھېچگەپ ئەمەس، ھەرقانچە كۈن كۆرسە جاپاكەش خەلقىم كۆرۈۋاتقان كۈننى كۆرىدىغۇ». ئۇنىڭ خىياللىرى ئاخىرى بېرىپ نىلقا تاغلىرىدا، قاش دەرياسى ياقىلىرىدا، توقايلاردا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى... ئاقىلبېكچۇ؟ ئۇمۇ خىيال سۈرۈپ ياتىدۇ. ئۇمۇ قېرى، ئاغرىقچان دادىسىنى، ئىنىسىنى ئويلاۋاتىدۇ: «دادام، ئىنىم قالدى، ئەمدى ئۇلار قانداق كۈنگە قالار؟ قانداق سەرسانلىق كۆرەر؟ ساقچىنىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى ئۇلارنى نىمە كۈنلەرگە سالار؟ ئوغلۇڭنى تاپ دەپ قىينار... كىچىككىنە ئىنىم كۆز ياشلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان ئادەم سىياقىدىكى ۋەھشىلەردىن قورقۇپ يىغلار... يىغلىما ئىنىم، ئۆمرىمىز يىغلاش بىلەن ئۆتتى. بەس ئەمدى يېتەر! مەن بۇ يولغا كىردىم. مۇشۇ يولدا كۆز ياشلىرىڭنى قۇرۇتۇشقا تىرىشىمەن، جەزمەن قۇرۇتىمەن!...»

(ئا. قاھھار «ئىلى دولقۇنلىرى» دىن)

# 10. پېئىل رايى (مەيىللىرى)

پېئىل رايى دىگىنىمىز پېئىلدىن ئاڭلىشىلغان ئىش ـ ھەرىكەتكە سۆزلىگۈچىنىڭ قانداق مۇنا ـ سىۋەتتە بولىدىغانلىغىنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل گىراماتىكىلىق كاتىگورىيە (گىراماتىكىلىق شەكىل) ھىساپلىنىدۇ. بۇ گىراماتىكىلىق كاتىگورىيە پېئىلنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى ھەر خىل گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «كەت، كەل» دىگەن پېئىلنى ئالساق، بۇ پېئىللار سۆزلىگۈچىنىڭ ئاڭلىغۇچىغا قارىتا بۇيرۇق قىلىش مۇناسىۋىتىدە بولغانلىغىنى ئىپادىلەيدۇ. «كەتسە، كەلسە» دىسەك، بۇ پېئىللار بىرەر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن باشقا بىرەر ئىشنىڭ ئورۇنلىنىشى شەرتلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «كەلدى، كەتتى» دىسەك، بۇ پېئىللار پېئىلنىڭ يىلتىزى (تۈپ پېئىل) دىن ئاڭلىشىلغان مەنىنىڭ ئېنىق بېجىرىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دىمەك، سۆزلىگۈچىنىڭ پېئىلدىن ئاڭلىشىلغان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا نىسبەتەن قانداق گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىغىنى ئىپادىلىگۈچى پېئىل كاتىگورىيىسى پېئىللارنىڭ رايى، (مەيىللىرى) دىيىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ رايى 3 خىل بولىدۇ:

1 . بۇيرۇق رايى، 2 . ئېنىقلىق (خەۋەر) رايى، 3 . شەرت رايى.

## 1) بۇيرۇق رايى

**بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، مەسلىھەت، خالاش، ئۈندەش مەنىسىدە كەلگەن پېئىللار پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايى ياكى بۇيرۇق پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:**

ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ ئوقۇڭلار! (ئۈندەش)،كىتسىڭىزنى ماڭا بېرىپ تۇرۇڭا. (ئۆتۈنۈش، سىزگە تۇمۇ تېگىپتۇ، پاتراق دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ. (مەسلىھەت)، دەرسلىرىڭنى پۇختا تەييارلا . (بۇيرۇق)

1 ـ شەخستىكى بۇيرۇق رايى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

(1) ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < ئاي >، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < ئەي > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

مەسلەن: بار ـ باراي، كەل ـ كېلەي ، ياز ـ يازاي، بەر ـ بېرەي ، قال ـ قالاي، كۈل ـ كۈلەي.
بەزىدە مۇنداق شەكىلدە كەلگەن بۇيرۇق رايىغا < چۇ > قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ.مەسلەن: يازاي ـ يازايچۇ، كۆرەي ـ كۆرەيچۇ، باراي ـ بارايچۇ.
(2) . < ئا، ئە > تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان بۇيرۇق پېئىللارغا < ي > تاۋۇشى ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسلەن: سورا ـ سوراي، قارا ـ قاراي.ئايا ـ ئاياي، سۆزلە ـ سۆزلەي.
1 ـ شەخستىكى بۇيرۇق رايى سۆزلىگۈچىنىڭ خاھىشىنى، بىرەر ئىشنى ئورۇنلاشقا بەل باغلىغان-لىغىنى ياكى ئۆتۈنۈشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: بۈگۈن مۇشۇ كىتابنى ئوقۇپ تۈگىتەي.مەن قەشقەردىكى دوستۇمغا بىر خەت يازاي.ئەتە ئېتىزغا بېرىپ كېلەي.قېنى كېلەيلى، ئىشنى بالدۇرراق باشلىۋېتەيلى.
بۇيرۇق رايىنىڭ 2 ـ شەخسى تۈپ پېئىلغا تەڭ بولىدۇ ياكى تۈپ پېئىل بولىدۇ.مەسلەن:كەل، كەت، بار، ئىشلە، ئوقۇ، ئوينا، سۆزلە
2 ـ شەخستىكى بۇيرۇق رايى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:
(1) جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ھەم سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان بۇيرۇق رايىنىڭ ئاخىرىغا < غىن، غىنا، گىن، گىنە > قوشۇمچىلىرىنى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بۇيرۇق رايىنىڭ ئاخىرىغا «كىن، كىنە، قىن، قىنا» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مۇنداق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىپ كەلگەن بۇيرۇق رايى بۇيرۇق مەنىسىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ ۋە ئىلتىماس، ئۆتۈنۈش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.مەسلەن:بار + غىن = بارغىن،كەل + گىن = كەلگىن، تاشلا + غىن = تاشلىغىن، بەر + گىن = بەرگىن،تۇر + غىن = تۇرغىن، ئال + غىنا = ئالغىنا.قوي + غىنا = قويغىنا، قارا + غىنا = قارىغىنا.كۆر + گىنە = كۆرگىنە، سۆزلە + گىنە = سۆزلىگىنە.تاپ + قىن = تاپقىن، ئات + قىنا = ئاتقىنا.كەس + كىنە = كەسكىنە،كەت + كىن = كەتكىن.
(2) بۇيرۇق رايىنىڭ ئاخىرىغا بەزىدە < ساڭچۇ >، < سەڭچۇ > قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسلەن:بار + ساڭچۇ = بارساڭچۇ.كەل + سەڭچۇ = كەلسەڭچۇ.كۆر + سەڭچۇ = كۆرسەڭچۇ. سۆزلە + سەڭچۇ = سۆزلىسەڭچۇ.
(3) 2 ـ شەخستىكى بۇيرۇق رايىنىڭ سىپايە تۈرى پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا < ڭ، ئىڭ، ئۇڭ، ئۈڭ، سىلا، سىلە > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسلەن:تاشلا ـ تاشلاڭ. سۆزلە ـ سۆزلەڭ. ئېيت ـ ئېيتىڭ. كۆر ـ كۆرۈڭ. قوي ـ قويۇڭ. كەل ـ كەلسىلە.ئولتۇر ـ ئولتۇرسىلا .
3 ـ شەخستىكى بۇيرۇق رايى تۈپ پېئىللارغا < سۇن > قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسلەن: ئال + سۇن = ئالسۇن. كەل + سۇن = كەلسۇن.قارا + سۇن = قارىسۇن.
3 ـ شەخستىكى بۇيرۇق رايىغا < چۇ > قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھالدا ئۇ ئىلتىماس، خالاش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: كەلسۇن + چۇ = كەلسۇنچۇ، ئوقۇسۇن +چۇ = ئوقۇسۇنچۇ.تۇرسۇن + چۇ = تۇرسۇنچۇ.
پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايى بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز شەكىلدە تۈرلىنىدۇ.مەسلەن :ئال ـ ئالما، قال ـ قالما، ئىشلە ـ ئىشلىمە.
پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايى بىرلىك، كۆپلۈك سان بىلەن ھەم شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ.

## بۇيرۇق رايىنىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

### بولۇشلۇق پېئىللار

| شەخسلەر | سان | ماڭ | ئولتۇر | كۆيلە | كۆت |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك<br>كۆپلۈك | ماڭاي<br>ماڭايلى | ئولتۇراي<br>ئولتۇرايلى | كۆيلەي<br>كۆيلەيلى | كۈتەي<br>كۈتەيلى |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك<br>بىرلىك<br>كۆپلۈك | ماڭ<br>مېڭىڭ<br>مېڭىڭلار | ئولتۇر<br>ئولتۇرۇڭ<br>ئولتۇرۇڭلار | كۆيلە<br>كۆيلەڭ<br>كۆيلەڭلار | كۈت<br>كۈتۈڭ<br>كۈتۈڭلار |
| 3 ـ شەخس | بىرلىك<br>كۆپلۈك | ماڭسۇن<br>ماڭسۇن | ئولتۇرسۇن<br>ئولتۇرسۇن | كۆيلىسۇن<br>كۆيلىسۇن | كۈتسۇن<br>كۈتسۇن |

www.uyghurkitap.com

### بولۇشسىز پېئىللار

| شەخسلەر | سان | ئۆت | سۆزلەت | كولا | كۆت |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك<br>كۆپلۈك | ئۆتمەي<br>ئۆتمەيلى | سۆزلەتمەي<br>سۆزلەتمەيلى | كولىماي<br>كولىمايلى | كۆتمەي<br>كۆتمەيلى |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك<br>بىرلىك<br>كۆپلۈك | ئۆتمە<br>ئۆتمەڭ<br>ئۆتمەڭلار | سۆزلەتمە<br>سۆزلەتمەڭ<br>سۆزلەتمەڭلار | كولىما<br>كولىماڭ<br>كولىماڭلار | كۆتمە<br>كۆتمەڭ<br>كۆتمەڭلار |
| 3 ـ شەخس | بىرلىك<br>كۆپلۈك | ئۆتمىسۇن<br>ئۆتمىسۇن | سۆزلەتمىسۇن<br>سۆزلەتمىسۇن | كولىمىسۇن<br>كولىمىسۇن | كۆتمىسۇن<br>كۆتمىسۇن |

**98 ـ كۆنۈكمە:** پېئىللارنىڭ تۆۋەندىكى بۇيرۇق رايىنى 2 ـ شەخس كۆپلۈك ساندا تۈرلەڭلار ۋە ھەر ـ بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.ياز، چىق، سال، كۆر، بار، قال، ئەت، ياسا، قايتۇر، ئولتۇر..

**99 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ پېئىللارنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ بۇيرۇق رايىنىڭ قايسى شەخستە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

## كەل باھار

كۆكلەم باغرىم كەل، سېغىندىم سېنى،
يېشىل قوينۇڭغا تارتىۋال مېنى.
قۇشلىرىڭنىڭ سايرىشى ئارامى جانىمنىڭ،
سۇلىرىڭنىڭ شاقىرىشى ھەركىتى تېنىمنىڭ.
كۆكلەم بول چاپسان، تەبىئەتكە جان سال،
چىرماشسۇن تىرىلىپ، ماڭا مەجنۇنتال.
كۆكلەم جىگىرىم سەن، ئاچ ئېتىزلارنى،
كەڭ سەھنەڭگە تارتىۋال، ئىشچان قىزلارنى.
سەيلە قىلسۇن ھەر ياندا باھار پەرۋازى،
جاراڭلىسۇن ئېتىزدا ئەمگەك ئاۋازى.
كەتمەن ئالسۇن دېخان تىلغىسۇن يەرنى،
ئالتۇن تېپىش ئۈچۈن تۆكسۇن ساپ تەرنى.
تورغايلار ئىلھام بەرسۇن چىرىلداپ ھاۋادا،
ھەر ياندا شاتلىقتىن ھىسلار ھۇۋەيدا.
كۆركلەم يەرگە دەم سال، ئويغانسۇن قۇش ـ قۇرۇت،
دەرەخلەر پەخىرلەنسۇن تارتىپ ساقال ـ بۇرۇت.
يېشىل باغلار، ئارام چاغلار يۈزى ئېچىلسۇن،
كەڭ ھاۋانىڭ قاتلىمىغا نۇرلار چېچىلسۇن.
دېخان بالىسى چولپان بىلەن بەسلىشىپ تۇرسۇن،
بوستان قىلىش ئۈچۈن يەرنى، كەتمەننى ئۇرسۇن.
مەرۋايىتتەك تەرلىرى ماڭلايىدىن ئاقسۇن،
ئىشقا تويۇپ يەرلىرى قەنتىنى چاقسۇن.
بۇ قىياپەت، بۇ كۆرۈنۈش شائىرغا ئىلھام،
ھېچ تويماسمەن بۇلارنى زوق بىلەن يازسام.
كەل باھار، مەرھابا، كۈتمەن سېنى،
يېشىل ئىلھام قوينىغا ئۇرىدىك مېنى.

(ل. مۇتەللىپ)

## 2) بۇيرۇق رايىنىڭ يېزىلىشى

(1) 2 ـ شەخسنىڭ سىپايە تۈرىدە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان لەۋلەشكەن بىر ياكى ئىككى بوغۇملۇق بۇيرۇق رايىدىن كېيىن، < ئۇڭ ، ئۈڭ > قوشۇمچىلىرى قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بول ـ بولۇڭ، بولۇڭلار، يۈر ـ يۈرۈڭ، يۈرۈڭلار. كۆر ـ كۆرۈڭ، كۆرۈڭلار. قوي ـ قويۇڭ، قويۇڭلار. ئوقۇ ـ ئوقۇڭ، ئوقۇڭلار، توقۇ ـ توقۇڭ، توقۇڭلار. ئولتۇر ـ ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭلار. قۇتقۇز ـ قۇتقۇزۇڭ، قۇتقۇزۇڭلا.

(2) ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان لەۋلەشمىگەن بىر ياكى ئىككى بوغۇملۇق بۇيرۇق رايىدىن كېيىن، < ئىڭ > قوشۇمچىسى، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان لەۋلەشمىگەن بىر، ئىككى بوغۇملۇق بۇيرۇق رايىدىن كېيىن < ڭ > قوشۇمچىسى قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

كەل ـ كېلىڭ، بار ـ بېرىڭ، سۆزلە ـ سۆزلەڭ، باشلا ـ باشلاڭ، ئوينا ـ ئويناڭ؛

**100 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى گەپلەردىكى بۇيرۇق رايىنى تېپىڭلار.**

1. يۈرۈڭ، دوستۇم ئىشلەيلى. 2. ھەر مىللەت ياشلىرى ئىتتىپاقلىشىڭلار! 3. تۆمۈرنى قىزىغىدا سوق. (ماقال) 4. يىراق يولنى غەيرەت بىلەن قىسقارت. (ماقال) 5. دېخان ئاكا يول بولسۇن، بۇ يىل ئاشلىق مول بولسۇن، بىزگە قارشى بولغانلىڭ، ئىككى كۆزى كور بولسۇن. 6. بېشىڭغا قىلىچ تەڭلىسمۇ توغرا سۆزلىگىن. 7 . كۆپنى كۆرگەن كۆپ بىلىدۇ. 8 . ئاۋال ئويلا، كېيىن سۆزلە. (ماقال)

**101 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىگە قاراپ بۇيرۇق رايىنى تولۇقلاڭلار.**

1 . يۈرۈڭلار، چاپسانراق ئوقۇشقا بار...2 . يىغلىشنى ئەتە ئۆتكۈز...3 . سىز ئۇلارغا ئېيت... ئەتە مەكتەپكە كەل ...4 . سىز كۈندە چىشىڭىزنى يۇ ...5 . سىز ئوت قال ...

مەن ئوتۇن كەسلەپ بەر...

## 3) خەۋەر رايى

**بىرەر ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان، كېلىدىغان زامانلاردا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ۋە بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز بولۇپ تۈرلىنىپ كېلىدىغان پېئىللارنى پېئىللارنىڭ خەۋەر رايى ياكى خەۋەر پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.**

خەۋەر پېئىللار ئىش ـ ھەركەتنىڭ بەلگىلىك بىر مەزگىلدە بولۇۋاتقانلىقىنى، بولىدىغانلىقىنى ياكى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: سۆزلەۋاتىدۇ. تىڭشاۋاتىمەن. ئاكام ئوما ئوردى.

خەۋەر رايىنىڭ بولۇشسىز شەكلى زامان ھەم شەخس قوشۇمچىلىرىدىن ئاۋال < ما، مە > قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**خەۋەر رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلىنى بولۇشسىز شەكلىگە ئۆزگەرتىش**

ھازىرقى زامان

| شەخسلەر | بولۇشلۇق | | بولۇشسىز | |
|---|---|---|---|---|
| | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان |
| 1 ـ | ئېلىۋاتىمەن<br>ئوقۇۋاتىمەن | ئېلىۋاتىمىز<br>ئوقۇۋاتىمىز | ئېلىۋاتمايمەن<br>ئوقۇۋاتمايمەن | ئېلىۋاتمايمىز<br>ئوقۇۋاتمايمىز |
| 2 ـ | ئېلىۋاتىسەن<br>ئوقۇۋاتىسەن | ئېلىۋاتىسلەر<br>ئوقۇۋاتىسلەر | ئېلىۋاتمايسەن<br>ئوقۇۋاتمايسەن | ئېلىۋاتمايسلەر<br>ئوقۇۋاتمايسلەر |
| 3 ـ | ئېلىۋاتىدۇ<br>ئوقۇۋاتىدۇ | ئېلىۋاتىدۇ<br>ئوقۇۋاتىدۇ | ئېلىۋاتمايدۇ<br>ئوقۇۋاتمايدۇ | ئېلىۋاتمايدۇ<br>ئوقۇۋاتمايدۇ |

ئۆتكەن زامان

| شەخسلەر | بولۇشلۇق | | بولۇشسىز | |
|---|---|---|---|---|
| | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان |
| 1 ـ | ئالدىم | ئالدۇق | ئالمىدىم | ئالمىدۇق |

www.uyghurkitap.com

| | كەتتىم | كەتتۇق | كەتمىدىم | كەتمىدۇق |
|---|---|---|---|---|
| 2 ـ | ئالدىڭ<br>كەتتىڭ | ئالدىڭلار<br>كەتتىڭلار | ئالمىدىڭ<br>كەتمىدىڭ | ئالمىدىڭلار<br>كەتمىدىڭلار |
| 3 ـ | ئالدى<br>كەتتى | ئالدى<br>كەتتى | ئالمىدى<br>كەتمىدى | ئالمىدى<br>كەتمىدى |

كېلىدىغان زامان

| شەخسلەر | بولۇشلۇق | | بولۇشسىز | |
|---|---|---|---|---|
| | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان |
| 1 ـ | كېلىمەن<br>كۈلىمەن | كېلىمىز<br>كۈلىمىز | كەلمەيمەن<br>كۈلمەيمەن | كەلمەيمىز<br>كۈلمەيمىز |
| 2 ـ | كېلىسەن<br>كۈلىسەن | كېلىسىلەر<br>كۈلىسىلەر | كەلمەيسەن<br>كۈلمەيسەن | كەلمەيسىلەر<br>كۈلمەيسىلەر |
| 3 ـ | كېلىدۇ<br>كۈلىدۇ | كېلىدۇ<br>كۈلىدۇ | كەلمەيدۇ<br>كۈلمەيدۇ | كەلمەيدۇ<br>كۈلمەيدۇ |

## 4) شەرت رايى

**ئىككىنچى بىر پېئىلدا ئىپتىلغان ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا شەرت بولۇپ كەلگەن ئىش ـ ھەركەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار شەرت رايى ياكى شەرت پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: يامغۇر ياغسا، يەر كۆكىرىدۇ. شامال چىقمىسا، كىنوغا بارىمىز.

بۇ مىساللاردىكى «ياغسا، چىقمىسا» دىگەن پېئىللار «كۆكىرىش، بېرىش» ئىشىنىڭ بولۇشى ئۈچۈن كېرەكلىك شەرتنى بىلدۈرىدۇ.

شەرت پېئىللار بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەرگە «سا»، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەرگە «سە» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ماڭ ـ ماڭسا، بىل ـ بىلسە، ئال ـ ئالسا، كۆر ـ كۆرسە، كول ـ كولسا، سۆزلە ـ سۆزلىسە، ئۇخلا ـ ئۇخلىسا، ئوقۇ ـ ئوقۇسا.

**پېئىللارنىڭ شەرت رايىنىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى:**

| سانلار | شەخسلەر | تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | | تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | بولۇشلۇق | بولۇشسىز | بولۇشلۇق | بولۇشسىز |
| بىرلىك سان | 1 ـ | يازسام | يازمىسام | كۆرسەم | كۆرمىسەم |
| | 2 ـ | يازساڭ | يازمىساڭ | كۆرسەڭ | كۆرمىسەڭ |
| | 3 ـ | يازسا | يازمىسا | كۆرسە | كۆرمىسە |
| كۆپلۈك سان | 1 ـ | يازساق | يازمىساق | كۆرسەك | كۆرمىسەك |
| | 2 ـ | يازساڭلار | يازمىساڭلار | كۆرسەڭلار | كۆرمىسەڭلار |
| | 3 ـ | يازسا | يازمىسا | كۆرسە | كۆرمىسە |

پېئىللارنىڭ شەرت رايى «ئىدى» ياردەمچى پېئىلنى قوشۇش بىلەنمۇ ياسىلىدۇ.

مەسىلەن:ئۇ كەلسە ئىدى، بىز باراتتۇق. بۈگۈن ئويۇن قويۇلسا ئىدى، بىز كۆرەتتۇق. ئۇ بولسا ئىدى، بىللە باراتتۇق.

**102 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، شەرت رايىنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1 . جاپا تارتساڭ، ھالاۋەت كۆرىسەن. 2 . ئۆزەڭنى ئەر چاغلىساڭ، كىشىنى شىر چاغلا. 3 . تىرىشىپ ئوقۇساڭ، ئەلاچى بولىسەن. 4 . سەن كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلساڭ، كىشىلەر سېنى ئىززەتلەيدۇ. 5 . ئورنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر. 6 . ئىشىڭ ئوچۇق بولسىمۇ، سوراپ كىرگىن. 7 . يەر

ھەيدىسەڭ كۆزدە ھەيدە، كۆزدە ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە. 8 . ئەگەر دۈشمەن تەسلىم بولمىسا، يانچىپ تاشلاش كېرەك. 9 . مەن كىتاپنى قانچە كۆپ ئوقۇسام، بىلىمىمنىڭ شۇنچە ئاشقانلىقىنى ھېس قىلىمەن.

**103 ـ كۆنۈكمە:**(1) تۆۋەندىكى چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا شەرت رايىنىڭ قوشۇمچىلىرىنى قويۇپ، ماقالالارنى كۆچۈرۈڭلار.

1 . ئوتنى كوچىلا... ئۆچى... خوشنىنى كوچىلا... كۆچى...2 . ياش كەل... ئىشقا، قېرى كەل ... ئاشقا.3 . ئوتنى كىم تۇت ... شۇنىڭ قولى كۆيەر. 4 . قازاندا نىمە بول... چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ. 5 . ئىشلە.... چىشلەيسەن. 6 . كۆپ ئوقۇ... بىلىملىك بولىسەن.

(2) تۆۋەندىكى بۇيرۇق پېئىللاردىن شەرت پېئىل ياساڭلار.

بول، ئويلا، پات، قاق، ئەت، ئەگ، ئۆتمە، تەر، ئولتۇر، كۆزلە، ياز، سۆزلە، كەت.

**104 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى پېئىللارنى شەرت پېئىلغا ئايلاندۇرۇڭلار.

## شائىرنىڭ يۇرتى

ئىلقا ناھىيىسىگە قاچان يېتىپ بارىمىز؟ دەپ شۇنچە ئىنتىزار بولدۇم. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ يالقۇنلۇق شائىرىمىز لۇتپۇللانىڭ يۇرتى... ئاخىرى، يېتىپ كەلدۇق، ئىلقىدا قونغان تۇنجى كېچىدە ئويان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. كۆز ئالدىمدا شائىرنىڭ ئۇلۇغۋار ئوبرازى تۇراتتى، تەسەۋۋۇر كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن: ئەنە يېشى 60 قا كىرىپ قالغان، چاچ ـ ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان شائىر بوۋام، بېشىغا دوپپا، ئۈچىسىغا ئەترەڭ پەلتۇ كىيىپ، قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا تەمكىن تۇرىدۇ. كۆزلىرى ھىلىھەم بۇرۇنقىدەك: ئۈمىت بىلەن چاقناپ، چىرايىدا بىر خىل جەسۇرلۇق، مەردانىلىك جۇش ئۇرىدۇ، لەرزان چىقىۋاتقان دالا شامىلى ئۇنىڭ بويىنىغا ئورىغان شارپىسىنى يېنىك ئۇچۇرۇپ، قاردەك ئاق چاچلىرىنى تارايدۇ... ئەنە، راستىنلا كۆرۈۋاتىمەن: ئۇ ئىلقا دەرياسىنىڭ بويىدا، گايى دەريانىڭ كۆپۈكلىنىپ مەۋج ئۇرۇشىغا كۆز تىكىپ، گايى دەريانىڭ ھەيۋەتلىك شاۋقۇنلىرىغا قۇلاق سېلىپ، گايى بۇ جانىجان ۋەتەنىنىڭ لالىزار قۇچىقىغا خىيالچان تەلمۈرۈپ، سۈكۈتتە تۇرىدۇ. شۇ تاپتا ئۇ ھەش ـ پەش دىگۈچە ئۆتۈپ كەتكەن 30 ـ 40 يىل ۋاقىت ئىچىدە بۇ زىمىن ئۈستىدە بولغان يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن قىزىقىپ تۇرامدىكىن؟! ياكى ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە ئەۋلاتلىرىغا كۆرەشچان ئىنتىلىش، جەڭگىۋار روھ بەخش ئېتىدىغان يېڭى، ئۇلۇغۋار شېئىرىي پىكىرلەر تۇغۇلۇۋاتامدىكىن؟!... خىياللىرىم شۇنچىلىك شىرىن بولسىمۇ، بىراق ئۇ تۇماندەك تارقاپ تۈگىدى. مەن ئېسىمنى يىغدىم. ئۆتكەننى ئەسلىدىم... شائىر لۇتپۇللا گومىنداڭ جالالاتلىرىنىڭ جادۇسىدا توغرالغان. ئۇ قۇربان بولغان، لېكىن خەلقىم ئۇنى تۇپراققا ئەمەس، ئۆز قەلبىگە كۆمدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى پارلاق يېڭى دۇنيا يارىتىشنى نىيەت قىلغان باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ قارا تۈننى كۆيدۈرۈپ تاشلاشقا چالغان جەڭ سىگنالى ئىدى... شائىر ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى، شېئىرلىرى ھامان بىز بىلەن بىللە، قۇياشنىڭ ئۆمرى بىلەن تەڭ ياشايدۇ. ئۇ مەڭگۈ بىزگە جەڭگىۋار روھ ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ.

شائىرنىڭ يۇرتى، ئەي ئانا زىمىن! لوتۇندەك ئوت يۈرەك ئەزىمەتلەردىن يەنە مىڭلاپ، تۈمەنلەپ ئۆستۇر. بۈگۈنكى يېڭى ئۇزۇن سەپەرمۇ ئەنە شۇنداق ئوغلانلارغا مۇھتاج ...

# 11. پېئىل تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار تۈزۈلۈشىگە قاراپ، ئاددى، ياسالما ۋە قوشما پېئىللارغا بۆلۈنىدۇ. خاراكتىرىغا قاراپ ھەركەت نامىلىرى، سۈپەتداش ۋە رەۋىشداشلارغا بۆلۈنىدۇ. ئاڭلاتقان مەنىسىگە قاراپ مەقسەت پېئىل، گۇمان پېئىل، خالاش پېئىل ۋە تولۇقسىز پېئىللارغا بۆلۈنىدۇ.

## 1) پېئىللارنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلىنىشى

### (1) ئاددى پېئىل

**بىرلا تومۇردىن تۈزۈلگەن پېئىللارنى ئاددى پېئىل دەيمىز.**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەسلەن: كەل، كەت، ماڭ، تۇر، ئالدى، ياز، ئوقۇ.

**(2) ياسالما پېئىل**

**تۈپ سۆز (تومۇر)لەرگە ھەر خىل پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پېئىللارنى ياسالما پېئىل دەيمىز.**

مەسلەن: تاش + لا = تاشلا. سۆز + لە= سۆزلە. كۆي + لە = كۆيلە. تۈز + لە = تۈزلە.

**(3) قوشما پېئىللار**

**ئىككى پېئىلدىن ياكى پېئىلغا باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلۈپ بىرلا مەنە ئاڭلاتقان پېئىلنى قوشما پېئىل دەيمىز.**

مەسلەن: يېزىۋال، بېرىۋەتكىن، قول قوي، ئوقۇپ چىق.

قوشما پېئىللار ئىككى سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولسىمۇ، جۈملىنىڭ بىرلا بۆلىكى بولىدۇ ۋە جۈملىدە كۆپىنچە خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ. مەسلەن:تۇنسا ھېلىقى كىتۇبىڭىزنى بېرىپ تۇرۇڭ.

قوشما پېئىللار زامان بىلەن تۈرلەنگەندە، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئىككىنچى پېئىل تۈرلىنىدۇ.

مەسلەن: ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇپ چىقىڭ. ئوقۇپ چىقمەن. ئوقۇپ چىقىۋاتىمەن. ئوقۇپ چىقىسىز. مەن ئۇكامغا خەت يېزىپ قويدۇم. بۇ دەرسنى ياخشىراق بىلىۋال.

## 2) پېئىللارنىڭ ياسىلىشى ھەم يېزىلىشى

(1) رەۋىشداشلارغا < قوي، ئال، قال، كەت، تۇر، ئەت، بول، يات، باق > قاتارلىق ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوشلىشى بىلەن قوشما پېئىللار ياسىلىدۇ. مۇنداق ياسالغان قوشما پېئىللار قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ ۋە رەۋىشداشلارنىڭ ئاخىرىدىكى < پ > تاۋۇشى < ۋ > تاۋۇشى بىلەن، < ئا > تاۋۇشى < ئى > تاۋۇشى بىلەن ئۆزگەرتىلىشىدۇ. مەسلەن:باشلاپ + ئال = باشلىۋال. تاشلاپ + ئال = تاشلىۋال.

(2) ئاخىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈگىگەن رەۋىشداشلارغا ۋە بۇيرۇق پېئىللارغا < بەر > دىگەن ياردەمچى پېئىلنى قوشۇش ئارقىلىق قوشما پېئىل ياسىلىدۇ. مۇنداق قوشما پېئىللار قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ. مۇنداق ياسالغان قوشما پېئىللاردىكى < بەر > دىگەن ياردەمچى پېئىلنىڭ < ب > تاۋۇشى < ۋ > تاۋۇشى بىلەن ئۆزگەرتىلىشىدۇ.مەسلەن:تاشلا + بەر= تاشلاۋەر. سۆزلە + بەر= سۆزلەۋەر.كۆتە + بەر= كۆتۈۋەر. ئېيتا + بەر = ئېيتۋەر.

(3) ئاخىرىغا < غان، گەن، قان، كەن، ئار، ئەر > قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان پېئىللار بىلەن < ئىدى، ئىكەن > دىگەن تولۇقسىز پېئىللارنى قوشۇپ ئىشلىتىش ئارقىلىق قوشما پېئىللار ياسىلىدۇ. مۇنداق ياسالغان قوشما پېئىللار ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسلەن: يازغان ئىكەن. كەلگەن ئىكەن. باققان ئىدى. قالغان ئىدى.

(4) بەزى رەۋىشداشلارغا يەنە شۇ رەۋىشداشلار ياسالغان تۈپ پېئىلنى تەكرارلاش ئارقىلىق قوشما پېئىللار ياسىلىدۇ. مەسلەن:قويۇپ قوي، تۇرۇپ تۇر، قىلىپ قال.

(5) < دۇ، تۇ> قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان پېئىللارغا < ئىكەن > ياردەمچى پېئىلى قوشۇلۇپ قوشما پېئىل ياسالغاندا، < دۇ، تۇ > قوشۇمچىلىرىدىكى < ئۇ > تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مۇنداق قوشما پېئىللار قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ. مەسلەن: بېرىدۇ + كەن = بېرىدىكەن. كېتىپتۇ + كەن = كېتىپتىكەن.

(6) بەزى رەۋىشداشلار بىلەن بولۇشسىز پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق قوشما پېئىل ياسىلىدۇ.

مەسلەن:ئېيتىپ بەرمە. قاراپ تۇرما. ئېيتماي تۇر. كۈلمەي ئولتۇر. بارماي قالما. ئۆگەنمەي قالمايمەن.

**105 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللاردىن قوشما پېئىل ياساڭلار ۋە ھەر ـ بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

1 . ئېيتماق، قويماق. 2 . بەرمەك، ئەتمەك. 3 . باغلىماق، ئالماق. 4 . يازماق، تۈگەتمەك. 5 . ئىچمەلىماق، كەتمەك. 6 . توختىماق، قالماق.

ئۈلگە: باغدا رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتتى.

**106 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى قوشما پېئىللارنىكۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

«توكارىپ بولسا سېختىكى «چىكا» خادىمى خولاۋانىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. خولاۋانىڭ پۇتلىرى قىسقا بولۇپ ناھايىتى چاققان ھەركەت قىلىدىغان ئادەم ئىدى.

قورغۇچىلار ئەتىردى بارلىق قىينچىلىقلارنى قەيسەرلىك بىلەن يەڭمەكتە ئىدى. يول قۇرۇلۇشى بارغانسېرى جاڭگال ئىچىگە كىرىپ كېتىپ بارماقتا.

ئەترەتتىن قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ سانى 9 غا يەتكەن ئىدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بەش ئادەم قېچىپ كەتتى. ئىككىنچى ھەپتىنىڭ بېشىدا شەھەردىن كەچكى پويىز بىلەن قۇرۇلۇشقا نان كەلمەي قالدى. بۇ بىرىنچى زەربە بولدى...»

(ن. ئوستروۋسكىي «يول ياساش» دىگەن تېكىستتىن)

## 3) پېئىللارنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ بۆلىنىشى

پېئىللارنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ، ھەركەت نامى، سۈپەتداش ۋە رەۋىشداشلار دىگەن تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ.

### (1) ھەركەتناملىرى

ھەركەت نامى ئىسىمغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتقان پېئىلدۇر. بۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن ھەركەت نامى دەيمىزكى، ئۇ ھەم پېئىللىق، ھەم ئىسىملىك خۇسۇسىيەتكە، يەنى ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ۋە ئىككى خىل خاراكتېرغا ئىگە. ئۇنىڭ پېئىللىق خاراكتېرى، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ يىلتىزى پېئىل بولغانلىغىدا؛ ئىككىنچىدىن، ئىسىملاردەك سۈپەت بىلەن ئەمەس، بەلكى پېئىللاردەك رەۋىشلەر ئارقىلىق ئېنىقلىنىدۇ. (مەسىلەن، تېز يۈكسەلمەك، ئاستا ماڭماق)؛ ئۈچىنچىدىن، پېئىللاردەك دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە (مەسىلەن، ئوقۇماق، ئوقۇتماق، ئورىماق، ئورالماق، ئورانماق، ئوراتماق).

ھەركەت نامىنىڭ ئىسىملىك خۇسۇسىيتى، بىرىنچىدىن،خۇددى پېئىللاردەك كونكرېت زامانىنى، رايىنى، شەخس ۋە سانىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى خۇددى ئىسىملاردەك نامنى يەنى ھەركەتنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىسىملاردەك ئىگىلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ ۋە جۈملىدە ئىگە ئاتقۇرغان ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرۇپ كېلەلەيدۇ.

مەسىلەن: ئالماقنىڭ بەرمىگى بار، بارماقنىڭ كەلمىگى. تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىش ـ ياخشى خىسلەت.

**دىمەك، ھەم پېئىللىق، ھەم ئىسىملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان، پەقەت ئىش ـ ھەركەتنىڭ نامىنىلا بىلدۈرگەن، ئۆزىگە خاس مەخسۇس قوشۇمچىلىرى بولغان ۋە شەخس، زامان، بىرلىك ـ كۆپلۈكنى كۆرسەتمەيدىغان پېئىللار ھەركەت ناملىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ھەركەت ناملىرى ئىككى تۈرلۈك يول بىلەن ياسىلىدۇ.

(1) سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان لەۋلەشمىگەن بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا < ش >، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان لەۋلەشكەن بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا < ئىش > قوشۇمچىسى، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان لەۋلەشكەن بوغۇملۇق بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا < ئۇش ، ئۈش > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: تارا ـ تاراش، ئويلا ـ ئويلاش، تارات ـ تارىتىش، ماڭ ـ مېڭىش، سوز ـ سوزۇش، بۆل ـ بۆلۈش، تۈز ـ تۈزۈش، سۆزلە ـ سۆزلەش.

ھەركەت ناملىرىنىڭ بۇ شەكلى ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلىدۇ. بۇ شەكىلدىكى ھەركەت ناملىرى كۆپرەك ئىسىم مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ، مۇنداق ھالدا ئۇ ئىسىملارغا ئوخشاش سان، كېلىش ھەم ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇش، ئوقۇشلار، ئوقۇشنى، ئوقۇشتىن، ئوقۇشقا، ئوقۇشتا، ئوقۇشنىڭ ، ئوقۇشۇم، ئوقۇشۇڭ، ئوقۇشى.

بۇ شەكىلدىكى ھەركەت ناملىرى گەپتە ئىگە، خەۋەر ھەم ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇش ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش (ئوقۇش ـ ئىگە).مېنىڭ مەقسىدىم ـ ئوقۇش (ئوقۇش ـ خەۋەر). بىز ئوقۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمىز (ئوقۇش ـ ئەگەشمە بۆلەك) .

(2) بۇيرۇق رايىنىڭ ئاخىرىغا < ماق، مەك > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: كۈلمەك، سۆزلىمەك، بارماق، ئالماق.

ھەركەت نامىنىڭ بۇ شەكلىمۇ بەزىدە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا جۈملىدە ئىگە، خەۋەر ياكى تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇماق ـ ئىنتايىن ياخشى ئىش. ئالماقنىڭ بەرمىگى بار. ئۇنىڭ مەقسىدى ـ ئوقۇش.

مانا بۇلار ھەركەت نامىنىڭ ئىسىملىك خۇسۇسىيەتلىرىدۇر.

**ھەركەت ناملىرى خۇددى خەۋەر پېئىللارغا ئوخشاش ئۆزىگە خاس تۈۋەندىكىدەك پېئىل دەرىجىلىرىگە ئىگە:**

(1) ھەركەت ناملىرى ئېنىق دەرىجىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: يۇيۇش، كېسىش، سىزىش. كىتاپنى كۆپ ئوقۇش كىشىنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ.

(2) ھەركەت ناملىرى ئۆزلۈك (قايتۇرما) دەرىجىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئۆگىنىشتە ئىككىلىنىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. پاكىز يۇيۇنماق، پاكىز كىيىنمەك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئادەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

(3) ھەركەت ناملىرى مەجھۇل دەرىجىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كۈندىلىك دەرس كۈندە تەييارلىنىشى كېرەك.

(4) مەجبۇرى دەرىجىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇتۇش، يازدۇرۇش، كىيگۈزۈش، ماڭغۇزماق.

(5) ئۆملۈك دەرىجىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كۆرۈشۈش، ئوينىشىش، ئىشلىشىش.

پېئىل تومۇرىغا ھەركەت نامىنىڭ قوشۇمچىلىرىدىن ئاۋال پېئىلنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: بېرىلىش، تېرىلىش، سۆزلىشىش، كىيگۈزمەك.

يۇقۇرقىلار ھەركەت ناملىرىنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيەتلىرىدۇر.

**107 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللاردىن ھەركەت ناملىرىنى ياساڭلار.

ئوقۇ، ماڭ، كۆر، ئۆت، قوي، تاشلا، بىل، يەش، كەل.

**108 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى تىرناق ئىچىگە يېزىلغان بۇيرۇق پېئىللارنى ھەركەت ناملىرىغا ئايلاندۇرۇڭلار.

1 . پۈتۈن دۇنيادىكى ئاق كۆڭۈل ئىنسانلار دۇنيا تىنچلىقىنى (ساقلا) ئۈچۈن كۈرەشمەكتە. 2 . ۋەتىنىمىزنى مۇھاپىزەت (قىل) ھەر دائىم تەييارمىز. 3 . ۋەتەننى (قوغدا) ھەر ـ بىر پۇقرانىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى. 4 . كىنو (كۆر) ئۈچۈن باردۇق. 5 . قار (ياغ) باشلىدى.

**109 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى ھەركەت ناملىرىنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

## خانتەڭرى

خانتەڭرى! ئەي، خانتەڭرى، ئېيتقىنا، قانچە ياشقا كىردىڭ؟ يەنە قانچە يىل ياشارسەن؟ . . .

بۇ سوئالنى مەن موڭغۇلكۈرەدە، خانتەڭرىنىڭ ئىتىگىدىكى شوتا يېزىسىغا يېقىنراق بىر دالادا تۇرۇپ، بۇيۈك خانتەڭرى چوققىسىدىن سورىدىم، لېكىن بۇ بۇيۈك چوققا كەڭ ساماغا غولاچ يايغىنىچە ئۈنچىقماي تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ سىياقى ماڭا باشلىرى ئاقارغان زور گىگانت ئادەمدەك، بەلكى يەر ـ زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ، پەقەت مەۋجۇداتلارلا ئەمەس، بۇنىڭدىكى ھەر بىر گىيادىن تارتىپ قۇياشقىچە، ھەتتا ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەر بىر سەييارىلەرگىچە، ھەممە نەرسىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىر ـ لىشىشىنى، ئۇلار ئىچىدىكى ئاجايىپ تىلسىماتلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغان ۋە بىلىپ تۇرىدىغان تەڭداشسىز دانادەك بولۇپ كۆرۈندى. خانتەڭرى ـ ئۇلۇغ ۋەتەن ۋە ئۇلۇغ خەلقىمىنىڭ سىماسى. مەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇۋلىشى ياكى چىقىراشلىرىنى ئەسلىتىدىغان، جۇدۇن ـ شىۋىرغان ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ تالاي ئەسىرلەردە قەددىنى پۈكمەي، قەيسىرانە ۋە مەرتلىك بىلەن مەغرۇر ياشاپ كەلگەن بىر يۈكسەك مەردانىلىكنى ھىس قىلدىم. مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە دېدىم: ئەي، خانتەڭرى! ئاشۇ چېكى يوق قارا تۈنلەر سېنى يۇتۇپ كېتەلمىدى.

سىنىڭ ھەر بىر ئۇلۇغ تىنىشىڭ پۈتۈن زىمىننى ئويغىتىپ تۇردى. سەن ئاشۇ قارا تۈنلەر ئىچىدە ھەر تەرەپكە ئەلەملىك باققىنىڭدا، كۆز نۇرۇڭ چەكسىز سامادا چېقىلغان چاقماق بولۇپ، مەغرۇر قەد كېرىپ كەلدىڭ... ئاخىرى ئەنە شۇنداق يۈكسەكلىكتىڭ بىلەن يېڭى تاڭنى كۈتۈۋالدىڭ. مەڭزىڭنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ساي- جىرالاردىكى سۇلار سىنىڭ شاتلىق يېشىڭغا ئايلاندى. پۈتۈن قۇچىغىڭ رەڭمۇ- رەڭ گۈل - چېچەك ۋە نەپىس چىمەنلەرگە كۆمۈلدى. بىلسەڭ بۇ گۈل - چېچەكلەر بۇ زىمىننىڭ سىنىڭ بەرداشلىقىڭ ۋە ئۇلۇغلۇقۇڭ ئۈچۈن ئاتىغىڭغا سالغان پايانداز ياكى ساڭا سۇنغان گۈلدەستىسىدۇر....

خانتەڭرى، ئەي، چوققىلار شاھى! ئۇلۇغسەن... بۈيۈكسەن!... («تىيانشانغا سەپەر» دىن)

## (2) سۈپەتداشلار (سۈپەت پېئىللار)

**ھەم پېئىل، ھەم سۈپەتلىك بەلگىلىرىگە ئىگە بولغان پېئىللار سۈپەتداش يەنى سۈپەت پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئەتىيازدا ياققان يامغۇر-يېشىننىڭ ئاشلىققا پايدىسى تولا. بۇ جۈملىدە «ياققان» دىگەن سۆز يامغۇر-يېشىننىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرۈپ، «قانداق» دىگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كەلگەن. «چېپىلغان ئۈستەڭلەردىن سۇ ئاقتى» دىگەن جۈملىدە «چېپىلغان» دىگەن سۆز «ئۈستەڭلەردىن» دىگەن سۆزنى ئېنىقلاپ كەلگەن (قانداق ئۈستەڭلەر؟ - چېپىلغان ئۈستەڭلەر).

سۈپەت پېئىللار سۈپەتلەرگە ئوخشاش ئادەمنىڭ ياكى نەرسىنىڭ بەلگىسىنى كۆرستىدۇ. لېكىن سۈپەتلەر ئادەم ۋە نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ بەلگىسىنى كۆرسەتسە، سۈپەت پېئىللار نەرسلەرنىڭ ياكى ئادەمنىڭ ئىش-ھەركىتى ۋە ھالىتىنى كۆرستىدىغان بەلگىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئىشلەۋاتقان ئادەم. ئۇخلا-ۋاتقان بالا.

## سۈپەتداشلارنىڭ پېئىللىق بەلگىلىرى

سۈپەتداش ھەم پېئىللىق، ھەم سۈپەتلىك بەلگىلىرىگە ئىگە بولغان پېئىل شەكلىدۇر. لېكىن سۈپەتداشنىڭ يىلتىزى پېئىل بولۇپ، پېئىل فورمىسىغا خاس (دەرىجە، زامانغا ئوخشاش) خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن پېئىل كاتىگورىيىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي پېئىللىق خۇسۇسىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1. سۈپەتداشلار پېئىللاردىن ياسىلىپ 3 زاماندا كېلىدۇ.

مەسىلەن: يازغان، ئىشلىگەن، يېزىۋاتقان، ئىشلەۋاتقان، يازىدۇ، ئىشلەيدۇ.

2 . سۈپەتداشلارمۇ پېئىللارغا ئوخشاش بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مەن بۇ يەرگە ئۆتكەن يىل كەلگەن، ئۇ كەلمىگەن، كۆرگەن - كۆرمىگەن.

## سۈپەتداشلارنىڭ سۈپەتلىك بەلگىلىرى

1 . سۈپەتداشلار ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئۇنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى بولىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇغان بالا. يېزىلغان خەت. كەلگەن ئادەم.

2 . سۈپەتداشلار ئۆزلىرى ئېنىقلاپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئورنىدا كېلىپ، ئىسىم ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ.

مەسىلەن: ئىشلىگەن ئادەم چىشلەيدۇ - ئىشلىگەن چىشلەيدۇ.

**110 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى سۈپەتداشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1 . سىنىڭ يازغان خېتىڭنى ئوقۇدۇم.

2 . چۈشەنمىگەن نەرسىنى سوراپ بىلىش كېرەك.

3 . بىلمىگەننى سوراپ بىلگەن ئالىم، ئىزا تارتىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم.

4 . بىرلەشكەن ئوزار، بىرلەشمىگەن توزار.

5 . تىرىشىپ ئۆگەنگەن باللار دائىم ئەلاچى بولىدۇ.

## سۈپەتداشلارنىڭ زامانلىرى ۋە ياسىلىشى

سۈپەتداشلار مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن 3 زاماندا كېلىدۇ.

1 . ئۆتكەن زاماندا كېلىدىغان سۈپەتداشلار سوزۇق تاۋۇشلار ھەم جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا < غان >، < گەن > قوشۇمچىلىرىنى، جاراڭسىز تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان بۇيرۇق پېئىللارغا < قان >، < كەن > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: سىزنىڭ ئېيتقان سۆزىڭىز توغرا. تونۇگۈن ئوقۇشقا كەتكەن يولداشلارغا خەت يازدۇق. مەھمۇت 1959 ـ يىلى تۇغۇلغان.

مەن مەخمۇتجان بىلەن يېزىغا بارغان ئىدىم.

2 . ھازىرقى زامان سۈپەتداشلار ئۆتكەن زامان رەۋىشداشلىرىغا < ئات > ياردەمچى پېئىلى ۋە < قان > قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: سىلىنىۋاتقان ئىمارەت. ئوقۇۋاتقان بالا.

3 . كېلىدىغان زامان سۈپەتداشلار ھازىرقى زامان ھال پېئىلىغا < دىغان > قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: بارا + دىغان = بارىدىغان. كۆرە + دىغان = كۆرىدىغان. ئىشلەي + دىغان = ئىشلەيدىغان.

بەزىدە < دىغان > قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتداشلار كېلىدىغان زامان مەنىسىنى بىلدۈرمەي بىرەر نەرسە ياكى ئادەمنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «ھاشىم ئاكام بىكار تۇرمايدىغان ئادەم» دىسەك، بۇ جۈملىدىكى «تۇرمايدىغان» دىگەن پېئىل كېلىدىغان زامانىنى بىلدۈرمەي، شەخسنىڭ تۇراقلىق خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىپ كەلگەن.

كېلىدىغان زامان سۈپەتداشلار پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا < ئار، ئەر > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىقمۇ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئېيتار سۆزۈم يوق. بارار جايىم كۆپ.

بەزىدە < ئار، ئەر > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسالغان كېلىدىغان زامان سۈپەتداشلىرى كېلىدىغان زامان مەنىسىنى بىلدۈرمەي، نەرسىلەرنىڭ دائىمى سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇچار قانات، كۆرەر كۆزۈم. چاپار ئات.

سۈپەتداشلار پېئىللارنىڭ تومۇرىغا < غۇچى، گۈچى، كۈچى، قۇچى > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىقمۇ ياسىلىدۇ. مۇنداق سۈپەتداشلار بەلگىلىك بىر زاماندا قوللىنىلماي، ئادەم ياكى نەرسىنىڭ كەسپىنى، سۈپىتىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن: ياز ـ يازغۇچى. سەز ـ سەزگۈچى. تاپ ـ تاپقۇچى. كەس ـ كەسكۈچى.

< غۇچى، گۈچى، قۇچى، كۈچى > قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان سۈپەت پېئىللار بەزىدە پېئىللاردا ئېيتىلغان ئىش ـ ھەركەتلەرنى ئورۇنلىغۇچى كىشىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىم مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: يازغۇچى بىزگە ئۆزىنىڭ يازغان ئەسىرىنى ئوقۇپ بەردى.

**111 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى سۈپەتداشلارنىڭ قايسى زاماندا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1 . بىز ئۆي سېلىۋاتقان ئىشچىلارغا گېزىت ئوقۇپ بەردۇق. 2. بۈگۈن ئۇنىڭ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. 3 . بىزنىڭ سىنىپتا ئەلا ئوقۇۋاتقان بالىلار كۆپ. 4. بىزنىڭ يېزا شۇنداق گۈللەنگەنكى، بېرىپ قارىساڭ تونۇيالمايسەن. 5 . تازىلىققا رىئايە قىلغان ۋە تەنتەربىيە بىلەن چېنىققان ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولىدۇ. 6 . ئۇ ئەتە ماڭىدىغان ماشىنىدا كېتىدۇ. 7 . دوستۇم ماڭا بىر كىتاپ ئالغاچ كەل.

## سۈپەتداشلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى

ئۆتكەن زامان سۈپەتداشلىرىنىڭ بولۇشسىز شەكلى < ما، مە (مى) > قوشۇمچىلىرىنى پېئىل تومۇرىدىن كېيىن، سۈپەتداشلار قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالدىغا ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن مەجلىس بارلىغىنى ئاڭلىمىغان بالىلار خەۋەر قىلغاندىن كېيىن كېلىشتى.

باشقا زامانلاردا كېلىدىغان سۈپەتداشلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى < ماي، مەي > قوشۇمچىلىرىنى پېئىللارنىڭ تومۇرىغا ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆسۈۋاتقان ـ ئۆسمەيۋاتقان. كېلىۋاتقان ـ كەلمەيۋاتقان. دىگەندەك.

# ئېنىق ھەم مەجھۇل سۈپەت پېئىللار

ئېنىق سۈپەت پېئىللار ئۆزى ھەركەت قىلغان، قىلىنىۋاتقان ياكى ھەركەت قىلىدىغان ئادەمنىڭ ياكى نەرسىنىڭ بەلگىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كىتاب ئوقۇۋاتقان بالا، دۇتار چېلىۋاتقان ئادەم. ناخشا ئېيتىۋاتقان قىز.

مەجھۇل سۈپەت پېئىلى ئېيتىلغان ئىش - ھەركەتنىڭ ئېنىقلانغۇچى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى نامەلۇم كىشى ياكى نەرسە تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: يېزىلغان خەت. ئوقۇلغان كىتاب. تىكىلگەن چاپان.

**112 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ئېنىق سۈپەت پېئىللارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، مەجھۇل سۈپەت پېئىللارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. بىزنىڭ يېزىمىزنىڭ ئېتىزلىرىدا ئاپپاق ئېچىلغان پاختىلار قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىدا كۈمۈشتەك تاۋلىناتتى. 2. بىر چەتتە قۇرلاپ تېرىلغان بۇغدايلار ياپ - يېشىل ياشىرىپ، دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. 3. بىز ئوما ئورۇۋاتقان دېخانلارغا ياردەم قىلدۇق. 4. ياخشى ئوقۇغان بالىلارنى ھەممە ئادەم ئىززەتلەيدۇ. 5. بىزنىڭ ناھىيىمىزدە يېڭىدىن سېلىنغان يىگىرمە سىنىپلىق مەكتەپتە 600 بالا ئوقۇيدۇ. 6. بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلارنىڭ تولىسى دېخانلارنىڭ پەرزەنتلىرى.

7. ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قۇيۇلغان ياش،
كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان،
تىتىلغان تەن، تۈرۈلگەن مۇشت، كىرىشكەن چىش،
يۇتمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان.

(ئەنۋەر ناسىرى)

**113 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندە بېرىلگەن پېئىللارنىڭ ھەر بىرىنى ئېنىق ھەم مەجھۇل سۈپەت پېئىلى قىلىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

سۆزلەۋاتقان، كۈلۈۋاتقان، يېزىۋاتقان، ئاڭلانغان، كەلگەن.

# مەجھۇل سۈپەتداشلارنىڭ زامانلىرى ۋە ياسىلىشى

مەجھۇل سۈپەتداشلارمۇ 3 زاماندا كېلىدۇ.

1. ئۆتكەن زامان سۈپەت پېئىللىرى بۇيرۇق پېئىللارغا «غان، گەن» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يېزىل + غان = يېزىلغان خەت. كېسىل + گەن = كېسىلگەن دەرەخ. تاشلان + غان = تاشلانغان دەپتەر. ئۆرۈل + گەن = ئۆرۈلگەن تام.

2. ھازىرقى زامان مەجھۇل سۈپەتداشلار رەۋىشداشلارنىڭ مەجھۇل دەرىجىسىنىڭ ئاخىرىغا «يات» پېئىلى بىلەن «قان» قوشۇمچىسى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. لېكىن رەۋىشداشلارنىڭ ئاخىرىدىكى «پ» تاۋۇشى «ۋ» تاۋۇشى بىلەن ئۆزگىرىشىدۇ ۋە «يات» پېئىلىنىڭ بېشىدىكى «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: يېزىلىپ + يات + قان = يېزىلىۋاتقان خەت. ئوقۇلۇپ + يات + قان = ئوقۇلۇۋاتقان كىتاب. سۆزلىنىپ + يات + قان = سۆزلىنىۋاتقان لېكسىيە.

3. كېلىدىغان زامان مەجھۇل سۈپەتداشلار مەجھۇل پېئىللارغا «ىدىغان» قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئىشلىنىدىغان تاپشۇرۇق. سېلىنىدىغان ئۆي. سىزىلىدىغان رەسىم.

# سۈپەتداشلارنىڭ ئىسىملارغا ئايلىنىشى ۋە يېزىلىشى

سۈپەتداشلار بەزىدە ئىسىم مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. بولۇپمۇ «غۇچى، گۈچى، قۇچى، كۈچى» قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتداشلار، كۆپ ھاللاردا، ئىسىم مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كەتتى. سۆزلىگۈچىلەر ناھايىتى قىزغىن سۆزلەشتى.

< غان، قان، گەن، كەن > قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتداشلارمۇ ئىسىم مەنىسىدە

قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئىشلىگەن چىشلەيدۇ. قورقاقنىغا قوش كۆرۈنەر.
سۈپەتداشلار مۇنداق يېزىلىدۇ:
1 . بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشكەن، ئىككىنچى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بۇيرۇق پېئىللارغا سۈپەت پېئىللىرىنى ياسىغۇچى «كۈچى، گۈچى، قۇچى، غۇچى، غان، گەن» قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئە (ە)»غا ئۆزگەرتىلىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن: سۆزلە + گۈچى = سۆزلىگۈچى، سۆزلىگەن. سورا + غۇچى = سورىغۇچى، سورىغان.
2 . بەزى رەۋىشداشلارغا «دىغان» قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا رەۋىشداشلارنىڭ ئاخىرىدىكى < ئا، ئە > تاۋۇشلىرى < ئە (ە) > تاۋۇشى بىلەن ئۆزگەرتىلىدۇ. مەسىلەن: كۆرسىتە + دىغان = كۆرسىتىدىغان. ئولتۇرا + دىغان = ئولتۇرىدىغان . كۆچۈرە + دىغان = كۆچۈرىدىغان. توشا + دىغان = توشىدىغان. كۈلە + دىغان = كۈلىدىغان.

## (3) رەۋىشداشلار (ھال پېئىللار)

شەخس، سان، زامان بىلەن ئېنىق تۈرلەنمەيدىغان، ھەم پېئىللىق، ھەم سۈپەتلىك خۇسۇسىيىتى ۋە بەلگىسىگە ئىگە بولغان پېئىل شەكلىنى رەۋىشداشلار دەيمىز.

**رەۋىشداشلارنىڭ پېئىللىق بەلگە ـ خۇسۇسىيىتى:**

1. رەۋىشداش خۇددى پېئىللارغا ئوخشاش دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ۋە بولۇشلۇق، بولۇشسىزلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مەسىلەن: (1) كۆرۈپ، كۆرۈنۈپ، كۆرۈشۈپ، كۆرگۈزۈپ؛ (2) كۆرۈنمەي، كۆرۈشمەي، كۆرسەتمەي، كۆرۈلمەي .
2. رەۋىشداشلارنىڭ يىلتىزى تۈپ پېئىللاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بېقىندىلىق قوشما گەپلەردە بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى (ئىككىنچى دەرىجىلىك خەۋەر) بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: قىش كېلىپ، ئاپپاق قار ياغدى. باھار كېلىپ، گۈللەر ئېچىلدى.

**رەۋىشداشلارنىڭ رەۋىشلىك بەلگە ـ خۇسۇسىيىتى:**

1. رەۋىشداش خۇددى رەۋىشتەك شەخسلىك پېئىللارغا باغلىنىپ كېلىدۇ ۋە شەخسلىك پېئىلدىكى ھەرىكەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش مەقسىتى، نەتىجىسى، سەۋەبى، ھالىتى ھەم ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: (1) بىز مەكتەپكە ئوقۇغىلى كەلدۇق. (2) ئاۋۋت تىرىشىپ ئوقۇۋاتىدۇ.
2. رەۋىشداش ئىگىلىك، كېلىش ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. شۇڭلاشقا شەخسى، زامان بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. رەۋىشداشلارنىڭ زامانى ئۇنىڭ باشقا پېئىل بىلەن ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتكە بولغان ئالاقىسى ئارقىلىقلا ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇ تىرىشىپ ئوقۇدى، ئۇ تىرىشىپ ئوقۇۋاتىدۇ، مەن تىرىشىپ ئوقۇيمەن. سەن تىرىشىپ ئوقۇۋاتىسەن. سەن تىرىشىپ ئوقۇدۇڭ.
3. سۈپەت ۋە رەۋىشلەرگە خاس بولغان < راق، رەك > قاتارلىق سېلىشتۇرما قوشۇمچىلىرى بەزىدە رەۋىشداشلارغىمۇ قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:ئۇ كۈلۈمسىرەپ سۆزلىدى، ئۇ كۈلۈمسىرەپرەك ئولتۇردى. ئۇلار كۆچەت ئورىلىرىنى چوڭقۇرلىتىپ كولىدى، بىز تېخىمۇ چوڭقۇرلىتىپراق كولىدۇق.
5. رەۋىشداشلار رەۋىشلەرگە يېقىن بولغانلىغى ئۈچۈن، بەزىدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنە جەھەتتىكى پەرق ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بىرىكىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، رەۋىشداشلار ئاستا ـ ئاستا رەۋىشكە ئۆزگىرىپ كېتىش ئەھۋاللىرىمۇ ئۇچرايدۇ؛
كۆرىدىغان بولساق: بارا ـ بارا، قايتا ـ قايتا، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ، كۆرۈپ قىلىپ ۋە باشقىلار.
مەسىلەن: 1 . ماشىنا بارا ـ بارا بىر يۇمۇلاق نەرسىگە ئايلاندى. 2 . ئۇ گوركىينىڭ «ئانا» رومانىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتى.

**114 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى رەۋىشداشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

ئاتام جەنۇپلۇق بولۇپ، «توم تاغىنىڭ كەپىسى»دىگەن بىر كىتاپتا تەسۋىرلەنگەن قۇللار ئەڭ كۆپ بولغان جەنۇپ تەرەپتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىكەن. ئاتام ئۆزىمۇ بىر قۇل بولۇپ، ئۇنى 1838 ـ يىلى تېنىپسى ئىشتاتىدىكى قۇل بازىرىدا ئاتامنىڭ خوجايىنى باشقا بىر دىخانچىلىق مەيدانىنىڭ

www.uyghurkitap.com

خوجايىنغا ساتقان ئىكەن. ئۇ چاغدا ئۇ، ئەمدىلا 15 ياشتا بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى زورلۇق بىلەن يۇرتىدىن ئايرىپ يىراق يەرلەرگە ئېلىپ كېتىپ بارغاندا، ئاتام يېرىم يولدىن قېچىپ كېلىدۇ. ئۇ تاغ كېزىپ، دەريالارنى كېچىپ دىگۇدەك ئۇزۇن كۈنلەر سەرسان بولۇپ قېچىپ يۈرىدۇ. خوجايىنلار ئىزمۇ - ئىز قوغلاپ، ئارقىسىدىن بىر يىرتقۇچ ئىتنى قويۇۋېتىپ قورقۇنچلۇق قاتتىق سوراقلارغا تارتماقچى بولۇپ قەسەم قىلىشىدۇ. ئەمما ئاتام يولۋاس ئاغزىدىن ئاخىرى قېچىپ قۇتۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاتام ليۇجېۋستىكى يۇرتىمىزدىن خېلى يىراق يەردە ئورۇنلىشىپ قالىدۇ.

ئانامنىڭ ئىسمى مارىيا بولۇپ، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى. ئۆيىمىزدە يىگىلى بولىكىنىڭ بىر تال ئۇۋىقىمۇ بولمىغان چاغلاردا، ئۇ ئانىلىق مېھرى بىلەن بىز ئۈچۈن قايغۇراتتى ۋە ئەلەم چېكەتتى. كۈنىمىز هامان شۇنداق يوقسۇللۇقتا ئۆتەتتى. قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىدە مۇزدەك ئوچاق بېشىدا، ئانام مېنى تىزىغا قويۇپ بەزلەپ ئۇخلىتىپ قويغانلىقى تېخى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

- ئۇخلا، بالام! ئۇخلا، قوزام!... ياخشى ئۇخلىساڭ چۈشۈڭدە يەيدىغان نەرسىلەرنى ئويلىمايسەن، - دەيتتى ئانام. («ئۇلۇغ ئوكيانىنىڭ ئۇ قېتىدا»دىن)

**115 - كۆنۈكمە:** بېرىلگەن سۆزلەرنى كۆچۈرۈڭلار. تىرناق ئىچىدىكى پېئىللارنى رەۋىشداشلارغا ئالماشتۇرۇپ يېزىڭلار.

1 . ئۇ (ئەندىكمەك) سۆزلىدى.2 . ئەخمەت ئورۇمچىدە (ئوقۇماق) كەلدى.3. يامغۇر (توختىماق) هاۋا ئېچىلىپ كەتتى. 4 . گۈلناز كېپىنەكلەر ئارقىسىدىن (يۈگۈر) ھېرىپ قالدى.5 . كەچ كىردى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار (پىلدىر) كۆرۈنۈشكە باشلىدى.6 . مامۇتنىڭ ئاكىسى ھەمىشەم (كۈلمەك) سۆزلەيدۇ. 7. ئۇ دەرەخ سايىسىدە (ئۇخلىماق) قالدى.8 . بىزنىڭ يېزىغا يېڭى تىراكتور (گۈكىرىمەك) كەلدى.

## رەۋىشداشلارنىڭ ياسىلىشى

رەۋىشداشلار تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ :

1 . سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا «پ»، ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا < مىپ > ۋە لەۋلەشكەن بوغۇملۇق پېئىللارغا < ئۇپ، ئۇپ > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئوينا + مىپ = ئويناپ، ياز + مىپ = يېزىپ، ئال + مىپ = ئېلىپ، بول + ۇپ = بولۇپ، ئوقۇ + پ = ئوقۇپ، كۆر + ۈپ = كۆرۈپ.

2. بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن، 2 - بوغۇمى لەۋلەشكەن ھەم ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < ئۇپ >، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < ئۈپ > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئالغۇز + ۇپ = ئالغۇزۇپ، كەلتۈر + ۈپ = كەلتۈرۈپ، ياتقۇز + ۇپ = ياتقۇزۇپ، كەتكۈز + ۈپ = كەتكۈزۈپ، ماڭغۇز + ۇپ = ماڭغۇزۇپ، يازغۇز + ۇپ = يازغۇزۇپ.

3. رەۋىشداشلارنى تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مۇنداق رەۋىشداشلار ئۆز ئالدىغا قوللىنىلمايدۇ ۋە زاماننى بىلدۈرمەيدۇ. رەۋىشداش ئۆزى ياندىشىپ كەلگەن خەۋەر پېئىللار قايسى زاماندا كەلسە، ئۇ شۇ زامانغا تەۋە بولىدۇ.مەسىلەن: ئويناپ - ئويناپ، قاراپ - قاراپ، ماڭا - ماڭا، يازا - يازا ؛

رەۋىشداشنىڭ بۇ شەكلى ئىككىنچى پېئىلدىن ئاڭلىتىلغان ئىش - ھەركەتنىڭ تەكرارلانغانلىقىنى ۋە ئۇزاققا سوزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.مەسىلەن: مەن بۇ يولنى ماڭا - ماڭا ئاران تۈگەتتىم. بۇ كىتاپ شۇنداق قىزىقكى، كۈلە - كۈلە ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك بولدۇم. يۇرتىمىزنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە قاراپ - قاراپ تويمايمەن.

. ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈپ پېئىللارغا < ئا، ئاي >، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈپ پېئىللارغا < ئە، ئەي > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ياز - يازا، كۆر - كۆرە، ئال - ئالا، كۈل - كۈلە، قال - قالا، كەل - كېلە، ماڭ - ماڭاي، ئۈز - ئۈزەي، تۈر - تۈراي، سۈز - سۈزەي .

5 . سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تۈپ پېئىللارغا < ي > قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: تاشلا - تاشلاي، كۆزلە - كۆزلەي، سۆزلە - سۆزلەي، سورا - سوراي، ...

رەۋىشداشلار تەكرارلانغان هالدا قوللىنىلسا، ئۇ خەۋەردىن ئاڭلىشىلغان ئىش ـ هەركەتنىڭ ئۇزاقـ ـقىچە داۋاملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.مەسىلەن: يازا ـ يازا تۈگەتتىم . ماڭا ـ ماڭا يېتىپ باردىم.

6 . سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىل تومۇرىغا < ر > قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: باشلا + ر= باشلار، باشلارمەن.سۆزلە + ر= سۆزلەر، سۆزلەرسەن. كۆرە + ر= كۆرەر، كۆرەرسەن.

7 . ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈپ پېئىللارغا < ئار > تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈپ پېئىللارغا «ئەر» قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: بار + ار = بارار، بارارمەن . قىل + ار = قىلار، قىلارمەن.كۈلە + ەر = كۈلەرمەن، كۈلەرسەن. كۆر + ەر = كۆرەر، كۆرەرسەن.

8 . بەزىبىر تۈپ پېئىللارغا ياكى قاتارلىشىپ كەلگەن ئىككى پېئىلنىڭ ئىككىنچىسىگە < غىچە، گىچە، قىچە، كىچە > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ئىش ـ هەركەتنىڭ ئىشلىنىش ۋاقتىنى، مۇددىتىنى بىلدۈرۈپ، «قاچانغىچە» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان رەۋىشداشلار ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: مەن بارغىچە، سەن كېتىپ قالما. ئۇ كەلگىچە، بىز دەرسكە كىرىپ كەتتۇق. ئۇ قايتقىچە، بىز كېتىپ قالدۇق.سەن چاي ئىچكىچە، مەنمۇ كېلىمەن.

رەۋىشداشلارنىڭ يەنە بەزى تۈرلىرى جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تا ـ ۋۇشلۇق پېئىللارغا < غاچ >، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < گەچ >، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < قاچ >، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < كەچ > قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئالغاچ كەلدىم. ئالغاچ بارىمەن. ئالغاچ كېلىۋاتىمەن. ئۇ سۆزلىگەچ ئولتۇردى. ئۇ سۆزلىگەچ ئولتۇرۇۋاتىدۇ.

**116 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى تىرناق ئىچىدىكى پېئىللارنى رەۋىشداشلارغا ئايلاندۇرۇڭلار.

1 . كۈن (چىق) يەر ـ جاهان ئىسسىقلا باشلىدى. 2 . مەكتەپتىن (يان) ئەنۋەرنىڭ ئۆيىـ ـگە كىردىم.3 . يامغۇر (ياغ) يەرلەر كۆكەردى.4 . مەن مەكتەپكە (بار) ساڭا يولۇقىمەن. 5 . مەن دەرستىن (چۈش) تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ قويدۇم.

**117 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى بۇيرۇق پېئىللاردىن رەۋىشداشلارنى ياساڭلار.

سۆزلە، كۈل، ئىشلە، ئۈز، ياسا، ئوينا، تىرىش، ئال، بەر، قوي، ياق، سۈركە،...

ئۈلگە:

| ئۆتكەن زامان رەۋىشداش | هازىرقى زامان رەۋىشداش | كېلىدىغان زامان رەۋىشداش |
|---|---|---|
| ئالغاچ كەلدىم<br>(ئېلىپ كەلدىم) | ئالغاچ كېلىۋاتىمەن<br>(ئېلىپكېلىۋاتىمەن) | ئالغاچ كېلىمەن<br>(ئېلىپ كېلىمەن) |

**118 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى تۈپ پېئىللارنى هازىرقى زامان ھەم كېلىدىغان زامان رەۋىشداشلىرى قىلىپ تۈرلەڭلار.

سىلەر زور هاياتىي كۈچكە ئىگە، سىلەر تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭلار كېرەك. قورۇلۇش ئۈچۈن قابىلىيەت بولۇش كېرەك. قابىلىيەتكە، بىلىمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەك. ئۆگىنىشتە كەمتەر بولۇپ، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق، مەغرۇرلانماسلىق كېرەك. ياشلارنىڭ تەجرىبىسى ئاز، بىلىمى يېتەرسىز بولغانلىقتىن، ئازغىنا نەرسە ئۆگىنىۋالسا، ئۆزىچە قالتىس بولۇپ كېتىپ، ئوڭايلا هاكاۋۇرلۇق قىلىپ مەغرۇرلىنىدۇ. نۇرغۇن ياشلار هاكاۋۇرلۇق مەغرۇرلۇق بىلەن تەختتىن چۈشۈپ كەتتى.

(ئۇياكچىن «ياشلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد» تىن)

## 4) پېئىللارنىڭ مەنىسىگە قاراپ بۆلۈنۈشى

### (1) مەقسەت پېئىللار

**بىرەر ئىش ـ هەركەت توغرىسىدىكى مەقسەت هەم تىلەكنى بىلدۈرگەن پېئىللار مەقسەت**



www.uyghurkitap.com

**پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەقسەت پېئىللار ئۈچ تۈرلۈك ياسىلىدۇ.

1. تۈپ پېئىلنىڭ ئاخىرىغا < غىلى، گىلى، كىلى، قىلى > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا < غىلى >، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < گىلى > قوشۇمچىسى ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ياز + غىلى = يازغىلى، بار + غىلى = باغىلى، تاشلا + غىلى = تاشلىغىلى، سورا + غىلى = سورىغىلى، توقۇ + غىلى = توقۇغىلى، بەر + گىلى = بەرگىلى، ئىشلە + گىلى = ئىشلىگىلى، سۆزلە + گىلى = سۆزلىگىلى.

جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بۇيرۇق پېئىللارغا < قىلى > تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بۇيرۇق پېئىللارغا < گىلى > قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: يات + قىلى= ياتقىلى، تاپ + قىلى = تاپقىلى، كەت + كىلى = كەتكىلى، كەس + كىلى = كەسكىلى.

< غىلى، قىلى، گىلى، كىلى > قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ ياسالغان مەقسەت پېئىللار ئۆز ئالدىغا ئالايىتەن قوللىنىلمايدۇ. پەقەت جۈملە ئىچىدە باشقا بىر پېئىلنىڭ مەقسىدىنى بىلدۈرۈپ شۇ پېئىل بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئابدىرىشىت بېيجىڭغا ئوقۇغىلى كەتتى. چاي ئىچكىلى ئولتۇردۇق. مەن بۇ يەرگە ئوقۇغىلى كەلگەن. مەريەمخان دەرس ئاڭلىغىلى كىرىپتۇ.

مۇنداق مەقسەت پېئىللار زامان ھەم شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. ئۆزى باغلىنىپ كەلگەن پېئىلنىڭ زامان ھەم شەخسلىرىگە بويسۇنىدۇ. مەسىلەن: مىجىت سىنى كۆرگىلى كەپتۇ. مەمتىلى شېئىر ئوقۇغىلى كەتتى.

2 . مەقسەت پېئىللار ھەركەت ناملىرىنىڭ ئاخىرىغا «قا، كە» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: تاراش ـ تاراشقا، ئىشلەش ـ ئىشلەشكە، مېڭىش ـ مېڭىشقا، كۆرۈش ـ كۆرۈشكە.

مەقسەت پېئىلنىڭ بۇ تۈرىمۇ زامان ھەم شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. ئۆزلىرى باغلىنىپ كەلگەن پېئىللارنىڭ زامان بىلەن شەخسلىرىگە بوي سۇنىدۇ.

مەسىلەن: مەن ئىشلەشكە كېـ ـ كېتىمەن. بىز ئويناشقا كەتتۇق. سەن ئوقۇشقا كېتىسەن. سىلەر ئوقۇشقا كېتىسلەر. ئۇ كىنو كۆرۈشكە كېتىدۇ. ئۇ كۆلدە چۆمۈلۈشكە كېتىدۇ.

3 . مەقسەت پېئىللار ھەركەت ناملىرىنىڭ ئاخىرىغا < چى > قوشۇمچىسى ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەقسەت پېئىلنىڭ بۇ تۈرى تىلەكنى بىلدۈرىدۇ ۋە جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن: مەن يەنە ئىككى يىل ئوقۇماقچى. ئابلىمىت ھېكايە يازماقچى. بىز ئەتە كېۋەز تېرىشقا چىقماقچى.

بۇ شەكىلدىكى مەقسەت پېئىللار پەقەت كېلىدىغان زاماندا بىرلىك ھەم كۆپلۈك سانلاردا بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز بولۇپ تۈرلىنىدۇ.

**119 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى بۇيرۇق پېئىللاردىن مەقسەت پېئىللار ياساڭلار.

ئال، ماڭ، بار، ياز، كەل، ئىشلە، ئۇخلا، ئولتۇر، كەس، كەچ، قارا، باغلا، يېزىل، ئېچىل، چەكلە، كۆزلە، سۆزلە، كەت، سال.

## (2) گۇمان پېئىللار

**بىرەر ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئىشلىنىشى ئېنىقسىزلىق ۋە شۈبھىلىكرەك ئىكەنلىكىنى بىلدۈ-رىدىغان پېئىللار گۇمان پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: كېلەر، بارار، ئوقۇغۇدەك، يېزىۋاتقاندۇ.

گۇمان پېئىللار 3 زاماندا كېلىدۇ.

كېلىدىغان زامان گۇمان پېئىللىرى بۇيرۇق پېئىللاردىن تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ.

1 . سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بۇيرۇق پېئىللارغا <ر>، ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان

تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا < ئار >، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش پېئىللارغا < ئەر > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن: سۆزلە ـ سۆزلەر، تارا ـ تارار، تۆلە ـ تۆلەر، سورا ـ سورار، ئولتۇر ـ ئولتۇرار، كۆتە ـ كۆتىرەر، تولدۇر ـ تولدۇرار، چۈشەن ـ چۈشىنەر.

2 . سۈپەتداشلارغا < دۇ > قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مۇنداق گۇمان پېئىللار 3 زاماندا كېلىدۇ. مەسىلەن: يازغاندۇ، يېزىۋاتىدۇ، يازىدىغاندۇ.

3 . ھازىرقى زامان گۇمان پېئىلى بىلەن رەۋىشداشلار < يات > دىگەن ياردەمچى پېئىلغا گۇدەك، كۇدەك، غۇدەك، قۇدەك > دىگەن قوشۇمچىلىرىنى، كېلىدىغان زامان گۇمان پېئىلى بولسا، بۇيرۇق پېئىللارغا < گۇدەك، كۇدەك، قۇدەك، غۇدەك > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: كېلىۋاتقۇدەك، يېزىۋاتقۇدەك، ئوينىغۇدەك، كەلگۇدەك، يازغۇدەك، كەتكۇدەك.

4 . گۇمان پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بۇيرۇق پېئىللارغا < ماس >، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بۇيرۇق پېئىللارغا < مەس > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: كۆر + مەس = كۆرمەس، كەل + مەس = كەلمەس، باق + ماس = باقماس، تارا + ماس = تارىماس.

5. گۇمان پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلى بۇيرۇق پېئىللارغا مۇمكىنچىلىكنى بىلدۈرىدىغان < ئال، ئەل> ۋە < ماس، مەس > قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن: قارا + ئال + ماس = قارالماس. تاپ + ئال + ماس = تاپالماس. كۆر + ئەل + مەس = كۆرەلمەس.

بەزىدە <ماس، مەس> قوشۇمچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان بولۇشسىز گۇمان پېئىللار گۇمان مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ.مەسىلەن: يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس.

گۇمان پېئىللارنىڭ كېلىدىغان زاماندا تۈرلىنىشى

ئا : بىرلىك سان شەكلى

| شەخسلەر | بولۇشلۇق | بولۇشسىز |
|---|---|---|
| 1 ـ | قارا ـ قارار ـ مەن<br>كەل ـ كېلەر ـ مەن | قارا + ئال + ماس + مەن = قارالماسمەن<br>كەل + ئەل + مەس + مەن = كېلەلمەسمەن |
| 2 ـ | قارا ـ قارار ـ سەن<br>كەل ـ كېلەر ـ سەن<br>كەل ـ كېلەر ـ سىز | قارا + ئال + ماس + سەن = قارالماسسەن<br>كەل + ئەل + مەس + سەن<br>كەل + ئەل + مەس + سىز = كېلەلمەسسىز |
| 3 ـ | قارا ـ قارار<br>كەل ـ كېلەر | قارا + ئال + ماس = قارالماس<br>كەل + ئەل + مەس = كېلەلمەس |

ب : كۆپلۈك سانى

| شەخسلەر | بولۇشلۇق | بولۇشسىز |
|---|---|---|
| 1 ـ | قارا ـ قارار ـ مىز<br>كەل ـ كېلەر ـ مىز | قارا + ئال + ماس + مەن = قارالماسمىز<br>كەل + ئەل + مەس + مەن = كېلەلمەسمىز |
| 2 ـ | قارا ـ قارار ـ سىلەر<br>كەل ـ كېلەر ـ سىلەر | قارا + ئال + ماس + سەن = قارالماسسەن<br>كەل + ئەل + مەس + سەن = كېلەلمەسسەن |
| 3 ـ | قارا ـ قارار<br>كەل ـ كېلەر | قارا + ئال + ماس = قارالماس<br>كەل + ئەل + مەس = كېلەلمەس |

**120 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى بۇيرۇق پېئىللارنى گۇمان پېئىلغا ئايلاندۇرۇڭلار .
بار، ئال، كەل، كۆر، ماڭ، ئولتۇر، چىق، يۈگۈر، باق، يات، قىز، ياز، بار، ئوقۇ، كەت؛
**121 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى گۇمان پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.
.... بىر نەچچە قىز يالغىياق بولۇپ كۆيىنگىنىڭ ئېتىگىنى كۆتىرىشىپ خوشال ـ خوراملىق

بىلەن بۇژغۇنلارنى قوغلىشىپ ئوينىماقتا. ئېھتىمال، دېڭىز بىلەن تۇنجى قېتىم تونۇشۇشى بولسا كېرەك. ئۇلارغا بىرەر بېلىق ئالغۇچى قۇشمۇ، ئىككى قۇلۇلمۇ قىزىق ۋە ئەجەپلىنەرلىك ئىدى. غەلىتە تۇستىكى خادا تاشلار ئۇلارنىڭ ئەجەپلىنىۋاتقان كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، ئەلۋەتتە.

ئەنە ئۇلار پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى: خادا تاش تۆمۈردىن قاتتىق تۇرسا، قانداقسىگە مۇنداق بولۇپ قالغاندۇ؟ («ئاق بۇژغۇن» دىن)

## (3) خالاش پېئىللار

**ئادەم ياكى نەرسىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا بولغان ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ خالاش مەنىسىدە ئېيتىلغان پېئىلنىڭ شەكلى خالاش پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.**

خالاش پېئىللار تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

1 . سوزۇق تاۋۇش ھەم جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارنىڭ تومۇرىغا < غۇ >، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارنىڭ تومۇرىغا < گۇ >، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارنىڭ تومۇرىغا < قۇ >، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارنىڭ تومۇرىغا < كۇ > قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ ئاندىن كېيىن < كە، بار > دېگەن پېئىللار ياندىشىپ كېلىپ خالاش پېئىللار ياسىلىدۇ. مەسىلەن: تاشلا + غۇ + م = تاشلىغۇم بار. تاشلا + غۇ + ڭ = تاشلىغۇڭ بار. تاشلا + غۇ + سى = تاشلىغۇسى بار. كۆر + گۇ + م = كۆرگۈم كېلىدۇ. كۆر + گۇ + ڭ = كۆرگۈڭ كېلىدۇ. كۆر + گۇ + سى = كۆرگۈسى كېلىدۇ. كەت + كۇ + م = كەتكۈم كېلىدۇ. كەت + كۇ + سى = كەتكۈسى كېلىدۇ. سات + قۇ + م = ساتقۇم بار. سات + قۇ + ڭ = ساتقۇڭ بار. سات + قۇ + سى = ساتقۇسى بار.

2 . خالاش پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلى خالاش پېئىللارغا <يوق> دېگەن سۆز ياندىشىپ كېلىش ئارقىلىق ۋە خالاش پېئىللارغا ياندىشىپ كەلگەن < كەل > دېگەن پېئىللارغا < ما، مە > بولۇشسىز قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن: يازغۇم يوق، بارغۇم يوق، كۆرگۈسى يوق، كۆرگۈم يوق، بارغۇم كەلمىدى، يازغۇم كەلمىدى، كەلگۈسى كەلمىدى.

**122 ـ كۆنۈكمە:** خالاش پېئىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەش جۈملە تۈزۈڭلار.

**123 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى خالاش پېئىللارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. مېنىڭ ئاقسۇغا بېرىپ ئوقۇغۇم بار. 2. ئۇنىڭ مەجلىستە سۆزلىگۈسى بار ئىدى، لېكىن سۆزلىمىدى.3 . يالقۇننىڭ غۇلجىغا بارغۇسى بار.4 . سىنىڭ تۇغۇلغان يېزاڭنى كۆرگۈڭ كەلگەندۇ؟5 . مېنىڭ يېزىغا بېرىپ ئىشلىگۈم بار.6 . ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۈلگۈم كەلدى.7. ئۇنىڭ چۆچەكلىرىنى ئاڭلىساڭ ئاڭلىغۇڭ كېلىدۇ. 8 . بۇ گۈللەر شۇنداق چىرايلىقكى، قارىساڭ قارىغۇڭ كېلىدۇ.

**124 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئاۋۋال خالاش پېئىللارغا ئايلاندۇرۇڭلار. ئاندىن شۇ خالاش پېئىللارنى ئاساس قىلىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ياز، تەر، كۈل، ئال، كۆر، تولدۇر، كەس، ئوقۇ، يۈگۈر، ماڭ، ئىشلە

ئۈلگە : يۈگۈر + گۈم = يۈگۈرگۈم.مەكتەپكە ئىلدامراق يېتىش ئۈچۈن، يۈگۈرگۈم كېلىۋاتىدۇ.

## (4) تولۇقسىز پېئىللار

ئۇيغۇر تىلىدا « ئىدى، ئىكەن، ئىمىش، دۇر » ئوخشاش پېئىللار ئۆز ئالدىغا قوللىنىلمايدۇ. پەقەت باشقا پېئىللارغا ياندىشىپ كېلىدۇ ھەم يالغۇز تۇرغانىدا بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. بەزىبىر پېئىللار ئۆز ئالدىغا قوللىنىلىدۇ. بىراق باشقا سۆزلەرگە (تولاراق پېئىللارغا) ياندىشىپ كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى مەنىلىرىنى تامامەن ياكى يېرىم ـ ياتا يوقىتىپ، شۇ ياندىشىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش بىلەن، پېئىللار بىلدۈرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېنىق بولغانلىقىنى، بولىدىغانلىقىنى ياكى بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تولۇسىز بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

مەسلەن: «بەدىنىم قىزىپ كەتتى» دىسەك، بۇ جۈملىدىكى «كەتتى» دىگەن پېئىل ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى بىر تەرەپكە كېتىش مەنىسىنى يوقىتىپ، «قىزىماق» دىگەن پېئىلنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تولۇقسىز پېئىل بولۇپ كەلگەن.

تولۇقسىز پېئىللار تولاراق رەۋىش ۋە سۈپەتداشلار بىلەن قوشۇلۇپ قوشما پېئىللار ياساش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

تولۇقسىز پېئىل بولۇپ كېلىدىغان پېئىللار مۇنۇلار:

1 . «ئىدى» دىگەن بۇ تولۇقسىز پېئىل پېئىل بىلەن قوشۇلۇپ، تولاراق بىرەر ئىشنىڭ ئۆتكەن زاماندا بولغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: تۇرسۇن بۇ يەرگە ئۆتكەن يىلى كەلگەن ئىدى.كەڭ كەتكەن بۇ پاختىزارلىق تېخى تۈنۈگۈنلا چۆللۈك ئىدى.

ئەگەر «ئىدى» دىگەن تولۇقسىز پېئىل شەرت پېئىلىدىن كېيىن كەلسە، تىلەكنى، خالاشنى بىلدۈرىدۇ.مەسلەن: ئۇ كەلسە ئىدى، مەنمۇ باراتتىم.

2 . «ئىكەن» دىگەن بۇ تولۇقسىز پېئىل پېئىللار بىلەن قوشۇلۇپ ئىش ـ ھەركەتنىڭ ياكى بەلگىنىڭ سۆزلىگۈچىگە ئاۋالدىن مەلۇم ۋە بەلگىلىك بولماي، كېيىن مەلۇم ۋە بەلگىلىك بولۇپ قالغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ.مەسلەن: غۇنچەم كەلگەن ئىكەن.

3 . «ئىمىش» دىگەن بۇ تولۇقسىز پېئىل پېئىللار بىلەن قوشۇلۇپ، گۇمان، تەنە، ئىشەنمەسلىك ياكى بىر ئىشنى يوققا چىقىرىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.مەسلەن: ئۇ ناخشىغا ئۇستا ئىمىش.ئەختەم چىرايلىق يازغۇدەكمىش.

4. «دۇر» دىگەن بۇ تولۇقسىز پېئىل جۈملىدە پەقەت خەۋەرگە ئۇلىنىپ خەۋەرنى مۇئەيـ ـيەنلەشتۈرۈپ كېلىدۇ.مەسلەن: ئاشلىق ـ ئاساسنىڭ ئاساسىدۇر.

تولۇقسىز پېئىللار باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ياندىشىپ كېلىۋېرىدۇ. ياندىشىپ كەلگەن سۆز تۈركۈمى بىلەن قوشۇلۇپ خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.مەسلەن: تۈنۈگۈنكى كىنو قىزىق ئىكەن. قوغۇنلۇقتا چىققان ئىكەن. بىزنى ئوقۇتقۇچى ئېكسكۇرسىيىگە ئېلىپ بارماقچى ئىكەن.

جانلىق تىلدا بۇ تولۇقسىز پېئىللارنىڭ قىسقارغان شەكلى مۇنداق بولۇپ كېلىدۇ:

ئىكەن ـ كەن، ئىدى ـ دى، تى، ئىمىش ـ مىش. مەسلەن: كۆپ ئىكەن ـ كۆپكەن. كەلگەن ئىمىش ـ كەلگەنمىش. ئۇ يازار ئىدى ـ ئۇ يازاتتى.

بۇ تولۇقسىز پېئىللارنىڭ قىسقارغان شەكلى ئۆزىدىن ئاۋال كەلگەن سۆزلەرگە ئۇلىنىپ يېزىلىدۇ. مەسلەن: ئەخمەت ساۋغىنى پۇختا تەييارلاپتىكەن، شۇڭا ئەلا باھا ئالدى. بۈگۈن كۇلۇپتا كونسىرت قويىغۇدەكمىش.ئىمىن كىچىگىدە چوچەكلەرنى كۆپ ئاڭلايتتى.

تولۇقسىز پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1 . تولۇقسىز پېئىللار باشقا پېئىللار بىلەن قوشۇلۇپ ياكى ياندىشىپ كەلگەندە، بولۇشسىز بەلگىسى باشقا پېئىلدا بولىدۇ.مەسلەن: سۆزلىگەن ئىكەن، سۆزلىمىگەن ئىكەن، خەت يازغان ئىكەن، خەت يازمىغان ئىكەن.

2 . تولۇقسىز پېئىللار باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئېيتىلغاندا، ئۇنىڭدىن ئاۋال «ئەمەس» دىگەن سۆز ياندىشىپ كېلىدۇ. مەسلەن: بۇ ئالما ئانچە تاتلىق ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆيى ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن.

**125 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى تولۇقسىز پېئىللارنى تېپىڭلار.

1 . بۇ باغدا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ئىكەن. بىزنىڭ باغدا گۈللەر ئېچىلغان ئىدى.2 . كۈن ئىسسىغان ئىدى. كۈن ئىسسىپ كەتكەن ئىدى. 3. ئۇ ئەمدى مېڭىپ كەتتى.4 . مامۇت خەت يازغان ئىكەن. 5 . بىپايان يايلاقتىكى قويلار سەمرىپ كەتكەن ئىكەن.6 . ئۇلار ناخشىنى ياخشى ئېيتقانمىش.

**126: كۆنۈكمە:**تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ، ياردەمچى پېئىللارنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1 . ... ماباۋ خوشاللىق بىلەن قولىنى سەل ـ پەل بوشتىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئانىسى ئالمىخان چوڭ ئانام ئۇنى ئىزلەپ كەلگەن ئىكەن. ئۇ ئىلدام دەرەختىن چۈشكەن ئىدى...

3 . ... بۇ بىر كەمبەغەل يېزا ئىدى. ھەر يىلى ئەتىيازدا تولۇق ئېرىگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر

دىخانلىرى دەريا سۇلىرى يەتكەن يەرلەرگە بوز يەر ئېچىپ زىرائەت تېرىشاتتى.
(«ئالمىخان چوڭ ئانام» دىن)

**127 ـ كۆنۈكمە:** تولۇقسىز پېئىللارنىڭ ھەر بىرىگە ئىككىدىن جۈملە تۈزۈپ كېلىڭلار.

**تەكرارلاش سوئاللىرى**

1 . پېئىل دىگەن نىمە؟ مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈڭلار.
2 . ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قايسىلار؟ پېئىللار قانداق ياسىلىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىڭلار.
3 . بولۇشلۇق، بولۇشسىز پېئىل دىگەن نىمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭلار.
4 . پېئىل زامانلىرى دىگەن نىمە؟ پېئىللار زامان، شەخس، سان بىلەن قانداق تۈرلىنىدۇ؟ مىساللار كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.
5 . پېئىل دەرىجىلىرى دىگەن نىمە؟ پېئىل دەرىجىلىرى نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟ ئىككى تۈپ پېئىلنى مىسالغا ئېلىپ، ئۇنى پېئىل دەرىجىلىرى بويىچە تۈرلەپ چۈشەندۈرۈڭلار.
6 . پېئىل رايى (مەيىللىرى) دىگەن نىمە؟ پېئىللار قانداق رايغا بۆلۈنىدۇ؟ ئوقۇغان كىتاپلاردىن مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈڭلار.
7 . پېئىللارنىڭ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىغىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.
8 . پېئىللار خاراكتىرىغا قاراپ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟مىسال كەلتۈرۈڭلار.
9 . پېئىللار مەنىسىگە قاراپ قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟ مىسال كەلتۈرۈڭلار.
10 . تولۇقسىز پېئىل دىگەن نىمە؟ ئۇنى نىمە ئۈچۈن تولۇقسىز پېئىل دەيمىز؟ مىسال كەلتۈرۈڭلار.

# 12 ـ § . رەۋىش

## 1. رەۋىش توغرىلىق ئومۇمى چۈشەنچە

**ئىش ـ ھەركەتنىڭ تۈرلۈك بەلگىسىنى، ۋاقتىنى، ئورنى، ھالىتى، مەقسىدى، دەرىجە، مىقدارى قاتارلىق تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ۋە سۈپەتلەرنىڭمۇ ھەركەت جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسلەن: «بىز ئەتىگەن يولغا چىقتۇق» دىسەك، «ئەتىگەن» دىگەن سۆز- ئىش ـ ھەركەتنىڭ ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. «ئۇلار ئارقىمىزدىن چاپسان يېتىشۋالدى» دىگەن جۈملىدە «ئارقىمىزدىن» (ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئورنىنى) ، «چاپسان» دىگەن سۆز ئىش ـ ھەركەتنىڭ ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. «مۇنداق قاراش ئىلمي پرىنسىپقا تامامەن ئۇيغۇن» دىگەن جۈملىدە «تامامەن»، سۆزى «ئۇيغۇرن» دىگەن سۈپەتنىڭ دەرىجە خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

رەۋىشلەر جۈملىدە پېئىللارغا، سۈپەتلەرگە باغلىنىپ كېلىپ جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلىگى (ھالەت) بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن يىغىلىش بولدى. بىز مەكتەپتىن كەچ قايتتۇق. ساۋاقداشلار ئۆيلىرىگە ئۇدۇلكېتىشتى. مەن يۇقۇرى چىقتىم. ئۇ تۆۋەن چۈشتى. ئۇلار بىردىنلا توختىدى. ئۇلا؟ر پىيادە كەتكەن ئىكەن.

رەۋىشلەر تۆۋەندىكىچە مورفولوگىيىلىك بەلگىلەرگە ئىگە :

1 . رەۋىشلەر بىرەر سۆز بىلەن گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەندە، ئۆز شەكلىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. شەكىل جەھەتتىن ئۆزگەرمەسلىك رەۋىشنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتىدۇر.مەسىلەن: ئۇ تېز سۆزلەيدۇ. ئايشەم ئاستا سۆزلەيدۇ.

2 . رەۋىش <چە، ئەن ،لاپ، لەپ، نا، نە، لارچە، لەرچە> قاتارلىق مەخسۇس قوشۇمچىلەرغا ئىگە .مەسىلەن: ئاساسەن، ئونلاپ، يۈزلەپ، قەھرىمانلارچە، باتۇرانە ۋە باشقىلار.

**128 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى رەۋىشلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1 . بىز سەھەر يولغا چىقتۇق. 2 . دادام ئىتىزدىن كەچ قايتتى. 3 . قۇربان ئاچچىغىدا قاتتىق ۋاقىرىدى. 4 . بۈگۈن كەچقۇرۇن ئويۇن بولىدۇ. 5 . دېخانلار قىزغىن ئىشلىمەكتە. 6 . ئۇلار تېز قايتتى. 7 . ئوقۇتقۇچىمىز دەرسنى ياخشى چۈشەندۈردى. 8 . ياسىن ئالدىرىماي كىتىپ باردۇ. 9 . ئۈنىڭ قىزىق گەپلىرىگە ئۇزاق كۈلۈشتۇق. 10 . بىز ناھايىتى چاپسان ئۆرلىمەكتىمىز. 11. مەكتەپ ھاياتى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك.

## 2 . رەۋىش ھەم سۈپەت

رەۋىشلەر ئۆزىنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى تەرىپىدىن سۈپەتلەرگە بەك ئوخشايدۇ. لېكىن سۈپەت ئىسىملارغا باغلىنىپ كېلىپ، ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگىلىرىنى (تۈرىنى، رەڭگىنى، ساپاسىنى، تەمىنى ۋە باشقىلارنى) بىلدۈرۈپ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.مەسىلەن: ياخشى بالا، تاتلىق قوغۇن، ئاق نان، چىرايلىق شەھەر.

رەۋىشلەر ھەر دائىم پېئىللارغا باغلىنىپ كېلىپ، ئىش ـ ھەركەتنىڭ قانداق ھالەتتە ئورۇنلانغانـ ـلىغىنى بىلدۈرۈپ جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىدۇ. رەۋىش بىلەن سۈپەتنىڭ تۈپ پەرقى مانا شۇ يەردە.مەسىلەن: ئۇ ئاستا سۆزلىدى. نۇردۇن بەكمۇ تېز يۈگۈرىدۇ. ئاكام بۈگۈن كەلدى.

رەۋىشلەر سۈپەتلەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. لېكىن بەزى ھالەتلەرنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرمۇ پېئىللارغا باغلىنىپ كېلىپ، رەۋىش مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: نۇراخۇن خەتنى چىرايلىق يازىدۇ، كوچىلار ئاپپاق يورۇدى.

بۇ گەپلەردىكى < چىرايلىق >، < ئاپپاق > دىگەن سۈپەتلەر پېئىللارغا باغلىنىپ كېلىپ، رەۋىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ كەلگەن، مۇنداق رەۋىشلەر سۈپەت دەرىجىسىگىمۇ ئىگە بولىدۇ.مەسىلەن: بىز بۈنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئوقۇيمىز، ئۇ خەتنى مېنىڭدىنمۇ چىرايلىقراق يازىدۇ.

129 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەر ـ بىرىگە ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭلار. شۇ سۆزلەرنىڭ ھەر ـ بىرى بىرىنچى جۈملىدە رەۋىش، ئىككىنچى جۈملىدە سۈپەت بولۇپ كەلسۇن.

قىزىق، ياخشى، ئاز، كۆپ، يامان.

## 3. ئاددى، قوشما ۋە ياسالما رەۋىشلەر

رەۋىشلەر ئاددى، قوشما ھەم ياسالما رەۋىشتىن ئىبارەت 3 كە بۆلۈنىدۇ.

**بىرلا تۈپ سۆزدىن تۈزۈلگەن رەۋىشلەرنى ئاددى رەۋىش دەيمىز.**

مەسىلەن: چاپسان، ھازىر، كېچە، تېز، دەررۇ، ئاران، ئىلدام، ئەتە، كۈندۈز، ئاز...

**تۈپ سۆز بىلەن تۈپ سۆزنى ياكى تۈپ سۆز بىلەن ياردەمچى سۆزنى قوشۇش ئارقىلىق، يا بولمىسا بىر سۆزنى بەلگىلىك تەرتىپتە تەكرارلاش ئارقىلىق تۈزۈلگەن رەۋىشلەرنى قوشما رەۋىشلەر دەيمىز.**

مەسىلەن: ھەر دائىم، ھەر كۈنى، شۇ يەردە، بەش ـ بەشتىن، ئاز ـ ئازدىن، يانمۇ ـ يان، قولمۇ ـ قول، يەكمۇ ـ يەك، ئەپچىللىك بىلەن، قۇۋلۇق بىلەن، ياخشىلىق بىلەن، ھارماي ـ تالماي، بىر نىمە قىلىپ، بىر نەرسە قىلىپ، بىردەمدە، بىرىيەستە، بىر تالاي ۋە باشقىلار.

**تۈپ سۆزلەرگە تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان رەۋىشلەر ـ نى ياسالما رەۋىش دەيمىز.**

ياسالما رەۋىشلەر تۆۋەندىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

< ئەن، ئانە > ـ ئومۇمەن، مەجبۇرەن، ئاساسەن، باتۇرانە، قەھرىمانانە، جەسۇرانە ۋە باشقىلار.

< لاپ، لەپ > ـ ياخشىلاپ، ئەتىگەنلەپ، كەچلەپ، كېچىلەپ، ئونلاپ، يۈزلەپ، مىڭلاپ ۋە باشقىلار.

< چە > ـ رۇسچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، مەرتلەرچە، قىسقىچە، قەھرىمانلارچە، باتۇرلارچە ۋە باشقىـ ـلار.

يۇقۇرىدىكى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان رەۋىشلەردىن تاشقىرى تۆپ سۆزلەرگە چىقىش كېلىش، ئورۇن كېلىش ۋە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۆلىنىشى بىلەنمۇ رەۋىشلەر ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇزاقتىن، ھەرياقتىن، ھەريەردىن، يېقىندا، يىراقتىن، تۆۋەندىن، ئۆيەردە، ئۈستىدىن، چۈشتە، بىكاردىن - بىكارغا ۋاھاكازالار.

# 4. رەۋىشلەرنىڭ تۈرلىرى

رەۋىشلەر جۈملىدىكى ۋەزىپىلىرىگە ۋە بىلدۈرگەن مەنىلىرىگە قاراپ 5 كە بۆلۈنىدۇ: 1. ھالەت رەۋىشلىرى؛ 2. ئورۇن رەۋىشلىرى؛ 3 . ۋاقىت رەۋىشلىرى؛ 4. مەقسەت رەۋىشلىرى؛ 5 . دەرىجە - مىقدار رەۋىشلىرى.

1 . **ھالەت رەۋىشى:** ھالەت رەۋىشلىرى ئادەتتە ئىش - ھەرىكەتنىڭ بېجىرىلىش ئۇسۇلى، ئۇ - نىڭ قانداق ھالدا يۈز بەرگەنلىكىگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ۋە ھەرىكەتنىڭ ئىشقا قانداق ئاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، «قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ قانداق ھالدا؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: چاپسان، تېز، ئاستا، ئاران، ئىلدام، سەل - پەل، ھارماي - تالماي، ئالمان - تالمان، بىكار، پىيادە، تويۇقسىز، ئۇزلۇكسىز، ئۇزۇل - كېسىل، ئىزچىل، بىكارغا، ئەپچىللىك بىلەن، ئەپلەپ - سەپلەپ، قەھرىمانلارچە، مەرتلەرچە ۋە باشقىلار.

2 . **ئورۇن رەۋىشى:** ئادەتتە ئىش - ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇش ئورنى ۋە يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. ئورۇن رەۋىشلىرى «قەيەردە؟ قەيەردىن؟ قەيەرگە؟ نەگە؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: تۆۋەن، يۇقۇرى، مەشەدە، شۇ يەردە، كېيىن، ئىلگىرى، نېرى، ئالدى، ئارقا، يان، يىراق ۋە باشقىلار.

3 . **ۋاقىت رەۋىشى:** پېئىلدا ئىپتىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ، «قاچان؟ قاچاندىن بېرى؟ قاچانغىچە؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كې - لىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن، كېچە، ئەتە، ئاخشام، ئەتىگەنلىكتە، ھازىر، بۇلتۇر، بۇرۇن، سەھەر، ئۆگۈن - لۈككە، تۈندە، كۈندۈز، قىشچە، ھەمىشەم ۋە باشقىلار.

4 . **مەقسەت رەۋىشلىرى:** پېئىلدا ئىپتىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ قانداق مەقسەت بىلەن ئىشقا ئاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: قەستەن، زور بىلەن، ئەتەي، دۈشمەنلىك بىلەن.

5 . **دەرىجە - مىقدار رەۋىشى:** پېئىلدا ئىپتىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسىنى، مىقدارىنى، سۈپەتنىڭ ئارتۇق ياكى كەملىك دەرىجىسىنى بىلدۈرۈپ، «قانچە؟ قانچىلىك؟ قانچىدىن؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بەك، ئەڭ، ناھايىتى، راسا، خويما، زەپ، قەتئى، كۆپ، ئاز، نۇرغۇن، خېلى، پۈتۈنلەي، ئانچە، قىسمەن، يەنە، سەل، ئاز - ماز ۋە باشقىلار.

**130 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى مىساللاردىكى رەۋىشلەرنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قانداق رەۋىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1 . ئۇ ئالدىراپ قولىدىكى كىتاپنى چاپسان ۋاراقلاشقا باشلىدى. 2 . ئاز سۆزلەپ كۆپ تىڭشا. 3 . بۈگۈن يامغۇر قاتتىق ياغدى. 4 . تۈنۈگۈن ھاۋا تويۇقسىزلا ئۆزگىرىپ كەتتى. 5 . مەن دۈشمەنلەر بىلەن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىمەن. 6 . بىز شۇنچە ئۇزاق يەردىن چاپسان يېتىپ كەلدۇق. 7 . قاسىمجان بۇ يەردە كۆپ تۇرمىدى. 8 . بىزگە دەپتەرلەرنى بەش - بەشتىن بۆلۈپ بەردى. 9 . مەيدانغا ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلدى. 10 . مەن مۆلەردىن ئانچە - مۇنچە يىدىم. 11. بەختىيار بۇلتۇرقىدىن خېلى ياخشى بولۇپ كەتتى. 12 . ئۇ بۈگۈن ئەتەي كەلمىدى. 13 . سەن ئاۋال ئوقۇغىن، كېيىن ياز. 14 . سائادەت ئاخشام ئويۇن بولىدىغانلىقىنى بىلمەي قالدى.

**131 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىدىكى رەۋىشلەرنىڭ قانداق رەۋىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

فىدورا دەرىزە ئالدىغا بېرىپ بىردەم تۇردى. جۇدۇنلۇق سەھەردىكى سۇبھى ئاستا - ئاستا كۆتىرىلمەكتە ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ ئايلى ئۆزنى تاشلاپ چىقىپ كەتكىنىگە ئىككى ئاي بولغان ئىدى.

شۇندىن بۇيان فىدورا ئۇنىڭغا يەيدىغان نەرسىلەردىن ئالغاچ كېلەتتى. ئۇ كىشىمۇ مائاشى چىققان كۈنىلا قەرزنى قالدۇرماي بېرەتتى.
يىمەكلىكلەر دۇكىنىدىكى پۇل تاپشۇرىدىغان جايدا كىشىلەر بەكمۇ كۆپ ئىدى. فىدورا ئالىدىغانلىرىنى ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئالدى ـ دە، قايتىپ كېلىپ ئۆيى ئىچىنىمۇ يىغىشتۇرۇۋالدى. ئەمدى ئۇ تۇرلۇك ماللار دۇكىنىغا بارسا بولاتتى.
ئۇ يەر ئاستى پويىزىنىڭ ۋاگونىدا كېتىۋېتىپ، قىزىنىڭ ئوغلى تولكىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە نېمە سوغا قىلسام بولار؟ دېگەن خىياللارنى قىلدى.
ئۇ، شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسىغا كەلدى ۋە بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەتىدىن ـ كەچكىچە پەقەتلا سىلكىمەيدىغانلىقىغا قاراپ ھەيران بولدى. كوچىدا قۇيرۇغى ئۆزۈلمەي ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلاردىن بېنزىن ۋە باشقا ئارىلاشما مايىنىڭ سېسىق پۇرىقى پۇراپ تۇراتتى.
رەڭگا ـ رەڭ نەي چىراقلىرىدىن ياسالغان ئېلانلار بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ كۆز چاقنىتاتتى.
فىدورا دۆلەت ئىگىلىگىدىكى تۈرلۈك ماللار دۇكىنىنى قىستىلىپ يۈرۈپ ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن ئەينەك تورۇسقا قاراپ بىردەم تۇرۇپ: «ياخشىسى مەركىزىي تۈرلۈك ماللار دۇكىنىغا باراي، ئۇ دۇكاننىڭ پىرىكازچىكلىرى ئوڭلۇق، مال ئالماقمۇ ئاسان» دەپ ئويلىدى ـ دە، شۇ يەرگە قاراپ ماڭدى.
كوچىدىكى ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. قار توختىغان ئىدى، ئەمما ھىلىمۇ بىنالارنىڭ ئۈستىدە قارا بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى.
مەركىزىي تۈرلۈك ماللار دۇكىنى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، دۇكاننىڭ ئىشىگىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ دۇكان ئىچىگە ئۆز ئايىغى بىلەن مېڭىپ كىرمىدى، بەلكى دۇكانغا قىستىلىپ كىرىۋاتقان كىشىلەر توپى ئۇنى كۆتىرىپ دېگۈدەك ئەپكىرىپ قويدى.

(ب. مېرنىپ «كۆيىنەك سېتىۋېلىش» تىن)

# 13 ـ §. ياردەمچى سۆزلەر

## 1. ياردەمچى سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

**ئۆز ئالدىغا تۇرغاندا ئېنىق بىر مەنە بىلدۈرمەيدىغان، جۈملىدە پەقەت ئايرىم سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ياكى جۈملىلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىدىغان ھەم باشقا سۆزلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ مەنىسىگە قوشۇمچە مەنە بېرىدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

ياردەمچى سۆزلەر ئېنىق بىر لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرمەيدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىشلە ـتىلمەي جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ ۋە سۆزلەرگە قوشۇمچە مەنە بېرىش، سۆز ـ جۈملىلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاش جەھەتتە ياردەمچى رول ئوينايدۇ. مۇستەقىل سۆزلەردەك جۈملىنىڭ بۆ ـ لىكى بولالمايدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار دەرس تەييارلىدى ھەم تاپشۇرۇق ئىشلىدى. مەن ئاقسۇغا ۋە قەشقەرگە باردىم. كەلپىن بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى ئاپتوبۇس بىلەن ئىككى سائەتلىك يول. ئىنىم ئوقۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەتتى. بوران چىقتى، لېكىن باغنىڭ ئالمىلىرى تۆكۈلۈپ كەتمىدى. مەن ئۇكام بىلەن كەلدىم. ئۇ ئوقۇش ئۈچۈن كەتتى.

بۇ جۈملىلەردىكى «ھەم، ۋە، بىلەن، ئۈچۈن، لېكىن» دېگەن سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەردۇر.

ياردەمچى سۆزلەر بىر جۈملە بىلەن ئىككىنچى بىر جۈملىنى بىر ـ بىرىگە باغلاش ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن تۇداخۇن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپتۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. ئۇ كېلىدۇ، ياكى مەن بارىمەن. ئاخشام «ئالجىرىيە قىزى» دېگەن كىنو قويۇلدى، لېكىن مەن بارالمىدىم. پولات ھەممە دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىدۇ. سەن ھورۇنلۇقنى تاشلا ۋە تىرىشىپ ئوقۇغىن.



www.uyghurkitap.com

بۇ مىساللاردىكى «لېكىن، ياكى، ئۈچۈن، ۋە» قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەر جۈملىلەرنى بىر - بىرى بىلەن باغلاپ كەلگەن.

**132 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆچۈرۈپ، ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1 . باھار كەلدى ۋە گۈللەر ئېچىلىشقا باشلىدى. 2 . بىز ئوقۇيمىز ھەم ئىشلەيمىز. 3 . ھەممىسى سۆزلىدى، لېكىن توختاخۇن سۆزلىمىدى. 4 . ئۇ دەرسنى دىققەت بىلەن تىڭشىغانلىقى ئۈچۈن، قىيىن سوئاللارغا توغرا جاۋاپ بەردى. 5 . بىز ئاخشاملىققا يا كىنوغا، يا تىياتىرغا بارىمىز. 6 . ھازىر ھەممىسى كەلدى. پەقەت سېلىمە كەلمىدى. 7 . سەن خالىمىغان بىلەن باشقىلار خالايدۇ. 8 . بىز پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز. 9 . ئىشچىلار بارلىق غەيرىتى بىلەن ئىشلەيدۇ. 10 . مەن ئوقۇش ئۈچۈن كەلدىم.

## ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

ياردەمچى سۆزلەر ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1 . باغلىغۇچىلار، 2 . ئۈلانمىلار.

1) باغلىغۇچىلار: ھەم، ۋە، بىلەن، ئەمما، بىراق، لېكىن، چۈنكى، ياكى، يە، نە، خا.

2) ئۈلانمىلار: مۇ، دۇ، لا، چۇ، دە ۋە باشقىلار.

# 2. باغلىغۇچىلار

**ئۆز ئالدىغا ئېنىق مەنە ئۇقتۇرماي، پەقەت جۈملىلەرنى ۋە جۈملە تەركىۋىدىكى سۆزلەرنى ھەر خىل يول بىلەن باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ياردەمچى سۆزلەر باغلىغۇچىلار دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: 1 . مەن بۈگۈن ئوقۇدۇم ھەم يازدىم. 2 . يامغۇر ياغدى ۋە ئوت - چۆپلەر كۆكەردى. 3 . ساۋۇت كەلدى، لېكىن ئانار كەلمىدى. 4 . ئاكام بىلەن دادام دىخانچىلىق قىلىدۇ. 5 . يە مەن بارىمەن، ياكى سەن بارىسەن. 6 . خا ئۇنى ئالغىن، خا بۇنى ئالغىن، ئىختىيارىڭ. 7 . بىز كۆڭۈللۈك ئوقۇيمىز، چۈنكى بىزگە ھەممە شارائىتلار تولۇق. 8 . مەن ئۇنى كۈتتۈم، بىراق ئۇ كەلمىدى.

باغلىغۇچىلار تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

**1 - بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار:** ۋە، ھەم، ھەمدە، بىلەن، شۇنىڭ بىلەن، شۇنىڭدەك، يەنە.

بۇ باغلىغۇچىلار جۈملىلەرنى ۋە جۈملە ئىچىدىكى بۆلەكلەرنى بىر - بىرىگە تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلايدۇ. مەسىلەن: 1 . مەن ئوقۇدۇم ھەم ئىشلىدىم. 2 . كۈز كەلدى ۋە ھاۋا سالقىنلاشتى. 3 . سادىق بىلەن پاتىگۈل ئۈرۈمچىگە كەتتى.

ئەسلەتمە: «بىلەن» قوشۇمچىسى بەزىدە ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەركەتنى ئېلىپ بېرىشتىكى ۋاستە ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق چاغلاردا ئۇ باغلىغۇچى مەنىسىدە كەلمەيدۇ. مەسىلەن: 1 . مەن خەتنى سىيا بىلەن يازدىم. 2 . ئوتۇننى پالتا بىلەن ياردىم. 3 . ئۇلار كۆۋرۈك بىلەن ئۆتتى.

**2 - ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلار:** يە، ياكى، نە، خا.

بۇ باغلىغۇچىلار جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرىنى ياكى ئاددى جۈملىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ، ئىككى خىل ئىش - ھەركەت ياكى شەيئى توغرىسىدىكى ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: 1 . بىز ئەتە ئىشلەيمىز، ياكى ئوقۇيمىز. 2 . ئۇ نە كىتاۋنى، نە دەپتەرلىرىنى تاشلىماي كېتىپتۇ. 3 . غۇنچەم، سىز يا ئۇنى، يا بۇنى ئېلىڭ.

**3 - قارىمۇ - قارشى باغلىغۇچىلار:** لېكىن، ئەمما، بىراق، پەقەت، يالغۇز.

بۇ باغلىغۇچىلار ئىككى ئاددى جۈملىدە بايان قىلىنغان ئىش - ھەركەتنىڭ ئۆز - ئارا قارىمۇ - قارشى ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇردى، لېكىن لېكسىيە يازمىدى. ئاي يورۇتىدۇ، بىراق

www.uyghurkitap.com

ئۈستمايدۇ. ھەممىسى ئۇلتۇردى، پەقەت قاسملا ئۆرە تۇرۇۋالدى. ھەممىسى بارماقچى، يالغۇز سەنلا بارمايمەن دەيسەن.

**4 ـ سەۋەپ ـ مەقسەت باغلىغۇچلىرى:**

بۇ باغلىغۇچلار ئۆزلىرى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆز ياكى جۈملىلەرنىڭ باشقا جۈملە ياكى سۆزدە ئىپادىلەنمىگەن مەلۇم ئىش ـ ھەركەتنىڭ سەۋەبى ياكى مەقسىدى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇلار: ئۈچۈن، چۈنكى، سەۋەبى، شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭلاشقا.

مەسىلەن: ئۇ، ئوقۇش ئۈچۈن كەتتى. جاپپار ياخشى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپات ئالدى. مەن ئەتە مەكتەپكە ئەتىگەن كېلىمەن، چۈنكى مەن سىنىپ نۆۋەتچىسى. مەن ئۇنى كۆرەلمىدىم، سەۋەبى ئۇ يىغىلىشقا كېتىپ قاپتىكەن.

**133 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىدىكى باغلىغۇچلارنى تېپىڭلار ۋە قانداق باغلىغۇچى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بۇ چاغدا دېڭىز كۆكتەك جىمجىت بولۇپ، پەقەت دېڭىز يۈزىدىكى دولقۇنىنىڭ نۇرلىرى مونچاقتەك يالت ـ يۇلت قىلاتتى، لېكىن مەن ۋاقىتنىڭ ئالغا قاراپ سىلجىۋاتقانلىقىنى... بىلەتتىم.

(لىۇ بەييۈي)

# 3. ئۈلانمىلار

ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بىر تۈرى ئۈلانمىلاردۇر.

بىز كۈپىنچە ئۆز گېپىمىزدە بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا سوئال، تەستىق، ئاجرىتىش، يېلىنىش، ئىنتىلاشقا ئوخشاش قوشۇمچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەرنى قوشىمىز. بۇ ـ ئۈلانمىلار ياكى يۈكلىمىلەردۇر.

ئۈلانمىلار ئايرىم سۆز ياكى جۈملىلەرگە تۈرلۈك گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى، يەنى تەستىقلاش، سوراق، يېلىنىش قاتارلىق مەنىلەرنى قوشۇش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ پۈتۈن جۈملىدىكى ئوي ـ پىكىرلىرىگە ۋە ئايرىم سۆزلەرگە نىسبەتەن ئىچكى قاراشلىرىنى، پوزىتسىيىلىرىنى قوشۇپ ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ۋە ئۆزى قوشۇلغان جۈملىگە مەلۇم قوشۇمچە مەنىنى يۈكلەيدۇ.

مەسىلەن: يەنچۇ؟ كەچتە يىغىنغا قاتنىشىمىزما؟ ئىشىمىزنى بۇرۇنراق تۈگەتسەكلا بولاتتىغۇ؟ ئوقۇتقۇچى كىردى ـ دە، سۆزلەشكە باشلىدى. بۈگۈن كەچ بولسىمۇ ئىشىمىزنى تۈگەتتىشىمىز كېرەكقۇ.

يۇقۇرقى سۆزلەردىكى < مۇ، ما، چۇ، لا، دە، غۇ، قۇ > قاتارلىقلار ئۈلانمىلاردۇر.

**ئايرىم سۆز ياكى جۈملىلەرگە تۈرلۈك قوشۇمچە مەنە بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئۆز ئالدىغا مەنە ئاڭلاتمايدىغان ياردەمچى سۆزلەر ئۈلانمىلار دېيىلىدۇ.**

ئۈلانمىلار بىلەن بەزى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر شەكىل جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىق لازىم. بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن كەسكىن پەرق قىلىدۇ. قوشۇمچىلەر يېڭى سۆز ياسايدۇ، ياكى تۈرلەيدۇ، ئۈلانمىلار بولسا، جۈملە ياكى ئۇنىڭ بىرەر بۆلىكىگە قوشۇمچە مەنە بېرىدۇ.

# 4. ئۈلانمىلارنىڭ تۈرلىرى

1. مۇ، چۇ ئۈلانمىلىرى سوئال ئۈلانمىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: سەن تاپشۇرۇقنى ئىشلىدىڭمۇ؟ ـ سەنچۇ؟ ئۇ كەلدىمۇ؟

ئەسلەتمە: < چۇ > ئۈلانمىسى بەزىدە تىلەك، ئۆتۈنۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئەخمەت، سەن ياخشى ئوقۇساڭچۇ! ئەدەبىيات كىتىۋىڭنى بېرىپ تۇرساڭچۇ؟

< مۇ > ئۈلانمىسى سوئال مەنىسى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، بەزىدە جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرىنى ۋە ئاددىي جۈملىلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن باغلاش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. مەسىلەن: بىز ئوقۇشنىمۇ، ئىشلەشنىمۇ، ئويناشنىمۇ ياخشى كۆرىمىز. ئۇ كەلگەن بولسىمۇ، مەن كۆرۈشمىدىم.

2. < دۇ > ئۈلانمىسى ئۆزى ئۇلىنىپ كەلگەن پېئىلدىكى ئىش ـ ھەركەت توغرىسىدىكى گۇماننى

بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: كىم بىلىدۇ؟ بەلكى يازغاندۇ. خەت كەلسە، كەلگەندە، ئەمما مەن كۆرمىدىم. ئۇ
سېنى راستىن سېغىنىدىغاندۇ، بەلكىم.

3 . < دە > ئۈلانمىسى پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ، «شۇنىڭدىن كېيىنلا» دىگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: مۇئەللىم سىنىپقا كىردىدە، دەرسنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئىشىكتىن چىقتىدە، يۈگۈ-
رۈپ كەتتى. ئۇ مېنى كۆردىدە، خوشاللىغىدىن نىمە دىيىشىنى بىلمەي قالدى.

ئەسلەتمە: < دە > ئۈلانمىسى جۈملىدە خەۋەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ئەجەپلىنىش مەنىسىنىمۇ
بىلدۈرىدۇ.مەسلەن: 1) پاھ... پاتەم راسا مۈڭلۈق ناخشا ئېيتىدىكەن - دە! 2) بۇ يىل نەشپۈت راسا
بوپتۇ - دە! 3) مانا بۇ قوغۇن تازىمۇ ئوخشاپتۇ - دە!

4 . < لا > ئۈلانمىسى. ھەممە مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ، ئىملىقلارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئۆزى
قوشۇلغان سۆزلەرنىڭ ئالاھىدە تەكىتلەنگەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ.مەسلەن: مەن بۇ ئىشنى بۈگۈنلا تۈ-
گىتىمەن. سەن بىرىپلا خەت يازغىن. مەن ئۇنى كوچىدىلا كۆرگەن ئىدىم. مەن ھىلىقى كىتاپنى
تۈنۈگۈنلا تېپىپ قويغان ئىدىم. سىزلا كەلسىڭىز، ھەممىمىز خوشال بولىمىز. قەلەملا بولسا، خەت
يازغىلى بولىدۇ. مېنىڭ بىرلا پىكرىم بار.

ئەسلەتمە: < دە، لا > ئۈلانمىلىرى ئايرىم جۈمىلىلەرنى بىر - بىرىگە ئۇلاش خىزمىتىنىمۇ ئورۇن-
لايدۇ.مەسلەن: ئۇ مېنى كۆردى - دە، يۈگۈرۈپ كەلدى. گۈلشەن مەكتەپتىن كېلىپلا، دەرس
تەييارلاشقا ئولتۇردى. يازلىق كانىكول باشلىنىشى بىلەنلا، ساياھەتكە چىقىمىز.

5 . < زە > ئۈلانمىسى ئىسىملارغا ۋە كىشىلىك ئالماشلارغا ئۇلىنىپ، تەنە قىلىش مەنىسىنى
بىلدۈرىدۇ ھەم جۈمىلىلەرنى باغلاش خىزمىتىنى ئورۇنلايدۇ.مەسلەن: سەنزە بارىسەن، مەنزە بارمايمەن؟
بۇ كىتاپنىزە جىق ئوقۇدۇم. سىڭىلچە، ئۇلارزە يازىدۇ، مەنزە يازمايمەن؟

6 . < ھە، ئا، ئە > ئۈلانمىلىرى جۈملىدە خەۋەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، ئەجەپلىنىش،
تەستىقلىتىش، ئۆتۈنۈش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.مەسلەن: پاھ، بۇ نىمىدىگەن كۆپ ئادەم - ھە! بۇ يىل
ئاشلىق تازىمۇ ئوخشاپتۇ - ھە! ھوي، ئەنۋەر ئورۇمچىگە بۈلتۈر كەتكەن ئىكەن - ھە! مۇنۇ كىتاپنى
ئېلىڭا، دوستۇم، مۇندىن كېيىن ماڭا دائىم ياردەم بېرىپ تۇرۇڭا. مە، ئاله، بۇ كىتاپ سىڭىلكى.

7 . < غۇ، قۇ > ئۈلانمىلىرى مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ، تەكىتلەش، ئەجەپلىنىش
قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.مەسلەن: ھەسەنغۇ ئىشىم باردەپ كەلمەپتۇ. سەن نىمىشقا كەلمىدىڭ؟ بۇ
دەرسنى تۈنۈگۈن ئوقۇدىڭىزغۇ؟ سىزنىڭ سالامەتلىگىڭىز بۇ يىل ياخشىغۇ؟ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار بۈگۈن
ئوتتۇز توققۇزغۇ، بىرسى قېنى؟ بۇ يەر بەك يۇمشاققۇ؟ ئوغۇتلىغانغۇ دەيمەن؟ مەنغۇ بارارمەن، سەنچۇ؟
تۈنۈگۈنغۇ كەلمىدىڭىز، بۈگۈن كېلەرسىز مەيدانىغا.

8 . <كى> ئۈلانمىسى جۈملىدە تولاراق خەۋەر بولۇپ كەلگەن سۆزلەرگە ئۇلىنىپ، بىر جۈمە-
لىنى ئىككىنچى جۈملىگە باغلاش ۋە ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قى-
لىدۇ.مەسلەن: بۇ يىل ئاشلىقلار شۇنداق ئوخشىدىكى، ئاشلىق ئامبارلىرىغا پاتماي قالدى. بۇ تاغ
شۇنچىلىك ئېگىزكى، قارىسىڭىز بۆكىڭىز چۈشۈپ كېتىدۇ.

# 5. ئۈلانمىلارنىڭ يېزىلىشى

(1) زوقلىنىش، خوشاللىنىش، ئەجەپلىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، < دە، ھە > ئۈلانمىسى
سىزىقچە (-) ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ.مەسلەن: بىزنىڭكىلەر دۈشمەننىڭ ئەدىۋىنى راسا بېرىپتۇ - دە!
پاھ، بۇ يىل ئاشلىق نىمىدىگەن ئوخشىغان - ھە!

(2) < شۇنىڭدىن كېيىنلا > دىگەن مەنىدە كەلگەن < دە > بۇنىڭدىن باشقا < ئا، ئە، لا، مۇ،
چۇ، ما، دۇ، زە، كى، غۇ، قۇ > ئۈلانمىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ.مەسلەن: ئۇ
ئورنىدىن تۇردىدە، ھودۇقۇپ ھېچنەرسە دىيەلمىدى. بىز دەرسنى تۈگىتىپلا، ئۆتكەن دەرسلەرنى
تەكرارلاشقا باشلىدۇق. ھەسەنمۇ، كېرىممۇ سەن بىلەن ئۇچراشماقچى ئىدى، بەلكىم ساڭا بىر نەرسە
دىگەندۇ. ئۇ بوۋىسىنىڭ ئۆتمۈشىنى شۇنداق تەسىرلىك سۆزلىدىكى، ھەممىمىز ھەيران قالدۇق. بىز
بۈگۈن يولغا چىقماقچى بولدۇق، سەنچۇ؟ئۇزە كېچىكىپ كېلىدىغان بولدى - دە، تېخى قوڭغۇراق

چېلىنمىدىغۇ؟ ئاۋۇ توپنى تاشلىۋېتىڭا.

**134 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ ئۇلانمىلارنىڭ ئۇلىنىپ يېزىلىشىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى تەكشۈرۈڭلار ۋە ئۇلارنىڭ نىمە ئۈچۈن توغرا ياكى خاتالىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلار.

1 . سەن ئوقۇتقۇچى تاپشۇرغان كىتاپنى ئوقۇدۇڭ ـ مۇ؟ 2 . بۈگۈن كەچ يىغىلىش بولامدۇ؟ ئەنۋەر ـ مۇ، ساۋۇتمۇ، ناسىر ـ مۇ ئەتە سۇغا چۈمۈلگىلى بارماقچى، سەنچۇ؟ 3 . پاھ، چوڭ بولۇپ قاپسەنهە! 4. سىززە شۇنداق قىلىپ مىنىڭ پىكرىمگە قوشۇلمايسىز. 5 . ئايىمغۇ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بوپتۇ، مەريەم ـ چۇ؟ 6 . بىز دەرسنى تۈگىتىپلا، چوڭ تازىلىق ئېلىپ بارىمىز. 7 . ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق كۈلدىكى، زالنىڭ ئىچى جاراڭلاپ كەتتى. 8. بىزنىڭ مۇدىر تولىمۇ خۇشچاقچاق ئادەم ـ دە! 9. سەنغۇ ھېچكىمدىن قېلىشمايسەن. ئۇ سېنى خېلى كۈتكەندۇ، بەلكىم.

# 14 ـ §. ئۈندەش ۋە ئىملىق سۆزلەر

## 1. ئۈندەش سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

ئۈندەش سۆزلەرنىڭ جۈملە ياكى جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى بولمايدۇ. ئۈندەش سۆزلەر سۆزلىگۈچى شەخسنىڭ ئىچكى ھىس ـ تۇيغۇسى، ئارزۇسى، بۇيرۇغى ۋە باشقىلارنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنىڭدەك نەرسىلەرنىڭ ئاۋازىنى ھەم ۋاقىتتا بولغان مۇناسىۋىتىنى ھىس ـ تۇيغۇ ۋاستىسى بىلەن كۆرسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان گىرامماتىكىلىق كاتىگورىيە ھىساپلىنىدۇ.

**كىشىلەرنىڭ خۇشاللىغى، قايغۇسى، ھاياجىنى، غەزىۋى، خاھىشى، ئارزۇسى ۋە بۇيرۇغى قاتارلىق خىلمۇ ـ خىل ھىس ـ تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى ئۈندەش سۆزلەر دىيىلىدۇ.** مەسىلەن:

1 . پاھ ـ پاھ! بۇ نىمىدىگەن ئوماق باللار ـ ھە! (زوقلىنىش تۇيغۇسى)

2 . ۋاي ـ ۋۇي، ئەجەپمۇ تويۇپ كەتتىم سىنىڭ بۇ مىلىجىڭلىغىڭدىن! (زېرىكىش ھىسسىياتى)

3 . ئۇھ، بۇ ئۇزۇن، ئىگىز ـ پەس يوللار بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگىچە پۇت ـ قولۇمنىڭ ھىچلا ماغدۇرى قالمىدىغۇ. (ھېرىش تۇيغۇسى) .

ئۈندەش سۆزلەر ئايرىم سۆز سۈپىتىدە مەلۇم بىرنەرسە ۋە ئۇنىڭ بەلگىسىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى ھىس، ھاياجان قاتارلىق كىشىلەر تۇيغۇسىنى سۆزلەر ئارقىلىق بىۋاستە ئىپادىلەيدۇ. ئۈندەش سۆزلەرنىڭ بىرقەدەر كونكرېت مەنىسى مەلۇم بىر ئورۇن، ۋاقىت ھەم شارائىتتا ئېنىقلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۈندەش سۆزلەر باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۈندەش سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ياردەمچى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر كاتىگورىيە بولۇپ، ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن گىرامماتىكىلىق مەنىسى دىيالېكتىكىلىق بىرلىكنى ھاسىل قىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئۈندەش سۆزلەرنى يېرىم مۇستەقىل سۆزلەر دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئۈندەش سۆزلەر نۇتۇقتا كۆپىنچە نۇتۇقنىڭ رىياللىققا بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئۈندەش سۆزلەر ئۆزىگە خاس تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

1 . ئۈندەش سۆزلەر، ئومۇمەن ئالغاندا، جۈملە بۆلەكلىرى بولالمايدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزى بىللە كەلگەن جۈملىدىن ئاغزاكى نۇتۇقتا بەلگىلىك ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. يېزىقتا بولسا مەلۇم تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

2 . ئۈنىڭ جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن سىنتاكسىلىق (گىرامماتىكىلىق) باغلىنىشى بولمىغاچقا، ئۇ ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق كاتىگورىيىگىمۇ ئىگە ئەمەس. پەقەت بەزىبىر ئۈندەش سۆزلەر ئىسىملاشقاندا (ئىسىم ئورنىدا كەلگەندە) ئىسىملارنىڭ شەخس، سان ۋە كېلىش كاتىگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: 1 . ئاھلىرىم پەلەككە يەتتى، لېكىن زىمىندا ئاھلىرىمنى ئاڭلىغۇدەك بىرەر كىشى چىقمىدى. 2 . ئاھ ـ ئۇھتىن ھىچنىمە چىقمايدۇ، كىبىسلەگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش روھى بولۇش

لازىم. 3 . ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۈتقاي سىنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بىلىقلىرىم يۇتقاي سىنى.
(خەلق قوشىقى)

## 2. ئۈندەش سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈندەش سۆزلەر تۈزۈلىشىگە قاراپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار:
1 . ئاددى ئۈندەش سۆزلەر: ئاھ، ئۇھ، ئىبىخ، ۋايەي ۋە باشقىلار. 2 . جۈپ ئۈندەشلەر: پاھ - پاھ، ئاھ - ئۇھ، ۋاي - ۋۇي، ۋاي - ۋاي ۋە باشقىلار.
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈندەش سۆزلەر ئاڭلاتقان مەنىسىگە قاراپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.
1 . ھىس - تۇيغۇ ئۈندەشلىرى؛ 2 . قاراتما ئۈندەشلەر.

### 1) ھىس - تۇيغۇ ئۈندەشلىرى

**كىشىلەرنىڭ خوشاللىنىش، ئەجەپلىنىش، زوقلىنىش، قايغۇ ـ ھەسرەت، قورقۇش، چۆچۈش، ماختىنىش، زاڭلىق قىلىش، زېرىكىش، ھېرىش، چارچاش، خاپىلىق قاتارلىق ئىچكى ھىس - تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئۈندەش سۆزلەر ھىس ـ تۇيغۇ ئۈندەشلىرى دىيىلىدۇ.**
مەسىلەن: ئىبىخ - خوشاللىق، ھاياجاننى بىلدۈرىدۇ. ئۇھ - ھارغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. ھايت - ھۇيت - چۆچۈتۈش، قوغلاشنى بىلدۈرىدۇ. ۋاي - قورقۇش، تەئەججۈپ، تاسادىپىلىقنى بىلدۈرىدۇ. پاھ - پاھ - زوقلىنىش، ئەجەپلىنىشنى بىلدۈرىدۇ. ۋايەي - قورقۇش، ئاغرىشنى بىلدۈرىدۇ.

### 2) قاراتما ئۈندەشلەر

**كىشىلەرنىڭ باشقىلارنى ئۆزىگە قارىتىش، دىققىتىنى جەلپ قىلىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر قاراتما ئۈندەشلەر دىيىلىدۇ.**
ئۇيغۇر تىلىدا «ھاي، ھەي، ھايت، ھۇيت، ھوي، ئەي» دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەر قاراتما ئۈندەش بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: 1 . ھاي ئىشچىلار، ياشا ئەمگەكچىلەر! 2 . ھەي بالا، سەن قاياققا بارىسەن؟ 3 . ھوي بالا، مۇشۇ ھويلىدا ئەخمەتجان غۇلام دىگەن كىشى بارمۇ؟

## 3. ئۈندەش سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى

1. ئەگەر ئۈندەش سۆزلەر ئادەتتىكى ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلسا، ئۈنىڭدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ. ئەگەر ھىس ـ تۇيغۇنى بىلدۈرۈپ كۈچلۈك ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلسا، ئۈندەش سۆزدىن كېيىن ئۈندەش (!) بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن، ئىبىخ! بىز نىمىدىگەن بەختلىك! ھوي، سىلەر نەگە بارماقچى؟
2. جۈپ ئۈندەش سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە (ـ) ۋە ئۇلاردىن كېيىن پەش (،) قويۇلىدۇ. مەسىلەن: پاھ - پاھ، بۇ نىمىدىگەن ئوماق بالا. ۋاي - ۋۇي، سىنىڭ جىدىلىڭ ئەجەپ تۈگمەي كەتتىغۇ.
3. ئەگەر ئۈندەش سۆزلەر قاراتما سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كەلسە، ئۈندەش سۆزلەردىن كېيىن ھىچقانداق بەلگە قويۇلمايدۇ، پەش ياكى ئۈندەش بەلگىسى پەقەت قاراتما سۆزلەردىن كېيىنلا قويۇلىدۇ.

## 4. ئىملىق سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

**ئۇيغۇر تىلىدا تەبىئەتتىكى ھەر تۈرلۈك ئاۋۇشلارنى، تەبىئەت ھادىسلىرىنى، جانلىق ۋە**

**جانسز نەرسلەرنىڭ ھەر خىل ئاۋازلىرىنى تەقلىدىي ھالدا ئىپادىلەيدىغان ۋە ھەر خىل ھايۋان، ئۇچار قۇشلارنى قىچقىرىش، ھەيدەش، توختىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ئىملىق سۆزلەر دېيىلىدۇ.**

مەسىلەن: تاراس ـ تۇرۇش، گىژ ـ گىژ، غاچ ـ غۇچ، غاق ـ غاق، شاپۇر ـ شۇپۇر، مەھ ـ مەھ، ماھ ـ ماھ، تۇ ـ تۇ، پىژ ـ پىژ ۋە باشقىلار.

## 5. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

ئىملىق سۆزلەر ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئالغاندا، تەقلىدىي ئىملىقلار، چاقىرىق ـ بۇيرۇق ئىملىقلىرى ۋە تەسۋىرىي ئىملىقلار دەپ 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1) تەقلىدىي ئىملىقلار

**تەبىئەتتىكى ھەر تۈرلۈك ئاۋازلارغا تەقلىد قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىملىقلار تەقلىدىي ئىملىقلار دېيىلىدۇ.** مەسىلەن: تاراس ـ تۇرۇس، گىژ ـ گىژ، شاق ـ شۇق، مىياۋ ـ مىياۋ، ھاۋ ـ ھاۋ ۋە باشقىلار.

### 2) چاقىرىق ـ بۇيرۇق ئىملىقلىرى

**كىشىلەرنىڭ ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنى ھەيدەش، چاقىرىش، توختىتىش تۈيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىملىقلارنى چاقىرىق ـ بۇيرۇق ئىملىقلىرى دەيمىز.** مەسىلەن: تاخ، ھۇش، چاغ، مەھ ـ مەھ، تۇ ـ تۇ، چۇھ، پەش، قۇ ـ قۇ، تىر ـ تىر، ۋۇ ـ ۋۇ ۋە باشقىلار.

### 3) تەسۋىرىي ئىملىقلار

تەبىئەت، ھادىسىلەر، ھەركەت ھالىتىنى، ئوبرازىنى تەسۋىرلەش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىملىقلارنى تەسۋىرىي ئىملىقلار دەيمىز. مەسىلەن: يالت ـ يۇلت، لىپ ـ لىپ، پىل ـ پىل، پال ـ پۇل ۋە باشقىلار.

### 4) ئاددىي ۋە جۈپ ئىملىقلار

ئىملىق سۆزلەر تۈزۈلۈشىگە قاراپ، ئاددىي ئىملىقلار ۋە جۈپ ئىملىقلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**(1) ئاددىي ئىملىقلار:**

ئاددىي ئىملىقلار پەقەت بىرلا سۆزدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن : غىچ، غاچ، قارس، تارس، شار، شىرىق، ۋىژ، گۈژ ۋە باشقىلار.

**(2) جۈپ ئىملىقلار:**

جۈپ ئىملىقلار تەقلىدىي ئىملىقلاردىن تۈزىلىدۇ. مەسىلەن: گاژ ـ گۇژ، شار ـ شۇر، مىژ ـ مىژ، تاراق ـ تۇرۇق، غىچىر ـ غىچىر، پىسىر ـ پىسىر، گۈلدۈر ـ غالاپ، پالاق ـ پۇلۇق، غاژ ـ غۇژ، ۋاژ ـ ۋۇژ ۋە باشقىلار.

تەقلىدىي سۆزلەر تەبىئەتتىكى خىلمۇ ـ خىل ئاۋازلارغا تەقلىد قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، گۈلدۈر، قاراس، تارس، شارت، غىچ، غاچ، تاراس ـ تۇرۇش، غاچۇر ـ غۇچۇر، گىژ ـ گىژ، پىژ ـ پىژ، شاراق ـ شۇرۇق، تاقۇر ـ تۇقۇر، پاق ـ پۇق، شاق ـ شۇق، شار ـ شۇر، مىياۋ، قاق، ۋىچىر ـ ۋىچىر ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا ئىملىقلار كۆپىنچە جۈپ ئىملىق سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەرگە بەزىدە كېلىش، ئىگىلىك ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىدۇ، بۇنداق ھالدا ئىملىق سۆزلەر جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: 1 . ئۆي ئىچىدە ئۇلارنىڭ

تاراق - تۇرۇقلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. 2 . قالغاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى باھاردىن دېرەك بېرىپ، كىشىلەرنىڭ قۇلغىغا يېقىملىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. 3 . تەنەپپۇس ۋاقتىدا بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى سىنىپنى بىر ئالغان ئىدى. مۇئەللىم سىنىپقا كىرىش بىلەنلا ھەممىسى جىم بولدى.

**135 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى مىساللاردىكى ئۈندەش سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ئىملىق سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ھېس - تۇيغۇنى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1 . ھاي - توختاڭلار. 2. ئۇھ، ئەجەپمۇ ھېرىپ كەتتىم. 3 . ھەي، سەن نىمە قىلىپ تۇرىسەن؟ 4 . ئېخ، ۋەتىنىم! سەن نىمىدىگەن سۆيۈملۈك! 5 . پاھ، يازدا سۇغا چۆمۈلۈش نىمىدىگەن راھەت - ھە؟ 6 . ھاي، بالىلار تاقۇر - تۇقۇر قىلماڭلار. 7 . ھوي، سەن قاچان كېلىپ قالدىڭ؟ 8 . ۋايەي، ئەجەپ چۆچۈتىۋەتتىڭىز!؟ 9. ھوي، بۇ سەنمىدىڭ؟ 10 . خەپ سېنى، توختاپتۇر. 11. پاھ، بۇ باغنىڭ گۈللىرى نىمىدىگەن چىرايلىق؟ 12 . ۋاي - ۋۇي ئەجەپمۇ تولا گەپ قىلىپ كەتتىڭا؟

## 6. ئىملىق سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى

1) «جىر، پىژ، غىژ، تارس، قارس، غىچ، غىررىدە، پىررىدە» قاتارلىق يالغۇز ئېيتىلغان ئىملىق سۆزلەر باشقا سۆزلەردىن ئايرىم يېزىلىدۇ. مەسىلەن: 1) ئۇ كېتىۋېتىپ تېيىلغاق مۇزدا غىررىدە تېيىلىپ يىقىلدى. 2) ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى.

2) «تاقۇر - تۇقۇر، خىر - خىر، پىس - پىس، ماھ - ماھ» قاتارلىق جۈپ ئىملىقلار ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە (-) قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن: ساۋاقداشلار، تاراق-تۇرۇقنى توختىتىپ تىنچ ئولتۇرۇڭلار.

**136 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئىملىق سۆزلەرنى تېپىڭلار ۋە تېگىشلىك تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ توغرىلاپ يېزىپ چىقىڭلار.

1 . ۋاراڭ چۇرۇڭ ئاۋازلار توختىدى، پەقەت ئاندا سىندا پىسىڭ- پىسىڭ ئاۋازلار تېخى جىمىقمىغان ئىدى. 2 . سىرتتا شامالنىڭ گۈر گۈر ئاۋازى ۋە ئىشىك دەرىزىلەرنىڭ تاراق تۇرۇق قىلىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. 3 . ھوي ھوي، ھەممىڭلار كېلىپسىلەر - دە، ھوي سىز قاچان كېلىپ قالدىڭىز؟ 4 . خا خا خا، دېمەك، سەنمۇ بۇ يەرگە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن كەلدىڭدە. 5 . ئاھ پاۋلۇشا بىر بىرىمىزگە يېقىنراق تۇرساق، سېنىڭ مەسلىھەتلىرىڭ ماڭا قانچىلىك پايدا كەلتۈرگەن بولاتتى (ئوستروۋسكىي). 6 . ھەي، توختا! 7 . پاھ پاھ، بۇ كوچىلار نىمىدىگەن تۈز ياسالغان. 8 . ھاۋا قاراس قۇرۇس قىلىپ گۈلدۈرلەپ كەتتى. يامغۇر شار شۇر قۇيۇۋەتتى.

## ئابزاس

ئابزاس - مەلۇم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېكىست بولۇپ، ئۇ باش قۇردىن يېزىلىش بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

تەقلىدىي سۆزلەر تەبىئەتتىكى خىلمۇ - خىل ئاۋۇشلارغا تەقلىت قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، گۈلدۈر، قاراس، تارس، شارت، غىچ، غاچ، تاراس - تۇرۇش، غاچۇر - غۇچۇر،

ئۇيغۇر تىلىدا ئىملىقلار كۆپىنچە جۈپ ئىملىق سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: تاراق - تۇرۇق، شاراق - شۇرۇق، قاس - قۇس، گىژ - گىژ، پىژ - پىژ.

دېگەندەك ھەر- بىر ئابزاس باش قۇردىن ئىچكىرىدىنرەك باشلىنىپ يېزىلىدۇ.

ئەمما ھازىر ئابزاسلار ئوتتۇرىدا بىر قۇر خەت يازغىلى بولغىدەك بوشلۇق قويۇپ ئايرىلىدىغان بولدى. بۇ ئىنتايىن خاتا!

# تەكرارلاش سوئاللىرى

1 . رەۋىش دىگەن نىمە؟ ئۇ قانداق مورفولوگىيىلىك بەلگىگە ئىگە؟
2 . رەۋىش بىلەن سۈپەت قانداق پەرقلىنىدۇ؟ ئۇلارنىڭ تۈپ پەرقىنى نىمىگە قاراپ ئايرىغىلى بولىدۇ؟
3 . رەۋىشلەر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟
4 . ياردەمچى سۆز دىگەن نىمە؟ ئۇ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟
5 . باغلىغۇچىلار دىگەن نىمە؟ ئۇلار قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟
6 . ئۇلانمىلار دىگەن نىمە؟
7 . ئۈندەش سۆز دىگەن نىمە؟ ئۇ قانداق ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟
8 . ئۈندەش سۆزلەر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟
9 . ئۈندەش سۆزلەر قانداق يېزىلىدۇ؟
10 . ئىملىق سۆزلەر دىگەن نىمە؟ ئۇ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟
11 . ئابزاس قانداق پەرقلەندۈرۈلىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

مۇھىم قوشۇمچە:

# ئوقۇشلۇق

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخى رولى توغرىسىدا

بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن!

ئىنساننى بارچە مەخلۇقاتتىن تىل شەرىپى بىلەن ئۈستۈن ۋە سۆزلىشىش لەززەتى بىلەن يۈكسەك قىلغان ئاللاھۇ تائالاغا سانسىز تەشەككۈر ۋە تۈگىمەس ھەمدۇ - سانالار بولسۇن!

«سۆز ئۈنچەدۇر، ئۇنىڭ دېڭىزى كۆڭۈلدۇر. كۆڭۈل پۈتۈن مەنالارنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغۇچىدۇر. گەۋھەر دېڭىزدىن غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن چىقىپ ئۆز جىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ، گەۋھەرشۇناسلار ئىچىدە ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، كۆڭۈلدىكى سۆز ئۈنچىلىرىمۇ نۇتۇق شەرىپىگە شۇ ئىشنىڭ ماھىرلىرى ۋاستىسى بىلەن ئېرىشىپ ئۆز كۆركىنى تاپىدۇ ۋە ئۆز قىممىتى ھەم مەرتىۋىسىگە قاراپ يېيىلىدۇ ۋە شۆھرەت قازىنىدۇ. گەۋھەرنىڭ قىممەت دەرىجىسى بەك كۆپتۇر، ھەتتا بىر تەڭگىدىن يۈز تۈمەن تەڭگىگىچە دېيىشمۇ بولىدۇ.»(ناۋايى)

بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ قەلبى دېڭىزىدىكى مۇنداق بى باھا گۆھەردەك قەدىر-قىممەتلىك ئۈنچە - مەرۋايىتتەك سۆزلىرىلا شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ تەسۋىر يەتكۈسىز بەخت خۇشاللىغىنىڭ تەسۋىر يەتكۈسىز مەنالارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ.

بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەسلىك ئۆچىغا چىققان نادانلىق.

بۇ تىرىكلىك ئالەمدە كىشىنى ئانا تىل ئەركىنلىگىدىن مەھرۇم قىلىش ، ماھىيەتتە ئۇ مىللەت كىشىلىرىنى يۇقىرىدا تەرىپلەنگەن بى باھا گۆھەردەك قەلبى سۆزلىرىدىن مەھرۇم قىلىش، ھەتتا ئۇ مىللەتنى يوق قىلىش دېمەكتۇر. بۇ دېمەك، ئىنسان تەبىئىتىگە ئەسلا ماس كەلمەيدىغان خاھىش ۋە ھەتتا كىشىنىڭ ئىنسانلىق شەرىپىنى يەرگە ئۇرىدىغان رۇشەن بىر ئىپادىسىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەرلىك مىللەت ماتارىپى ھەققىدىكى قانۇنىدا ھەرمىللەتنىڭ ئانا تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ئەركىنلىگى بارلىغى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

ئەمما كۆپ ئەپسۇس، نۆۋەتتە بۇ قانۇن - نىزاملارغا بەزى جايلاردا ئەھمىيەت بىرىلمەگەنلىكتىن ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى تونۇپ يېتىلمىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشى چەكلىنىدىغان خاتا خاھىشلارمۇ باش كۆتۈرۈپ قالدى.

ئۇنداق بولسا چوڭقۇرراق ئويلىنىپ كۆرەيلى، ____ زادى ئۇيغۇر تىل - يېزىغى ھەقىقەتەن ئىلمىي قىممىتى يوق ، تارىخي رولىغا ئەھمىيەت بىرىشكە ئەرزىمەيدىغان تىل - يېزىقمىدۇ ؟؟؟

زادى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى ھەقىقەتەن ئەمەلدىن قېلىشى كېرەكمىدۇ؟
مۇقەررەركى، بۇ ئازىراقلا ئىمانى ، ۋىجدانى بار ھەر قانداق ئىنساننى قاتتىق ئويلاندۇرىدۇ!
ئەلبەتتەكى، ـــ بىزنى ۋە بىزنىڭ تىل ـ يېزىغىمىزنى « تۇسالغۇ » دەپ قاراش ۋەبىزنىڭ ئىلىم ئەرباپلىرىمىزنىڭ دەرس مۇنبەرلىرىدە ئانا تىلنى قوللىنىشنى چەكلەپ، قوللانسا«گۇناھـكار» ھېساپلاپ ئىلىم ـ مەرىپەت ساھەسىدىن سىقىپ چىقىرىش ، ھەتتاكى پەرزەنتلىرىمىزنى ئانا تىلدىن مەھرۇم قىلىۋېتىش ـــ بىز ئۈچۈن قاتتىق ۋىجدان ئازابى چەكتۇرگەن ۋە چەكتۇرىۋاتقان ھاقارەتلىك ھادىسە !

ئەمما، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي تەرەققىياتتا مۇتلەق ئۈستۈنلىگىمىزنى ئەبەدىي ساقلىيالايدىغان ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىزچىل ھالدا ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن زور تۆھپىلەرنى قوشالايدىغان ئېقىل ـ پاراسەتلىك ، چىدام ـ جاسارەتلىك مىللەت ئىكەنلىگىمىزدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ھەر قانداق بانايى ـ سەۋەپلەر بىلەن يوق قىلىۋېتىش ئەسلا ۋە ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ۋە مەن قۇياشنىڭ نۇرىدەك پارلاق ئىلمي ھەقىقەتنىڭ ھۆكمى بىلەن شۇنى ئېيتىشقا ئىمانىم كامىلكى ، بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئانا تىل ـ يېزىغىمىز ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇشتا دۇنيادىكى ھەر قانداق تىل ـ يېزىقنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرالىغان ۋە مەڭگۈ تۇرالايدىغان ئالەمشۇمۇل ئىلمي قىممەتكە ۋە ئۇلۇغۋار تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە شۇڭا قوللۇنۇلۇش قىممىتى ئاجايىپ يۇكسەك ھەقىقي دۇنياۋي تىل ـ يېزىقتۇر !!!
مۇشۇ تىل ـ يېزىقنىڭ ئېگىسى بولغان ئۇيغۇرلار بولسا تارىخي تەرەققىياتنىڭ ھەقىقي جاسارەتلىك ھەرىكەتلەندۇرگۈچى كۈچى ۋە داھىيانە يېتەكچىسىدۇر !!!
ئەنە تارىخ! ـــ دۇنيادا مەۋجۇت **7000** خىلدىن ئارتۇق تىلدا سۆزلىشىدىغان ئىنسانلارنىڭ تارىخي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىي ھايات سەۋىيىسى ئۇزۇن جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىغىنى ۋە تۆۋەندىكى سىخىملىق باغلىنىشتىكىدەك ئىكەنلىگىنى رۇشەن كۆرسەتتى :



www.uyghurkitap.com

**دىققەت! ــ سىخەمىدىكى Uygurدېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا قاراڭ!**

بۇ سىخەمىدا كۆرۈنگەن مانا شۇ « مۇ » غا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتى ئۈچۈن 50 نەچچە يىللىق ھاياتىنى سەرپ قىلىپ پولاتتەك دەلىللەرنى توپلىغان ئەنگلىز تارىخشۇناسى، ئارخېئولوگ جەيمز چېرچۇورد (James Churchward) ئەپەندىنىڭ « مۇ قۇرۇغلۇقى » ناملىق كىتاۋىدا ، ئىنسانىيەت تەخمىنەن بۇنىڭدىن 200 مىڭ يىل بۇرۇن « مۇ قۇرۇغلۇقى » دا پەيدا بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئاپتور بۇ كىتاۋىدا ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى دەلىللىگەن.

ئاپتور بۇ كىتاۋىدا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولىشىغا مۇستەھكەم ئاساسلارنى سالغان يادرولۇق مىللەت ئىكەنلىكىنى، دېمەك پارلاق ئىنساني مەدەنىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمقى ئۇستازى دەل ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ، ئۇيغۇرلار « بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسى»نى قۇرۇپ ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايىسى ساھەلىرىدە، ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە گۈللىنىشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلىكىنى ئالاھىدە سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئېلىپ ، بۇ ئىمپىرىيىنىڭ تېرتورىيىسى ، قۇدرىتى ، تەسرى ۋە دۆلەت قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى كۆپلىگەن تارىخي ھەمدە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار بىلەن ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ، « ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت جەھەتتە ئەڭ ئىلغار خەلق بولۇپ ، ئاسترونومىيە ، مېتاللورگىيە ، توقۇمىچىلىق سانائىتى ، بىناكارلىق ، ماتېماتىكا ، زىرائەت يېتىشتۈرۈش ، مائارىپ ، دوختۇرلۇق ــ تىبابەت ۋە باشقا جەھەتلەردە بىلىملىك خەلق ئىدى ، يېپەك،تاختا ۋە مېتال ئۇستىگە خىلمۇ ـ خىل گۈل ـ نەقىشلەرنى چېقىرىشنىڭ ئۇستىلىرى ئىدى. ئالتۇن ، كۈمۈش ، برونزا (تۇچ ) ۋە سىغىز توپىلاردىن ھەيكەل ياسىيالايتتى. بۇ ، مىسىر تارىخىنىڭ باشلىنىشىدىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللار ئىدى » دەپ كۆرسىتىدۇ .خەرىتىگە قاراڭ.




ئاپتور بۇ كىتاۋىدا « ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى (« مۇ قۇرۇغلۇقى») بارلىق قەدىمقى يېزىقلارنىڭ ئاچقۇچى» دەپ يېزىپ ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پاكىت ـ دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، « سىھىرلىك يېزىق » مەسلىسىدە ئۇيغۇرلارنى دەرھاللا تىلغا ئېلىپ ، « ئۇيغۇرلار بولسا ئادەتتە سانلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تىك ياكى توز سىزىقلاردىن پايدىلانغان، . . . .» دەپ كۆرسىتىدۇ .

ئاپتور «مۇنىڭ قۇتسال سىمۋوللىرى» ناملىق كىتاۋىدا يەنە : « پۇتكۇل مۇ مەدەنىيىتى

دەۋردىكى ئىنسانلار ئۇيغۇرلار- نىڭكىنى ئاساسلىق ھالدا تاللىغان. .... ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىقات ، بىلىم ، ئىجتىمائىي ھايات ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق، ئىنسان بىلەن كائىنات ئارىسىدىكى قۇرۇلمىلار جەھەتتىن قالدۇرۇپ كەتكەن ئاساسلار ناھايىتى توغرا »، دەپ يازىدۇ .

ئاپتور ئەمدى «مۇ قۇرۇغلۇقىنىڭ ئەۋلاتلىرى» ناملىق كىتاۋىدا بولسا خەنلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : « خەن مەدەنىيىتىنى ناھايىتى قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى، دېگەن كۆز قاراش تولا ئۇچرايدۇ. ئەسلىدە خەن مەدەنىيىتى ئارانلا بەش مىڭ يىللىغا يېقىن تارىخقا ئىگە. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە خەنلەر ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۆزلىرى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنمىش.ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار بۇ مەدەنىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجداتلىرىدىن ئالغان. خەنلەر مۇڭغۇللارغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلار يېرىم مۇڭغۇللار. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئاق تەنلىك ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئاق تەنلىك ئۇيغۇرلار بىلەن سېرىق تەنلىك مۇڭغۇللار ئوتتۇرىسىدا ئارىلاش نىكاھ ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئەۋج ئالغان. مۇڭغۇللارنىڭ ئېلى جەنۇپ تەرەپتە ئىدى. ئەنە شۇ نىكاھلاردىن تۇغۇلغانلار دەسلەپكى خەن ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان يازما مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلگەن: « ئۇيغۇر ئەركەكلىرى ئەڭ گۈزەل سېرىق تەنلىك ياۋايىلارغا ئۆيلەندى.» بۇ بىر خاتا تەرجىمە. چۈنكى مۇنداق نىكاھلار قىلىنغان دەۋرلەردە يەر يۈزىدە ھېچ قانداق ياۋايىلىق بولمىغان . بۇ يەردە سۆز «تۇۋەن سېرىق ئىرق» ھەققىدە بولغان. بۇ رىۋايەتلەر بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇ رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن: « سېرىق تەنلىك مۇڭغۇللار ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا خېلىلا ناچار تەرەققىي قىلغان.ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى خېلىلا تۆۋەن ئىدى.» ھازىرقى خەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى ، بولۇپمۇ ئېسىل قانلىق خەنلەر ئاق تەنلىكلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تومۇرىدا ئۇيغۇر قېنى ئېقىۋاتىدۇ. قاتاردىكى تۆۋەن سىنىپ ۋەكىللىرى بولغان جەنۇپلۇق خەنلەردە ئۇيغۇر قېنى يوق. ئۇلار قېدىمىي سېرىق تەنلىك مۇڭغۇللارنىڭ ئەۋلاتلىرى.

مۇنداق ئارىلاش ئائىلىلەردىكى ئۇيغۇر ئاتىلار باللىرىنىڭ ئۇيغۇرچە قېلىپلاشقان ئۆلچەم بويىچە بىلىم ئېلىشىنى جىددىي نازارەت قىلاتتى. دېمەك، خەنلەرنىڭ ئىمپېرىيىسىنى ئۇيغۇر قانلىق، ئۇلۇق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن ئادەملەر قۇرغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، خەنلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن كەلگەن. بۇ مەدەنىيەتنى خەنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئاتىلىرى تاپشۇرغان.

خەنلەرنىڭ داۋجاۋ ئىبادەتخانىلىرىدا يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇنلىغان ھۆججەتلەر ساقلانماقتا.» ( شۇ كىتاپنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى (قىرغىزستان - بىشكەك)، 227 - 228-بەتلەر)

مەلۇمكى ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە تۇنجى ماكانى توغرۇلۇق ياۋروپا تارىخچىلىرى قېدىمقى مىسىر ، بابىلون ، گرىتسىيە ۋە رىم ئىمپېرىيىسى ، ئاندىن قالسا جۇڭگو ۋە ھىندىستاننى تىلغا ئېلىشىدۇ .

ئەمما جەيمز چېرچۋود 50 يىللىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ سەمەرىلىك مېۋىسى بولغان « **ئۇلۇق ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى** » ناملىق كىتاۋىدا بۇنى رەت قىلىپ ، مۇنداق دەيدۇ : « ئۇيغۇرلار مۇندىن 20000 يىل بۇرۇنلا مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن . ئۇلار ئاسترونومىيە ، كانچىلىق توقۇمىچىلىق ، ئارخېئولوگىيە ، ماتېماتىكا ، يېزا ئېگىلىگى ، يېزىق ، تىبابەتچىلىك ۋە باشقا پەنلەرنى بىلەتتى . ئۇلار يىپەك ، مېتال ۋە ياغاچتىن ھەشەمەتلىك بۇيۇملارنى تەييارلاشقا ماھىر ئىدى . ئالتۇن ، كۈمۈش ، برونزا ۋە لايدىن ھەيكەللەرنى ياسايتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى مىسىر مەدەنىيىتى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن . قېدىمىي گرېك ، خالدېي ، ۋاۋىلونلار ، پارسلار ، مىسىرلىقلار ۋە ھىندىلارنىڭ مەدەنىيىتى قېدىمىي « مۇ » دەۋرىدە يارىتىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىدا پەيدا بولغان .» ( ئۇيغۇرچە نەشرى ، 14 - بەت )

يەنە تۈركىيىنىڭ «ئەرگىنەقۇن» (Ergine Qun) گېزىتىدە مۇھەررەم قىلىچ تەرىپىدىن «شىئەندە قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئەلئىبىھرامى » ناملىق بىر پارچە ناھايىتى قىممەتلىك ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ ، ماقالىدە « ئۇيغۇر رايونىدا بايقالغان ، ياسىلىش دەۋرى مىسىر ئەلئىھرامىدىن 100 نەچچە يىل بۇرۇن

www.uyghurkitap.com

بولغان ، مسىردىكى ئەلئېھرامدىن تېخىمۇ ئىگىز ھەم ھەيۋەتلىك بولغان ئەلئېھرامنى ياسىغۇچى خەلق ھەقىقىي ئۇيغۇر تۈركلىرىدۇر . بۇ رايونغا كىرىش جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي چەكلەنگەن . بۇ رايونغا ھەتتا ئارخېئولوگلارنىڭ كىرىشىگىمۇ قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ . چۈنكى بۇ ئەلئېھراملارنىڭ ئىچىدە پروتو ـ تۈرك (Proto - Türk) يازمىلىرى بار بولۇپ، بۇ سىرلىق ئەلئېھراملار دۇنيا تارىخىنىڭ قايتا يېزىلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى شىئەندىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىنلىشەن تېغى ئۈستىدە قېدىمقى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان 100 دىن ئارتۇق كىچىك ئەلئېھراملار ۋە ئېگىزلىكى 300 مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ ئەلئېھراملارنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن 1994 ـ يىلى شەنشى رايونىدا بىر تەتقىقات ساياھىتى ئېلىپ بارغان گېرمانىيىلىك ئالىم ھارتۋېگ ھاۋستوف ئۆزىنىڭ رەسىم ئالبومىدىن بىر قانچە رەسىمنىڭ خەلققە كۆرسىتىلىشىگە رۇخسەت قىلىنغان . ھاۋستوفنىڭ قارىشىچە ، ئەلئېھراملارنىڭ بىنا قىلىنىش تارىخى ئەڭ ئاز مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2500 يىللار ئەتراپىدىدۇر . بۇ رايوننىڭ چەكلەنگەن رايون قىلىنىپ ئېلان قىلىنغانلىقى سەۋەبلىك ئەلئېھراملارنىڭ ئىچىدىكى مىسىر ئەلئېھراملىرىدىنمۇ يۇقىرى تېخنىكا بىلەن مۇمىيالاشتۇرۇلغان جەسەتلەر ۋە قېدىمقى تۈركچە يازمىلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ » دېيىلگەن .

تۆۋەندىكى رەسىملەر مانا شۇ ئەلئېھراملارنىڭ بىر قىسمىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى :





مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ، ئىلىم ـ پەن ، تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەھەتتە قانچىلىك ئىلگىرى ئىكەنلىكى ۋە قانچىلىك ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ناھايىتى روشەن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ .

ئۇيغۇرلار مانا شۇنداق ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپلا يېزىق قوللىنىپ سەلتەنەتلىك مەدەنىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ ئىنسانىي ياشاشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىۋاتقاندا ، باشقىلار خىلمۇ ـ خىل دەت ـ تالاش ، جەڭگە ـ جېدەللەر بىلەن ئاۋارە ئىدى . بۇ ھەقتە تۈركچە ئىشلەنگەن « بوز قىرنىڭ ئويغىنىشى » ناملىق خەرىتىدە تەپسىلى چۈشەنچىلەر بېرىلىپ ، ئۇيغۇرلارغا نىسپەتەن ، « ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ ئورنىغا ئەدەبىيات » ماۋزۇسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئىنسانىي ھاياتنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغانلىقى ، قەدىمى تەككەنلا يەردە ئىلىم ـ مەرىپەت گۈللىرىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغانلىقى قىزغىن مەدھىلىنىپ ، « .... شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار تۈرك ، موڭغۇل قەۋملىرى ئىچىدە بۈيۈك ، ئىلغار بىر قەۋم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى ، چىڭگىزخان زامانىغا كەلگەندىمۇ ئۇلار قەۋملەرنىڭ تەربىيىچىلىرى بولغان ئىدى . .... » دېيىلىدۇ . بۇ باھاغا ناھايىتى يېقىن ھالدا فرانسىيىلىك مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس تارىخچى گراسېر ئەپەندىمۇ 1930 ـ يىللىرى يازغان « يايلاق ئىمپېرىيىلىرى » ناملىق كىتاۋىدا قېدىمقى ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختىلىپ ، « ئۇيغۇرلار تۈرك ، موڭغۇل خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىلغار خەلق بولۇپ ، چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندىمۇ يانىلا تەربىيىلىگۈچىلەردىن ئىدى » دەپ يازغان بولسا ، ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى دېنىس سىنور ئەپەندى 1960 ـ يىللىرى يازغان « ئىچكى

قۇرۇقلۇق ئاسىيا » ناملىق كىتاۋىدا ئۇيغۇرلارنى « تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەر ئىچىدە ھېچ قايسىسى ئۇيغۇرلار يەتكەن مەدەنىيەت دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن » دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. دەرۋەقە تارىختا چىڭگىزخاندەك قۇدرەتلىك جاھانكەشتىلەرمۇ بىلىم ۋە ئىقىل - پاراسەتتە ئۇيغۇر كاتىپ - باخشىلىرىنى ئۇستاز تۇتقان ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىۋىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى مۇڭغۇللارنىڭ دۆلەت يېزىقى بولۇپ قالغان ئىدى.

ئىلىم ھەقىقەتكە ئوتتەك مۇھەببەتلىك يەنە قانچىلىغان ئالىملارمۇ باركى ، ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ناھايىتى يۇكسەك باھالارنى بەرگەن . بۇلاردىن شۋېتسىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس گۇننار يارىڭ « ئۇيغۇر تىلى » ناملىق 4 توملۇق كىتاۋىنى يازغان بولسا ، گېرمانىيىلىك پروفېسسور گابائىن خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ، دىنىي ئېتىقادى ، تىل - يېزىقى ۋە مەدەنىيەت - سەنئىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا پۈتۈن ئۆمرىنى بېغىشلىغانكى ، ئۆمۈرۋايەت تۇرمۇشلۇق بولماي ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئاجايىپ قىممەتلىك ئىلمىي نەتىجىلەرنى ياراتقان بولۇپ ، ئۇنىڭ « قېدىمقى ئۇيغۇر تىلى » ، « قېدىمقى تۈركىي تىللار » ، « ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرى» ...... قاتارلىق 10 نەچچە پارچە ئىلمىي ئەسىرى ، 200 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ۋە تەقرىزلىرى بار .

ئۇلاردىن باشقا تۈرك ئالىم ، پروفېسسورلاردىن ئوكتاي سىنان ئوغلى مۇنداق دەيدۇ : « بىزنىڭ تارىخىمىزنىڭ ياخشى تەتقىق قىلىنىشى ئۈچۈن ئىنگلىزچىنى بىلىدىغان ئەمەس ، ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان مىڭلىغان مۇتەخەسسىلەرنى يېتىشتۈرۈپ ئون مىڭلىغان ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلدۇرۇش لازىم . » ( تەتقىقاتچى يازغۇچى تۇرغاي تۇپەكچى ئوغلى : « پروفېسسور دوكتۇر ئوكتاي سىنان ئوغلى ۋە تۈركچە » ، 289 - 290 - بەتلەر ) ،« ئۇيغۇر تۈركلىرى دۇنيانىڭ ھازىرقى ۋە ئۆتمۈشىدىكى ئەڭ بۈيۈك ، ئەڭ ئىنسانىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئىدى . ئىنساننىڭ باياشاتلىقى ، ھۇزۇرى ۋە بەخت - سائادىتىنى ئاساس قىلغان دۆلەت ھاكىمىيىتى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يۇرت سورىغانلارمۇ ئۇيغۇرلاردۇر . باشقا تۈرك دۆلەتلىرى ۋە ئاخىرىدا ئوسمانلىقلارمۇ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە داۋاملاشتۇرغان . » ( شۇ كىتاب ، 252 - بەت ) ، « تۈرك دۇنياسى ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانلار ئۇيغۇرلارغا كۆپ جەھەتتىن قەرزدار . ئۇيغۇرلار ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن . دۇنيا بويىچە ئىنساننىڭ بەخت - سائادەتلىك بولۇشىنى ئالدىنقى رەتتە قويغان دۆلەت باشقۇرۇش ئېڭىنى ۋە تۈزۈلمىسىنى ، نۇرغۇنلىغان سەنئەت ۋە تېخنىكىنى ، ئەڭ ئىلغار تېرىقچىلىق ۋە سۇغۇرۇش ۋە بوستانلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۇلار ئىجات قىلغان . ئوسمانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېيىنكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ بۈيۈك مۇۋاپىقىيەتلىرى مانا شۇ ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن ... 20 يىل بۇرۇن ياپونىيىدىكى جىددىي ئىزدىنىشلىرىم جەريانىدا ياپونلارنىڭ دىققىتى قوزغالدى . ھازىر ئۇلار تەتقىقاتنى باشلىۋەتتى . بىز ياپونلار بىلەن بىرلىشىپ « ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىش مەركىزى» نى قۇرىشىمىز لازىم . ئوسمانلىق ئارخىپ بەلگىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر بىلىم قوشۇنىنىڭ يېنىدا يەنە ئۇيغۇر تىلى ، يېزىقى ۋە تارىخى بويىچە كۆپلىگەن مۇتەخەسسىلەرنى تېزلىكتە يېتىشتۈرىشىمىز لازىم .» ( شۇ كىتاب ، 283 - بەت )

ئەمدى ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونا مەدەنىيەت مىنىستىرى نامىك كەمال زەيبەك ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ : « .... تۈركىيىدە قوللىنىلىۋاتقان ‹ئۇيغارلىق› سۆزىنىڭ ئەسلىسىمۇ ‹ئۇيغۇرلۇق› تۇر . .... « ھازىرقى زامان تارىخى » ئىنسانىيەت تارىخىنى ئەڭ كۆپ 6 - 7 مىڭ يىل كەينىگە قايتۇرۇپ سۆمەرلەر بىلەن باشلىندۇ . ... ئەمما تارىخنى تېخىمۇ كەينىگە سۈرۈۋاتقان تەتقىقاتچىلارمۇ بار . مەسىلەن ، « مۇ » ( MU ) ئۇيغارلىغى ناملىق ئىلمىي ماقالىنى كۆرىدىغان بولساق ، ئۇنىڭدا ، بۈگۈن ياشاۋاتقان دۇنيامىزغا 12 مىڭ يىل بۇرۇن ھاكىم بولغان ، دۇنيانى باشقۇرغان بىر ئىمپېراتۇرلۇق بار بولۇپ ، **ئۇنىڭ ئىسمى «ئۇيغۇر ئىمپېراتۇرلىغى»**دىن ئىبارەت ..... دېگەن ئۇلۇق ئىلمىي ھەقىقەت ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان » ، « قوللىنا - قوللىنا ئۆگۈنۈپ قالغان ئاشۇ «

www.uyghurkitap.com

ئۇيغارلىق » دېگەن سۆزگە بىر قاراپ باقايلىمۇ ؟ بۇنىڭ ئەسلىسى « ئۇيغۇرلۇق » تۇر . «ئۇيغۇرلۇق» دېگەن سۆز بىرئاز ئۆزگەرتىلىش ئارقىلىق مانا شۇنداق «ئۇيغارلىق» دېيىلىدىغان بولۇپ قالغان . . . . بۇ ئۇيغۇرلار زادى كىم ئىدى ؟ ... نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلۇق ؟ چۈنكى ، مۇندىن 12 مىڭ يىل ئىلگىرى ئاسىيا ۋە ياۋرۇپانى ئۇيغۇرلار باشقۇرغان ۋە پۈتكۈل خەلقلەرگە «ئۇيغارلىق» نى ئېلىپ كەلگەن ئىدى . بىلىنگەن پۈتكۈل مەدەنىيەتلەرنىڭ تۇنجى مەنبەسىمۇ ئۇيغۇرلار ئىدى . .... ئاتا تۈرك نىمە دېدى ؟ خوش ، تارىخىي قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەنلەر ئۇيغۇرلارنى نەگە باغلايدۇ ؟ جەيمز چېرچۋود « مۇ **ئۇيغارلىغى** » دەيدۇ ۋە «**مۇ قىتئەسى**» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ئاتا تۈركمۇ يۇقىرى قابىلىيىتى ، ئالاھىدە سەزگۈ كۈچى ۋە ھەقىقىي ئىلمىي تەھلىللىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيادا ياشىغانلىغىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . 50 مىڭ يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر - بىرىگە تۇتاش دېڭىزلاردىن تەركىپ تاپقان بىر ئىچكى دېڭىز بار ئىدى . بۇ ئىچكى دېڭىزنىڭ ئەتراپىدا كۆركەم بىر مەدەنىيەت ( ئۇيغارلىق ) بار ئىدى. بۇ ئۇيغارلىق ئامېرىكا قىتئەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پۈتكۈل دۇنيانى ئىدارە قىلدى ، تەسىرلەندۈردى ۋە ئۇيغارلىقنى تارقاتتى. .... » ( نامىك كەمال زەيبەك : « ئاناتولىيەگە قاچان كەلدۇق ؟ » )

يەنە ، مەشھۇر تارىخشۇناس مورگان ئەپەندى :« دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەريا ۋادىسىغا كۆمۈلگۈلۈكتۇر . قاچان شۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرىمۇ شۇ چاغدا ئېچىلىدۇ .» دېگەن بولسا ، رۇس ئالىمى كوزنىتسوف : « ئوتتۇرا ئاسىيانى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئۆچىغى دەيدىكەنمىز ، شۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلار ئۇيغۇرلار ئىكەنلىگىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك .» دەپ ئالاھىدە ئىزاھلايدۇ .

ئەمدى ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىمى ، تۈركولوگ مەھمۇت قەشقىرى ئالەمشۇمۇل شاھ ئەسەر « تۈركىي تىللار دىۋانى » نى يېزىپ ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ، مەدەنىيىتى ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاجايىپ قىممەتلىك چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، شەرق مەدەنىيەت ئويغۇنىشىنىڭ تۇنجى باسقۇچىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىرىنچى ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان ئىدى . « تۈركىي تىللار دىۋانى » ياۋروپا ئىلىم - پەن ئالەمىدە ، بولۇپمۇ تۈركولوگىيە ساھەسىدە زور ۋەقە ھېساپلانغان ئىدى . بۇ ھەقتە يېزىلغان نېمىسچە ، ۋېنگىرچە ، رۇسچە ئىنگلىزچە كىتاپ ۋە ماقالىلار ھەددى - ھېساپسىز . خۇسۇسەن ، نۆۋەتتە « تۈركىي تىللار دىۋانى » سەۋەپلىك ئالەمنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتى ئۈچۈن ب د ت بۇيىلنى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ خاتىرلىنىش يىلى قىلىپ بېكىتتى !

مەشھۇر شائىر ، تىلشۇناس ۋە خەتتات مىرزا ئەلىشىر ناۋايىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغۋار تىل ئىكەنلىگى توغرىسىدا « ئىككى تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە » ناملىق مەشھۇر ئەسرىنى يېزىپ ، ئۆزىنى تىپ قىلغان ھالدا شەرق مەدەنىيەت ئويغۇنىشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيە-ـتىنىڭ يەنە بىر قېتىم گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرىنى يارىتىشقا قاتتىق كۈچ سەرپ قىلغان ئىدى .

يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ چوڭ ھەجىملىك داستان « قۇتاتقۇ بىلىك » ( بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم ) نى يازغان بولۇپ ، بۇ ئەسەر ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتى بىلەن جاھان مەدەنىيىتى سەھنىسىدە ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ئىسىل دۇردانىلىرىدىن بولغان مەشھۇر شاھ ئەسەرلەر قاتارىدا ئۆزۈندىن بۇيان پەخرى ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە . يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسىردە ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش ، بىلىم ، ئېقىل - پاراسەت ۋە ئەخلاقنى ئىزرەتلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىجتىمائىي غايىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . بۇ ئەسەر تىل ۋە شېئىرىي ئۇسلۇپ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 11 - ئەسىردىلا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ .

يەنە كۆرسەك ، مۇندىن 2 - 3 مىڭ يىللار بۇرۇن ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلىغى ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇڭگودىن رىمغىچە بولغان كەڭ رايونلار ۋە نۇرغۇن

مەملىكەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسى ، ئىقتىسادى ، سودا مۇناسىۋىتى ، دوستانە بېرىش - كېلىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ۋە يەرلىك ئاھالىلار تەرىپىدىن « كارۋان يولى » دېيىلسە ، تارىختا ئوينىغان مىسلىسىز كاتتا رولىغا ئاساسەن « دوستلۇق يولى » ، « ئالتۇن كۆۋرۈك » دەپ تەرىپلەنگەن ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ يولنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىگە ئاساسەن گېرمانىيىلىك فېردىنانت فون رىچتخوفىن تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم « يىپەك يولى » دېيىلگەن يولمۇ بار .

بۇ يەردە ئەمدى شۇنىمۇ ئالاھىدە سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەنكى ، 2005 - يىلى 2 - ئايدا ئەنگلىيىدە ئەنگلىيە خان جەمەتى سەنئەت ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن « تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىڭ يىللىق سەپىرى » تېما قىلىنغان كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ ، بۇ كۆرگەزمە 1930 - يىلدىن بۇيان لوندوندا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەڭ چوڭ كۆرگەزمە ھېساپلىنىدۇ . كۆرگەزمىگە كۆك تۈرك ، ئۇيغۇر ، سەلچۇق خانلىغى ۋە ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسىگە ئائىت تارىخي يادىكارلىقلار قويۇلغان ۋە تۈركىي خەلقلەرگە ئائىت 370 پارچە ئاسارە - ئەتىقە كۆرگەزمە قىلىنغان . بۇلار نيۇيوركتىكى متروپولىتان مۇزىيى ، پېتېربۇرگدىكى ھېرمىتاگې مۇزىيى ، پارىژدىكى لۇر مۇزىيى ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ئەسەرلەردىن توپلانغان . كۆرگەزمىدە ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەدەنىي يادىگارلىقلار ئەڭ كۆپ بولۇپ ، ئۇيغۇرلارغا ئائىت مىڭ ئۆي رەسىملىرى ، تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق يەرلەردىن تېپىلغان قېدىمقى ئۇيغۇرلارغا ئائىت تېكىستلەر ، ئۇيغۇرلارغا ئائىت بولغان ئۆلۈكلەر كىتاۋى ، ئىرىق بىتىك ، ئوغۇزخان داستانىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ، ۋىيانا دۆلەتلىك مۇزىيخانىدىن ئېلىپ كېلىنگەن قۇتاتقۇبىلىكنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ، بېرتانىيە مۇزىيخانىسىدىن تالالانغان ئۇيغۇرچە تېكىستلەر ۋە ھەرقايسى مۇزىيخانىلاردىن ئېلىپ كېلىنگەن ئۇيغۇر دۆلىتى مەزگىلىدىكى نۇرغۇن مەدەنىي يادىگارلىقلار بار بولۇپ، **كۆرگەزمىدە بىرىنچى سەپكە ئۇيغۇرلارنىڭ تىزىلغان !!!**

بۇ جەھەتتىكى تەپسىلىي مەلۇماتلارغا تۆۋەندىكى ئادرېس ئارقىلىق تولۇق ئېرىشكىلى بولىدۇ :

http://www.turks.org.uk/index.php?pid=8

يۇقارقىلاردىن باشقا، 19 - ئەسىرلەردە غەرپلىكلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تېخى ئېچىلمىغان ئوتتۇرا ۋە شىمالى ئاسىيا ئىچكى قورۇغلىقىغا بولغان كۈچلۈك قىزىقىشى، شۇنداقلا تۈرلۈك سىياسى -ئىقتىسادى مەسىلىلەر سەۋەبىدىن كۆپلىگەن چەتئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئاسىيا ئىچكى قورۇغلىقىغا ئىچكىرلەپ كىرىپ تۈرلۈك تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ، مەزكۇر رايوندىن كۆپلىگەن تارىخى مەدىنى يادىكارلىقلارنى بايقىغان ۋە ئۇلارنى ئۆز مەملىكەتلىرىگە ئېلىپ كەتكەن. مانا مۇشۇ «ئولجىلار»نىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرا ۋە شىمالى ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدىنىيىتى، تىلى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى غەرپ ئەللىرىدە ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. كۆپلىگەن شەرقشۇناسلار، ئالتاي-ئورالشۇناسلار، تۈركشۇناسلار ۋە ئۇيغۇرشۇناسلار يېتىشىپ چىقىپ، ئاز بولمىغان ئىجادى ئەمگەكلەرنى قىلىش ئارقىلىق، ئوتتۇرا ۋە شىمالى ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدىنىيىتىنى پۈتۈن دۇنياغا نامايەن قىلغان.

تۆۋەندىكىلەر مانا شۇ جەھەتتە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى.

**1. چوقان ۋەلىخانوۋ(1837 - 1865 ، قازاق ):** «چوقان ۋەلىخانوۋ ماقالىلەر توپلىمى» ؛

چوقان ۋەلىخانوۋ ھازىرقى روسىيەگە قاراشلىق سىبىرىيىدىكى ئومىب شەھىرىدە توغۇلغان بولۇپ، قازاق . ئۇ چار روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بويىچە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر دىيارىغا كىلىپ نۇرغۇن تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارغان.

**2. ن.م. پىرژىۋالىسكى(1839 - 1888 ،رۇس):** «ئوسسورىيە»(سىبىرىيەنى تەكشۈرۈش دوكلاتى) ؛ «زەيساندىن يولغا چىقىپ قۇمۇل ئارقىلىق شىزاڭ، خۋاڭخىنىڭ باش ئېقىنىغا بېرىش» (تەكشۈرۈش دوكلاتى) ؛

www.uyghurkitap.com

**3. ۋ.بارتولد (1869 ـ 1930 ، رۇس )** : «مۇڭغۇل ئىستىلاچىلىرى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، « ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي ئەسەرلەر»، «تۈرك ـ مۇڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى ۋە فىلولوگىيىسى ـ ئوتتۇرا ئاسىيا، يىراق شەرق»، «شەرقشۇناسلىقتا ئائىت ئەسەرلەر»، « يەتتەسۇ تارىخى ئوچېركلىرى »، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېكسپېدىتسىيە دوكلاتى »، « تۈركىستان »، « مۇڭغۇللار ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان »، « قىرغىزلار »، « تۈركى ۋە موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى » ؛

**4. ۋ.ۋ.رادلوف (1837 ـ 1918 ، رۇس )** : «سىبىرىيە»، «سىبىرىيىدىكى قەدىمقى ئىزلار»، «تۈركى تىللار دىئالېكت لوغىتىنىڭ سىناق نۇسخىسى»، «ھەرقايسى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ؛

**5.س.ئى.مالوف(1880 ـ 1957 ، رۇس )** : «قەدىمقى تۈركى ۋەسىقىلەر»، «سېرىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولگىيىسى ۋە سىنتاكسىس»، «ئالتۇن يارۇغ»، «قۇمۇل شىۋىسى»، «لوپنۇر شىۋىسى» ؛

**6. پ.ك. كوزلوف(1863 ـ 1935 ، رۇس )** : «مۇڭغۇلىيە ئامدۇ ۋە ئۆلۈك شەھەر قاراخوتو» ؛

**7. ئا. ن. بېرنىشتام (1910 ـ 1956 ،رۇس )** : «ھونلار تارىخىنىڭ ئوچېركى»، « 6 ـ 8 ـ ئەسىرلەردىكى ئورخۇن ـ ئېنساي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى»، «يەتتەسۇ ئارخىلوگىيە توپلىمى»، «ئوغۇزخان رىۋايىتىدىكى تارىخى ھەققەت» ؛

**8. ئا.ن. كىروپاتكىن ( رۇس )**: «قەشقەرىيە» ؛

**9. ئى.ي. بىچۇرىن ( رۇس ، 20 ـ ئەسىر)** : «قەدىمقى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ؛

**10. ئا.م. شىرباك ( رۇس ، 20 ـ ئەسىر)** : «تىلشۇناسلىقتا ئالتاي قىياسى»، «شىنجاڭدىن تېپىلغان 10 ـ، 13 ـ ئەسىرلەردىكى تۈركچە تېكىستلەرنىڭ گىراماتىكىسىدىن ئوچېركلار»، «يېڭىدىن بايقالغان رونىكچە تېكىستلەر» ؛

**11.باسكاكوف ( رۇس ، 20 ـ ئەسىر)** : «ئالتاي تىللىرى»، «تۈركى تىللار» ؛

**12. د.ئى.تىخونوۋ ( رۇس ، 20 ـ ئەسىر)**: 1966 ـ يىلى « 10 ـ 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى » دىگەن ئەسەرنى يېزىپ ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋر تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. يەنە **شۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى مالياۋكىن** 1983 ـ يىلى « 9 ـ 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى » دىگەن ئەسەرنى يازغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى 1988 ـ يىلدىن باشلاپ تىخۋىنسكى ۋە لىتۋىنسكىلارنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە كوللېكتىپ ھالدا كۆپ توملۇق « قەدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخى » دىگەن ئەسەرنى يېزىپ تۆت تومنى نەشىردىن چىقاردى.

ئاپتور بۇ ئەسەردە غەربتىكى ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر دىيارى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆزگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى توم ئالتىنچى بابىدا قەدىمقى يۇنان، رىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۇيغۇر دىيارى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن زور مىقداردا پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ پەقەت خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللارغىلا تايىنىدىغان تارىخچىلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويدى.

**13.س.ۋ. كىلياشتورنى (20 ـ ئەسىر)** : «قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» ؛

**14. ئا. گ. مالىيۋكىن(20 ـ ئەسىر)**: «8 ـ ئەسىردىكى تۇرپان خاندانلىقى»، «9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى گەنسۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە تاڭغۇتلار» ، «840 ـ 848 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە جوڭگو»، «9 ـ، 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» ؛

**15. ۋ.م. ناسىلۇ (20 ـ ئەسىر)** : «ئورخۇن ـ يېنىسەي يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى»، «ئورخۇن يېزىقىدا خاتىرلەنگەن تۈركى تىلدىكى يادىكارلىقلار» ؛

**16. ن.ف. كاتانوف** (خاكاس تۈركلىرىدىن كېلىپ چىققان) : <كۆن چىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى> ؛

17. **ياكوبوۋسكى :1947**- يىلى « ئەرەپ، پارس مەنبەلىرىدىكى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى (9- 10- ئەسىرلەر) » دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ ماقالىسىدا ئەرەپ ۋە پارس تىلىدىكى يازما ماتېرىياللار ئارقىلىق تۇرپاندىكى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ 9- 10- ئەسىرلەردىكى تارىخىنى بايان قىلغان.

18. **گىرۇم گىرژىمايلو:**« جۇڭگونىڭ غەربىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرى». بۇ ئەسەرنىڭ 2- تومىدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى تارىخى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان. بۇ ئەسەردىمۇيۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان گىرىگورىيوۋنىڭ ئەسىرىگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارتارىخى ھەققىدىكى ماتېرىياللار كىرگۈزۈلۈش بىلەن بىرگە بۇ ئەسەرلەرگە بىرمۇ- بىر ئىزاھ يازغان؛

19. **پىراۋۇسلاۋىيە ئېپىسكوپى بىچۇرىن** : « قەدىمقى ۋەھازىرقى زاماندىكى جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى » ۋە « قەدىمقى شەرقى تۈركىستاننىڭ مىللەتلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار »؛

20. **بىرىتسچنېيدېر** : « ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار» ؛

21. **دوسسان** : «موڭغۇلتارىخـــــچىڭگىزخاندىنتۆمۈرلەڭگىچە» ( ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا چېتىلىدۇ).

## ياپونىيە:

1. **نىشى توكوجىرو(1847- 1912)** : «ئوتتورا ئاسىيا خاتىرىلىرى» ؛

2. **ئوتانى كوئول(1876- 1948)** : «غەربى يۇرتنىڭ ئارخىلوگىيىلىك رەسىم شەجەرىسى»، «يىڭى غەرپكە ساياھەت» ؛

3. **خىنوتسۇ تومۇ (1866- 1920)** : «ئىلى خاتىرىلىرى» ؛

4. **ماتسۇدا توشئو (1903- 1983):** «كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، «ئوتتورا ئاسىيا تارىخى»، «قەدىمقى تەڭرى تىغىنىڭ تارىخ- جۇغراپىيىسى» ؛

5. **ئومىمورا خىروشى(20- ئەسىر):** «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تىلخەت ۋە ھۆججەتلەر توپلىمى».

6. **نىشىخاما جۇنتارۇ(20- ئەسىر)** : «قەدىمقى دۇنخۇاڭ پۈتۈكلىرى»، «ئۇيغۇرچە بۇددا كىلاسسىك ئەسەرلىرى»، «غەربى رايون مەدىنىيىتىگە دائىر ماتىرىياللارنىڭ رەتلىنىشى ۋە تەتقىقات» ؛

7. **يامادا نوبو (20- ئەسىر)** : «قەدىمقى ئۇيغۇرچە ماتىرىياللار ۋە ئۇلارنىڭ شەرھى»، «قەدىمقى ئۇيغۇرچە توختام ۋەسىقىلەر توپلىمى»، «قەدىمقى ئۇيغۇرچە سودا- سېتىق توختامنامىلىرىنىڭ فورماتى»، «ئىستانبۇل ئۇنىۋېرستى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان غەربى يۇرتقا ئائىت يادىكارلىقلار»، «ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ مۇندەرىجىسى» ؛

8. **مورى ماسائو(20- ئەسىر)** : «قەدىمقى ئۇيغۇرچە قانۇن ۋەسىقىلەرگە ئائىت مەسىلىلەر»، «قەدىمقى ئۇيغۇرچە تەكلىك سېتىش توختامنامىسى»، «بۆگۈخان ۋە قوجۇ»، «ئورخۇن يادىكارلىقلىرىـ ـنىڭ تۈزۈلىشى»، «ئەلشىر ناۋايى» ؛

9. **ئودا يوتىن(20- ئەسىر)** : «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى سەككىز يۈكمەك ھەققىدە ئىزدىنىش» ؛

10. **كودارا كوگى(20- ئەسىر)** : «شۇئتسىيە مىللى مۇزىيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ ۋاقىتلىق تىزىملىكى» ؛

11. **شۇگايتوماساخىرو(20- ئەسىر):** قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى» ، بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزىيىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار» ؛

12. **خامادا ماسامى(20- ئەسىر، چاغاتاي ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتچىسى)** : «زەپەرنامە»(كۆچا

www.uyghurkitap.com

دېھقانلار ئىنقىلاۋى توغرىسىكى ئەسەر ۋە بۇ توغرۇلۇق تەتقىقات)، «تارىخى ئەمنىيە»، «غازات دەرمۇلۇك چىن ھەققىدە»، «ئىلى كىرىزىسى ۋە ئۇيغۇرلار»، «خوتەن تارىخى»؛

**13. مانۇ ئىيجى (20 ـ ئەسىر)** : «بابۇرنامىنىڭ سىھرى كۇچى»، «تارىخى رەشىدى»، «بابۇر ۋە ھىرات» ؛

**14. موريىيا سوتاكائو (20 ـ ئەسىر)** : «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان يۇەن دەۋرىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇرچە بۇددا راھىپلىرى يازمىلىرى» ؛

**15. خانىدا تورو(20 ـ ئەسىر)** : «تاڭ سولالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەتقىقات»، «تۈركلەر ۋە بۇددا دىنى»، «ئۇيغۇرچە بۇددىزىم كىلاسسىك ئەسەرلىرى»، «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، «تۇرپاندىن تېپىلغان مانى مۇخلىسلىرى تىلاۋەتنامە پارچىسى» ؛

## گېرمانىيە:

**1. ئالبېرت فون لىكوك (1860 ـ 1930)** : «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»، «شەرقى تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرى»، «ئىدىقۇت» ؛

**2. ئا. گرونۋېدېل (1856 ـ 1935)** : «قەدىمقى كۇچا»، «گىرىتسىيە، تۈركىستاندىكى قەدىمقى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى» ؛

**3. ئاننى فون گاباين (1901 ـ 1993 ، گېرمانىيەلىك)** پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخى، دىنى ۋە سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىدى ۋە بۇ ھەقتە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 300 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ئۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ئۇستازى ۋ. باڭ بىلەن بىرلىشىپ 6 توملۇق « تۈركچە (ئۇيغۇرچە) تۇرپان تېكىستلىرى » ۋە « قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى < سامتسو ئاچارىنىڭ تەرجىمىھالى> (شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى) » دېگەن ئەسەرلەرنى تەييارلىدى. 1941 ـ يىلى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسىرى « قەدىمقى تۈرك تىلى (ئۇيغۇر تىلى) گىراممېتىكىسى » دېگەن ئەسەرنى يازدى. 60 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىنى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە سەنئىتىگە قاراتتى ھەم بۇ جەھەتتە شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى 50 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا « قەدىمقى تۈركلەر ھاياتىدا شەھەرنىڭ رولى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارىخى »، « تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بۇددىزىم »، « قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ يىلنامىسى »، « ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇددىزىم »، « ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى »، « تۇرپاندىن بايقالغان بوياقچىلىق مەتبەچىلىك تېخنىكىسى »، « ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرمۇش » (ئىككى توم)، « ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىققا كىرىش » قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇيغۇر سەنئەت تارىخى ھەققىدە ئابىدە خاراكتېرلىك ئەسەر « ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزىم سەنئىتى » ۋە «ئۇيغۇرچە يېزىلغان بۇددا سۇترالىرىدىكى ياغاچئويمىاقستۇرماسۇرەتلەر ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى.

**4. ئوملىيان پرىتساك (20 ـ ئەسىر)** : «تۈركى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىرى»، «قاراخانىلار دۆلىتى»، «ئوغۇز يابغۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەيران بولۇشى». «قارلۇقلاردىن قاراخانىلار دۆلىتىگىچە» ؛

**5. ج. ماركۋارد (20 ـ ئەسىر)** : «قەدىمقى تۈركلەردە يىلنامە»، «كومانلار» ؛

**6. ئىمرساك (20 ـ ئەسىر)** : «ساك تىلىنىڭ گىراممېتىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ئالتۇن يارۇق نومى» ؛

**7. ھېرمان ۋامبېرى (20 ـ ئەسىر)** : «چاغاتاي تىلى ھەققىدە تەتقىقات»، «سەمەرقەنت تا ـ رىخى» ؛

**8. ۋىللى بانگ (20 ـ ئەسىر)** : «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» ؛

## روسيه ۋە گېرمانىيەدىن باشقا ئەللەر

**1. ستانىسلاس ژۇلىن(1797 ـ 1873، فىرانسىيە)** : «شەرقى تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ؛

**2. ئاۋرېل ستەيىن (1862 ـ 1943 ، ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگىرىيىلىك)** : «غەربى رايون»، «غەربى رايون ئارخىلوگىيىسى» ؛

**3. ۋ. تومسىن(1842 ـ 1927، دانىيە)** : «ئۇرخۇن ـ يېنسەي يادىكارلىقلىرىنى يېشىپ ئوقۇشتىن دەسلەپكى نەتىجە» ؛

**4. سۋېن ھېدىن(1865 ـ 1952، شۋېتسارىيە)** : «ئوتتۇرا ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش»، «جوڭگونىڭ غەربى شىمالىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «1899 ـ 1902 ـ يىللاردا ئاسىيانى تەكشۈرۈشتىن ئىلمى نەتىجىلەر» ؛

**5. گۇننار يارىڭ(1907 ـ ؟شۋېتسىيە)**: «ئوتتۇرائاسىياھەققىدە چۆچەك، رىۋايەتلەر»، «ئۇيغۇر ـ شۇناسلىق»، «ئۇيغۇر تىل تەتقىقاتىغا ئائىت ماتېرىياللار»، «شۋېتسىيىدىكى تۈركشۇناسلىق»، «جەنۇبى شىنجاڭدىكى شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئېتنوگرافىك مەسىلىلەر»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەن ـ بەلگىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر»، «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ؛

**6. ئېدۋار يوھاننىس(1865 ـ 1918فرانسىيە)** : «غەربى تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، «مانى دىنىنىڭ جوڭگوغا تارقىلىشى» ؛

**7. رېنې گىروت(1906 ـ 1968 ، فرانسىيە)** : «تۈرك خانلىقىنىڭ مەڭگۈ تاشلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ؛

**8. دابرى دې تىرسانت(1826 ـ 1893 ، فرانسىيە)** : «جوڭگو يايلاقلىرى ۋە غەربى يۇرتتىكى ئىسلام دىنى» ؛

**9. مونىك مائىلارىد(20 ـ ئەسىر، فرانسىيەلىك ئايال تەتقىقاتچى)** : «كۇچاردىكى قەدىمقى ئىزلار»، «غەربى يۇرتتىكى مىڭ ئۆي ۋە ئىمارەتلەر»، «قەدىمقى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ماددى مەدەنىيىتى» ؛

**10. لىگېتى (20 ـ ئەسىر، ۋېنگىرىيە)** : «ئاتىلانىڭ نەسەبنامىسى ۋە ھونلاردىكى تۇنگۇس نامى»، «تۈرك تىلىنىڭ لوغەت فوند تارىخى» ؛

**11. ك. بروكىلمان(20 ـ ئەسىر، ۋېنگىرىيە)**: «قەدىمقى تۈركىستان ئېتنوگرافىيىسى»، «مەھمۇد قەشقىرى بايانىدىكى 11 ـ ئەسىردىكى تۈركى تىللار ۋە قەۋملەر» ؛

**12. ۋ. گروست(20 ـ ئەسىر، فرانسىيە)** : «يايلاق ئىمپېرىيىسى» ؛

**13. جەيمز ھاملتون(20 ـ ئەسىر، ئامېرىكا)**: «بەش دەۋرگە ئائىت ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى»، «ئېككى تېكىن ھېكايىسى ھەققىدە»، « 9 ـ ،10 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى دۇنخۇاڭ تېكىستلىرى»، «9 ـ ،10 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت تۈركچە ـ سوغدىچە دۇنخۇاڭ تېكىستلىرى» ؛

**14. ژانپول روكسى(20 ـ ئەسىر، فرانسىيە)**: «ئالتاي تىللىرىدىكى مىللەتلەردە سىرلىق ھايۋان ۋە ئۆ ـ سۆملۈكلەر»، «ئالتاي تىللىق مىللەتلەردىكى ئۆلۈم ـ يېتىم»، «تۈرك ۋە مۇڭغۇل تىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ دىنلىرى» ؛

**15. ج. كىلاۋسن(20 ـ ئەسىر، ئەنگلىيە)** : «تۈرك ۋە مۇڭغۇل تىللىرى تەتقىقاتى»، «13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركى تىللارنىڭ ئېتمولوگىيە لوغىتى» ؛

**16. خ. ۋ. بېل(20 ـ ئەسىر، ئەنگلىيە)** : «ئۇدۇن تېكىستلىرى» ؛

**17. ك. سزنگىلد(20 ـ ئەسر، ۋېنگىرىيە):** «تۈركى تىللىق ئۇرۇق قەبىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرىدىكى بۆلۈنۈش»، «كاۋكاز ھونلىرى ۋە ئاۋارلار»، «قارلۇقلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى» ؛

**18. د. سىنوز(20 ـ ئەسر، ۋېنگىرىيە، ئورال ـ ئالتاي ئىلمى جەمىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى) :** «تۈركچە بۇددا ھۆججەتلىرىنىڭ ئومۇمى مۇندەرىجىسى»، «5 ـ ئەسىردە مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشلىرى»، «ئوغۇزخان داستانى ھەققىدە»، «تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخى رولى» ؛

**19. ن. ئىسىدۇ (20 ـ ئەسر، ۋېنگىرىيە) :**«790 ـ 791 ـ يىللىرىدىكى بەشبالىقتىكى ئۇيغۇر ۋە تۆبۆتلەر» ؛

**20. بازىن (20 ـ ئەسر، فرانسىيە) :** « قەدىمقى تۈركلەردە كالىندارچىلىق» ؛

**21. چارلىز بولگىر (فرانسىيە):** «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ؛

**22. ھاملتون** (ئەسلى ئامېرىكىلىق بولۇپ، 1974 ـ يىلى فرانسىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ، **فرانسىيەلىك تارىخشۇناس)** 1954 ـ يىلى دوكتورلۇق ئىلمي ماقالىسى « بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلار » دىگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇردى. ئارقىدىن 1971 ـ يىلى ئۇ يەنە « دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئىككى تېكىننىڭ ھىكايىسى » دىگەن ئەسرى ئارقىلىق تۈرك ئەدەبىياتشۇناسلىقى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 1983 ـ يىلى يەنە ئىككى توملۇق بۈيۈك ئەسرى « دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە تەتقىقات » دىگەن ئەسرى ئارقىلىق فرانسىيە دۆلەت دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە مەخسۇس ئەسەلەردىن باشقا يەنە نەچچە ئون پارچە ئىلمي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە بولغىنى « توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات » دىگەن ئەسرى بولۇپ، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ؛

**23. سامولىن (ئامېرىكىلىق ئالىم) :**1964 ـ يىلى« 12 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى شەرقى تۈركىستان » دىگەن ئەسەرنى يېزىپ چىقتى، ئۇ بۇ ئەسىرنى 1961 ـ يىلى يازغان دوكتورلۇق ئىلمي ماقالىسى « تارىم ئويمانلىقىنىڭ تۈركلىششى » دىگەن ئەسىرىگە ئاساسەن يازغان بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛

**24. كوردىر :** (فرانسىيەلىك خەنزۇشۇناس ) . ئۇنىڭ « جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى » دىگەن ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى تومىدا پۈتۈنلەي دىگۈدەك تۈركلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان. ئۇيغۇر تارىخى؛

**25. گىرېئوسسېت :** (فرانسىيەلىك ئالىم ): «يىراق شەرق تارىخى» ۋە «بوزقىر ئىمپېرىيىلىرى » ؛

**26. گوبېل** ( فرانسۇز): ئۇ، 1739 ـ يىلى ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان « موڭغۇل تارىخى » ناملىق ئەسەرنى يازغان؛

**27. دېگوئىگىنىس :** (فرانسۇز) « ھۇنلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە تەتقىقات»، تۆت توملۇق كاتتا ئەسەر « ھۇنلار، تۈركلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىي تارىخى »

**28. كىلاپروت:** 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پارىژدا نېمىس تىلىدىكى مەشھۇر ئەسىرى «ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ يېزىقى ھەققىدە تەتقىقات »ى ئېلان قىلىندى.

## تۈركىيە

(ئۇيغۇر جەمىيىتىگە بىر قەدەر چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلەر بىرىلدى)

**1. كازىمبېك ئەلى**(19 ـ ئەسر، تۈركىيەدە تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچى): «ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات» ؛

**2. ئەھمەت رىفات :** «تۈركى تىللار دىۋانى» (تۇنجى بولۇپ مەزكۇر ئەسەرنىڭ تۈركچە نۇسخىسىنى چىقىرىپ، دىۋانشۇناسلىققا ئاساس سالغۇچى)؛

**3. زەكى ۋەلىدى توغان**(20 ـ ئەسر): «بىرونىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شىمالدىكى مىللەتلەر» ؛

4. رشىد رەھمەت ئارات(20 ـ ئەسىر) : «تۈرك تىلىدىكى تۇرپان يادىكارلىقلىرى» ، «قەدىمقى تۈرك قانۇن ۋەسىقىلىرى» ، «قەدىمقى تۈرك شېئىرىيىتى» ؛
5. رىشات گەنجى: «قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ؛
6. سىناش تىگىن: «ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت يەر ھۆججەتلىرى» ؛
7. ئەھمەت ئاتەش: «فارابى ئەسەرلىرى مۇندەرىجىسى» ؛
8. يۈسۈپ زىيا : «11 ـ 12، ـ ئەسىرلەردىكى قاراخانىلار ۋە ماۋەرائۇننەھىر ئىسلام ھوقۇقچىلىرى»
9. كۆپرۈلزادمۇھەممەت فۇئاد : «قاراخانىلار ياكى خاقانىيە دۆلتى» ؛
10. خەلىل ئىنالچىق: «قۇتاتقۇ بىلىكتە تۈركى ۋە ئىران يۇرتدارچىلىق نەزەرىيىسى ۋەئەنئەنىلىرى» ؛
11. ئىبراھىم كافەس : «قۇتاتقۇبىلىك ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» ؛

## مۇھىم قوشۇمچە :

### خەلقارادىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى ئىلمىي ئورگانلار

1. ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى كۈتۈپخانىسى
2. گېرمانىيە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈم
3. پارىژ مىللى كۈتۈپخانىسى
4. ئەنگلىيە بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزىيى
5. روسىيە سان پېتىربورگ مۇزىيى
6. ياپونىيە توكيو دۆلەتلىك مۇزىيى
7. شۋېتسىيە مىللى مۇزىيى
8. ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمى جەمىيىتى
9. ئامېرىكا ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتى تۈركى تىللار تەتقىقات ئورنى
10. ئامېرىكا ھىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى ئورال ـ ئالتايشۇناسلىق فاكولتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى
11. ئىستامبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسى
12. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى
13. تاشكەنت شەرقشۇناسلىق تەتقىقات يۇرتى
14. ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى «ئەبۇرەيھان بىرونى» شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى

بەزى كونكرېت مەسىلىلەرگە ئائىت تېخىمۇ تەپسىلى ئۇچۇر ئىگەللىمەكچى بولغان قېرىنداشلار ھۆرمەتلىك ياۋۇز ئەپەندىمنىڭ تۆۋەندىكى تېمىلىرىنى زىيارەت قىلغايسىلەر:

«غەرب ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتنەتىجىلىرى»
(http://www.orkhun.com/BBS/read.php?tid=401)
«ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى »
(http://www.orkhun.com/BBS/read.php?tid=226)
تۇران تىكىن: «گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى»
(http://www.orkhun.com/BBS/read.php?tid=59)

مانا شۇنداق .

www.uyghurkitap.com

ئەمدى بىز ئۇبدانراق ئويلۇنۇپ كۆرەيلى ، بۇ ئىنكاس ۋە قىسقا باياناتلار زادى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىغىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي رولى ۋە كاتتا شان - شەرىپىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلىمامدۇ ؟

زادى، ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ مانا شۇنداق يۈكسەك ئىنسانىي خارەكتېرىنىڭ رۇشەن ئىپادىلىنىشىگە ئىمكان بېرىدىغان ئاجايىپ مۇكەممەل ۋە گۈزەل تىل - يېزىق ئىقتىدارى بولمىغان بولسا دۇنيا ئالىملىرىنىڭ شۇنچىۋالا دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالىشى ، بەلكى يۈكسەك مەدھىيە تۈسىنى ئالغان قىممەتلىك باھالىرى مەيدانغا كېلىشى مۇمكىنمىدى ؟

زادى ، ئۇيغۇرلارۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىغىغا بېرىلگەندەك مانا شۇنداق يۈكسەك مەدھىيىۋى باھالار يەنە قايسى مىللەت ۋە قايسى تىل - يېزىققا بېرىلگەن ؟؟؟

بارمۇ ؟؟؟!!!

تارىخ شاھىتكى ، يوق ، يوق ، يوق !!!!!!

زادى ، ئەگەر ئۇيغۇرلار مانا ئەنە شۇنداق تەڭداشسىز يۈكسەك قابىلىيىتىنى ئىزچىل جارى قىلدۇرۇش ئىمكانلىرىغا داۋاملىق ئىگە بولغان بولسا مائارىپ ، مەدەنىيەت ، پەن - تېخنىكا ، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە باشقا ساھەلەردە ئىنسانىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشالماسمىدى ؟

ئەلبەتتە تامامەن قوشالايتتى، بەلكى شانلىق تارىخىي ئەنئەنىسى ۋە بى باھا قىممىتىنى يانىمۇ رۇشەن نامايان قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەبەدىي تۆھپىكار ئۇستاز بولۇپ تونۇلاتتى!!!

ئەنە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا، ھەتتا ئەڭ مۇھىم ئالىي ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرىمىزگە قاراپ بېقىڭ!؟

ئۇلار يالغۇزلا ئوقۇش، تەتقىقاتلار بىلەنلا ئەمەس، كاتتا ئىلمىي مۇۋەپپىقىيەتلەر ۋە مۇناسىپ ئالىي مۇكاپاتلار بىلەن ئىلىم دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە!!!!

شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇن - نىزاملارغا ئومۇمييۈزلۈك رىئايە قىلىنىشى ۋە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىغىنىڭ قەدىر - قىممىتى يېتەرلىك ھالدا تونۇپ يېتىلىشى كېرەك.

ئاخىرىدا «ئانا تىلىم - جان تىلىم» دېگەن شېئىرىمنى ھۆرمەت بىلەن تەقدىم قىلىمەن:

## ئانا تىلىم ــ جان تىلىم

ئاللاھ ئىنسان ياراتقاندا تەڭ يارالغان تىلىم سەن،
ھەمدە جانۇ ــ جىسمىمگە قاندەك تارالغان تىلىم سەن.
زۇۋانىمنى ئوغۇز سۈتى بىرلە ئاچتىم ئۇيغۇر بوپ،
ئۆمۈرلۈككە ساداقەتكە خاس قارالغان تىلىم سەن.
نامىم ئۇيغۇر !!!
ۋە شۇڭىمۇ تىلىم مەڭگۈ ئۇيغۇرچە !!!
يارىلىشتىن مۇقەددەس ۋە ئۆز ئاتالغان تىلىم سەن!!!
ھېچ كىمنىڭ يوق ھەققى شۇڭا قوللانمايسەن دېيىشكە،
كەلسىمۇ باشىمغا قىلىچ قاچمايدىغان تىلىم سەن!
گەر چېپىلسام شېھىتتۇرمەن جەنابىي ھەق ئەمرىچۈن،
ماڭا شۇنچە ئالىي شەرەپ نىشانلىغان تىلىم سەن!

سىنىڭسىز جىسمىممۇ جانسىز، روھىممۇ مۇتلەق جانسىز،
سەنسىز كۈنۈم جانغا زۇلۇم!
كۈيلەيدىغان تىلىم سەن!

بايرىغىم سەن!
بارلىغىم سەن!
يارىغىم سەن!!
ئانام سەن!!!
سىنى تاشلاش مۇناپىقلىق !!!
قوغدايدىغان تىلىم سەن!!!
تىل دىمەك ــ مىللەت دىمەك،گەر تىل يوقالسا مىللەتمۇ!
يىمىرىلمەس بۇھەقىقەت!
ياشايدىغان تىلىم سەن !!!
تىل دىمەك ـ مىللەت دىمەك، گەر تىل يوقالسا مىللەتمۇ!.....
جاننى تىكىپ قانلار كىچىپ قوغدايدىغان تىلىم سەن !!!
ھەر نەرسىنىڭ خىلى باردۇر ــ قاغىنىڭكى يانتىغى...،
سەن گۈلۈمسەن بۇلبۇل كەبى سايرايدىغان تىلىم سەن!
سەن گۈزەلسەن، سەن شىرىن سەن،ــ خىسلىتىڭگە سۆز يەتمەس!
نامىڭ بىرلە تائەبەدى يايرايدىغان تىلىم سەن!
نەچچە مىڭ خىل تىل بىلىشتە كامالەتكە يەتسەممۇ،
پەخىرلىنىپ چاڭ چاڭ چاڭ سۆزلەيدىغان تىلىم سەن!
شۇنچىۋالا قەدىرلىكسەن جاندىن ئېزىز ئانامدەك،
جەنابىي ھەق رىزاسىنى كۆزلەيدىغان تىلىم سەن !
كۆپ تىل بىلىش شەرەپ، ئەمما ئىمان، ۋىجدان قەدىرچۇن،
تائەبەدى پاكلىغىڭنى ساقلايدىغان تىلىم سەن!
نومۇسسىزلىق،ۋىجدانسىزلىق ئانا تىلدىن چەتنىمەك،
دۇنيا ئالتۇن تارتۇق قىلسا ئازمايدىغان تىلىم سەن!
ھەيرانىمەن، ۋەيرانىمەن بىچارە نادانلارغا،
بۇ دۇنيادا نەدە بولاي ئارزۇلايدىغان تىلىم سەن!
چۈشەنمەسلەر جۆيلىشىدۇ،ــ كارغا كەلمەس، يوق قىلىپ،
نى نى قىسمەت ۋە ھىكمەتلەر تولۇپ ــ تاشقان تىلىم سەن!
نىمە دىگەن ناھەقچىلىق ! ــ دەرس مۇنبىرى ساڭا تار!
چۈشەنسىچۇ ! ـــ مەرىپەتتە ئۇستاز بولغان تىلىم سەن!
سىنى چەكلەش، سىنى يەكلەش ــ پىر ــ ئۇستازغا ھاقارەت!
نادانلىقنىڭ زەربىسىدىن ساقلايدىغان تىلىم سەن!
تارىخ ئۆلمەس، بەلكى شاھىت ! ــ مىسلى شەرەپ ـ شانىڭغا،
ئىلىم ـ ھىكمەت مەيدانىدا داڭ چىقارغان تىلىم سەن!
ــ ئەۋۋەلى ئىڭگە بىلەن دۇنياغا كەلگەندىن بېرى،
ئىنسانچە ياشاش يولىنى خىتاپ قىلغان تىلىم سەن!
سەن بىلەن ئىلىم ــ بىلىمدە دىلى يورۇپ ئالەمچە،
قانچىلاپ ئالىم ، زىيالى داۋان ئاشقان تىلىم سەن!

www.uyghurkitap.com

ئەنە مەھمۇت، يۇسۇپ ھەمدە لۇتفى ، ناۋايى، ... لارنىڭ،
كىتاۋىغا جان،گۈزەللىك بېغىشلىغان تىلىم سەن!
مۇندا گۈننار يارىڭ ( شۆىت ) ،گاباﺋىنخان ( نىبىس ) مۇ،
ھەيران بولۇپ ھىكمىتىڭدىن ئالقىشلىغان تىلىم سەن!
تېخى گاباﺋېن ساڭا زەپ ئاشىقلىقتا، خوشلۇقتا،
ئۆمۈر بۇيى ساڭا ئاتاپ كىتاپ يازغان تىلىم سەن!
بەلكى پۈتكۈل ھاياتىنى بېغىشلاپ بىرلا ساڭا،
توي قىلماستىن كۆز يۇمۇشقا ئىلھام بولغان تىلىم سەن!
شۇنداق، ئالىم سېنى سۆزلەر ، تارىخ بىلگەن نوچىمۇ!
كۈيلىمەككە، سۆزلىمەككە زەپ ياراشقان تىلىم سەن!
بۇ ھەقىقەت ! ــ بىلگەن بىلۇر قەدىرىڭنى جان تىلىم!
بىلمىگەن شۇم نائەھلىلەر تۆھمەت قىلغان تىلىم سەن!
ۋە لېكىن كارۋان كېتىدۇ، ئىتلارقاۋاپ قالىدۇ،
ئىلىم سۆيگەن ھەقىقەتچى ھۆرمەت قىلغان تىلىم سەن!
چۈشەنگەچ مەن بۇ مۇبارەك قىسمىتىڭنى جان تىلىم،
بۇرچۇم بىلىپ تۈنۈتۈشنى قەلەم ئالغان تىلىم سەن .
شۈكرىمۇ يىل ئاشتى ئوندىن يىراق قىرلاردا ھامان،
قىنالساممۇ بۇشاشمىدىم، ئوتنى سالغان تىلىم سەن.
ــ ئوتقا مەپتۇندۇر سەمەندەر، لاۋا ئوت بەختىدۇر، ھەيھات!
شۇنچە تارتتىڭ مېھرىمنى سەن!
ياشنايدىغان تىلىم سەن!

ياشا!
ياشا!!
مىڭلاپ ياشا!!!
پاياندازىڭ مەن سېنىڭ!
كۆزۈمنىڭ گەۋھىرى كەبى ئاسرايدىغان تىلىم سەن!
بۇ ئاللاھىم بېغىشلىغان پاك ئەقىدەم، ۋەزىپەم،
زەررىچىلىك تەتۈر باقسام بولمايدىغان تىلىم سەن.
يازىمەن شۇڭا كىتاۋىم، ۋە لېكىن كۆپ خىجىلمەن،
تەسۋىرىڭنى مىڭ يىل يازسا پۈتمەيدىغان تىلىم سەن!
خەيرىيەت، كۆپ سۆيۈنۈشتىن تۇتالمىدىم ئۆزۈمنى،
شۇڭا جاننى مەرت ــ مەردانە پىدا قىلغان تىلىم سەن.
كۆرۈپ باققاي ئىزىز خەلقىم، ئىلھامىمۇ بوپ قالار،
شۇ ئارماندا ئاللاھقا كۆپ نىدا قىلغان تىلىم سەن.
سېنى شۇنچە سۆيىمەن ئەي ئانا تىلىم جان تىلىم!
سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان ئۇرغان تىلىم سەن !!!

**11 . 2 . 2007 تۈركىيە ــ ئىستانبۇل**